# جىھاد ئەھكاملىرى

قوام الدين :

كتاب يهدي ... وسيف ينصر



## تۈزگۈچى : ئابدۇسالام

تەقرىز:

ئابدۇلھەق داموللام

مۇفتى ئەبۇزەر ئەززام

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات مەركىزى

بسم الله الرحمن الرحيم

**الحمد لله وحده والصلاة والسلام على رسول الله اما بعد**

# ئابدۇلھەق داموللامنىڭ تەقرىزى

مەن مۆھتەرەم ئۇكىمىز ئابدۇسالامنىڭ جىھاد ئەھكاملىرى ناملىق كىتابىنى باشتىن ئاخىرى كۆرۈپ چىقتىم. بۇ كىتابتا جىھادنىڭ كۆپ قىسىم ئەھكاملىرى بايان قىلىنىپتۇ. بولۇپمۇ مۇرتەد كاپىرلارنىڭ ئەھكاملىرى مەسىلىسىدە خېلى كەڭرى توختۇلۇپتۇ. مەن ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنغان ۋە ياكى يېزىلغان كىتابلارنىڭ ئىچىدە جىھادنىڭ ئەھكاملىرى توغرىسىدا مۇنچىلىك كەڭرى توختالغان كىتابنى تېخى ئۇچراتمىدىم. جىھاد ئىبادىتىنى ئادا قىلىشقا بەل باغلىغان قېرىنداشلارنى جىھاد ئىبادىتىنى قۇرئان ۋە ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك ئادا قىلىشى ئۈچۈن مۇشۇ كىتابقا مۇراجىئەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ھەمدە الله دىن قېرىندىشىمىزنىڭ بۇ ئەمىلىنى قوبۇل قىلىشنى ۋە مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق قىلىپ بېرىشنى سورايمەن.

ـ ئابدۇلھەق داموللام

# ئۇستاز مۇپتي ئەبۇ زەر ئەززامنىڭ تەقرىزى

## بسم الله الرحمن الرحيم

**الحمد لله والصلاة والسلام على رسول الله**

الأمة  في أزمات متتالية وقد تداعت عليها الأمم.... فهل إلى خروج من سبيل ؟

قال الله تعالى: ﴿وَأَنَّ هَذَا صِرَاطِي مُسْتَقِيمًا فَاتَّبِعُوهُ وَلَا تَتَّبِعُوا السُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَنْ سَبِيلِهِ ذَلِكُمْ وَصَّاكُمْ بِهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾

قد اتفق أهل العلم والعقل قاطبة أن الجهاد هو السبيل .

وكان شيخ الإسلام ابن تيمية رحمه الله يقول: من فارق الدليل ضلّ السبيل.

فأين الدليل ؟

هذا السؤال يتطلّب جوابا يشفي العليل ويُروي الغليل...

جزى الله أخانا العزيز المجاهد عبد السلام سلمه الله حيث قام بهذا الواجب تجاه شعبه الجسور الغيور مسلمي تركستان الأيغور!

هذه الرسالة كتبت في كرّ و فرّ، في ميادين الجهاد والنضال ضد الصليبيين والمرتدين، لعلّها لا تجد قيمة عند الجالسين على الأرائک المُريحة الناعمة تحت المكيفات ...إلا أن النداءات التي يضمها هذا الكتاب تتطرّق إلى القلب المؤمن بإذن الله .

هذا الكتاب فيه جواب لكثير من المسائل التي تطرأ للمجاهد في سبيل الله تعالى . ولعلها أول كتاب في احكام الجهاد بلغة التركستانيين، يجمع بين طيّاته مسائل هامة معاصرة .فقه الجهاد ومعرفة مسائله فرض عين على كل مجاهد في سبيل الله ليكون على بصيرة في جهاده وثمراته ، في سلوكه وغزواته . نسأل الله التوفيق .

قرأ المؤلف عليّ هذه الرسالة من أولها إلى آخرها ففرحتُ وسررتُ جدّا؛ لأنه أخي ولم تلده أمي وما أحسن هذه الأخوّة التي تبنى على الإيمان! فأقول له ناصحا :

‘‘من صنّف فقد استُهدف’’ فينبغي لكلّ من يضع قدمه في هذا المجال أن لا يخاف لومة لائم ولا يغترّ بمدح المدّاحين، بل يسعى جاهدا خالصا لوجهه الكريم . اللهم

إلا الإصلاح فلا يُعرض عنه أبدا، فالإصلاح كله زين . أخي الحبيب عبد السلام مجاهد يحبّ العلم وأهله، وقليل ما هم! فأوصيه بتقوى الله في السرّ والعلن وأن لا ينساني في دعائه.

كتبتُ هذه الأسطر طلبا لمرضاة الله سبحانه وتعالى وتشجيعا لأخي الحبيب، الغازي في سبيل الله: عبد السلام بارك الله في علمه وعمله ونفع به الأمة وخاصة الشعبَ الأيغور : الشعبَ التركستانيَ المنسيَّ المظلوم .

ورحم الله عبدا قال آمينا ...

وصلى الله على حبيبنا محمد وعلى آله وصحبه أجمعين

أبو ذرّ عزّام عفا الله عنه

خراسان العزّ

**1-1-1438 من الهجرة**

## تەرجىمىسى:

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

گۈزەل ماختاش الله قا بولسۇن، رەھمەت ۋە سالام الله نىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن!

ئۈممەت مۇسىبەتلەر ئىچىدە. ھالبۇكى كاپىر ئۈممەتلەر مۇسۇلمانلارغا قارشى بىر-بىرىگە چاقىرىشىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا چىقىش يولى بارمۇ؟ الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى الله نىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (الله نىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ [153].﴾

بارلىق ئەھلى ئىلىملەر بۇنىڭ بىردىن بىر چىقىش يولىنىڭ جىھاد ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلدى.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:[ دەلىلدىن ئايرىلىپ قالغان كىشىلەر يولدىن ئېزىپ قالىدۇ.]

دەلىل قەيەردە؟ بۇ سۇئال كېسەلگە شىپا بېرىدىغان ۋە چاقىقىغان ئادەمگە قانائەت بېرىدىغان جاۋابنى تەلەپ قىلىدۇ.

الله ھۆرمەتلىك مۇجاھىد قېرىنداشىمىز ئابدۇسالامغا ئۆزىنىڭ جاسارەتلىك، غەيرەتمەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئالدىدىكى ۋاجىباتىنى ئادا قىلىشقا تۇرغانلىقى ئۈچۈن ياخشى مۇكاپاتلارنى بەرسۇن! ۋە سالامەت قىلسۇن! بۇ رىسالە مۇرتەدلەر ۋە سەلىبىلەرگە قارشى بولغان جىھاد مەيدانلىرىدا، ئارامسىزلىق ئىچىدە يېزىلدى.

بۇ رىسالە راھەت-پاراغەتلىك ئۆيلەر ۋە يۇمشاق ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغان كىشىلەرگە بەك قىممەتلىك بولمىسا كېرەك. لېكىن بۇ رىسالە ئۆز ئىچىگە ئالغان نىدالار الله نىڭ ئىزنى بىلەن مۆمىن كىشىلەر ئىچىدە يولىنى تاپىدۇ.

بۇ كىتاب، جىھاد ئەھكاملىرى ھەققىدە ھازىرقى زاماندىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تۈركىستانلىقلارنىڭ تىلىدا يېزىلغان تۇنجى كىتاب بولىشى مۇمكىن.

الله يولىدا جىھاد قىلىۋاتقان مۇجاھىدلارنىڭ ئۆز جىھادلىرىدا ۋە جىھادنىڭ نەتىجىلىرىدە بەسىرەت بىلەن مېڭىشى ئۈچۈن جىھاد فىقھىسى ۋە جىھاد مەسىلىلەرنى بىلىش پەرىز ئەيىندۇر.

الله تىن تەۋفىق سورايمىز.

مۇئەللىق بۇ كىتابنى ماڭا باشتىن-ئاخىرغىچە ئوقۇپ بەردى. مەن بەك خۇرسەن بولدۇم. چۈنكى ئۇ مېنىڭ الله يولىدىكى قېرىندىشىم بولىدۇ. ئىمان ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان قېرىنداشلىق نېمىدىگەن گۈزەل-ھە! مەن قېرىندىشىمغا ئېيتىدىغىنىم شۇكى- كىم كىتاب يازسا ئۇ نىشانغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىم شۇ مەيدانغا قەدەم قويسا مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامىتىدىن ۋە ماختىغۇچىلارنىڭ ماختاشلىرىدىن مەغرۇرلانماسلىقنى، بەلكى خالىس الله رىزاسى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

لېكىن ئىسلاھ بولسا بۇنىڭدىن ھەرگىز يۈز ئۆرىمىسۇن. ئىسلاھنىڭ ھەممىسى گۈزەلدۇر.

سۆيۈملۈك مۇجاھىد قېرىندىشىم ئابدۇسالام ئىلمنى ۋە ئىلىم ئەھلىنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنداق كىشىلەر بەك ئاز ئۇچرايدۇ. مەن قېرىندىشىمغا ئاشكارە ۋە مەخپىي ھالەتتە الله تىن كۆپ تەقۋالىق قىلىشنى ۋە مېنى دۇئاسىدا ئۇنتۇپ قالماسلىقنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بۇ بىر نەچچە قۇر خەتلەرنى الله نىڭ رىزاسى ئۈچۈن ۋە الله يولىدىكى غازى قېرىندىشىمنى ھىممەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە يازدىم. الله قېرىندىشىمىزنىڭ ئىلمىگە ۋە ئەمەللىرىگە بەرىكەت بەرسۇن ۋە قېرىندىشىمىز بىلەن ئۈممەتنى شۇ جۈملىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن، زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇر قەۋمىنى مەنپەئەتلەندۈرسۇن! الله ئامىن دېگەن بەندىگە رەھىم قىلسۇن!

ئەبۇ زەر ئەززام الله ئۇ كىشىنى ئەفۇ قىلسۇن!

ئىززەتلىك خۇراسان

1438-1-1

2016-10-2

بسم الله الرحمن الرحيم

# كىرىش سۆز

**الحمد لله وحده والصلاة والسلام على رسول الله اما بعد**

**قال الله تعالى ﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اتَّقُواْ اللّهَ حَقَّ تُقَاتِهِ وَلاَ تَمُوتُنَّ إِلاَّ وَأَنتُم مُّسْلِمُونَ ﴾ آل عمران**

**﴿ يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُواْ رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالاً كَثِيراً وَنِسَاء وَاتَّقُواْ اللّهَ الَّذِي تَسَاءلُونَ بِهِ وَالأَرْحَامَ إِنَّ اللّهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيباً ﴾ النساء**

**﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَقُولُوا قَوْلاً سَدِيداً ﴾ ﴿ يُصْلِحْ لَكُمْ أَعْمَالَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَمَن يُطِعْ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ فَازَ فَوْزاً عَظِيماً ﴾ الأحزاب**

قال رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَإِنَّ خَيْرَ الْحَدِيثِ كِتَابُ اللَّهِ وَخَيْرُ الْهُدَى هُدَى مُحَمَّدٍ وَشَرُّ الْأُمُورِ مُحْدَثَاتُهَا وَكُلُّ بِدْعَةٍ ضَلَالَةٌ.

**السلام عليكم ورحمة الله وبركاته**

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! الله ئىنسان ۋە جىنلارنى ئۆزىگە ھېچ قانداق شېرىك كەلتۈرمەستىن ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتى. الله بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾** ﴿ جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم [56].﴾

الله بۇ ئىلاھى ھەقىقەتنى ئىنسانلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى ۋە كىتابلارنى نازىل قىلدى.

**﴿ وَمَا أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلَّا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدُونِ﴾** ﴿ (ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق [25].﴾

الله پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىلىرىنى بايان قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ وَأَنْزَلْنَا مَعَهُمُ الْكِتَابَ وَالْمِيزَانَ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ وَأَنْزَلْنَا الْحَدِيدَ فِيهِ بَأْسٌ شَدِيدٌ وَمَنَافِعُ لِلنَّاسِ وَلِيَعْلَمَ اللَّهُ مَنْ يَنْصُرُهُ وَرُسُلَهُ بِالْغَيْبِ إِنَّ اللَّهَ قَوِيٌّ عَزِيزٌ (25)﴾**

﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق. تۆمۈرنى ياراتتۇق، (تۆمۈردىن ئۇرۇش قوراللىرى ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن) تۆمۈر كۈچ - قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار، اللە نى كۆرمەي تۇرۇپ (قوراللارنى ئىشلىتىپ) اللە قا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بەرگەنلەرنى بىلىش (مەلۇم قىلىش) ئۈچۈن (تۆمۈرنى ياراتتى)، اللە ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر [25].﴾

اللە ئىنسانلاردىن ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشنى ۋە اللە نىڭ شەرىئىتىنى ھەقىقىي رەۋىشتە يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئەڭ بۈيۈك ئەمەلنى تەلەپ قىلدى. اللە نىڭ پەيغەمبەرلىرى ھەر قانداق ئەزىيەتلەرگە قارىماستىن اللە نىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىپ ئىنسانلارنى اللە نىڭ رەببانى بۇيرىقىغا چاقىردى.

ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار! اللە نىڭ ئىنسانلاردىن تەلەپ قىلغان بۈيۈك تەلەپلەرنىڭ ئىجرا بولىشى ئۈچۈن اللە نىڭ كىتابىغا مۇستەھكەم ئېسىلىش ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىدىغان قىلىچ بولۇش كېرەك.

شۇنداق، ئىسلام دىنى اللە نىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ جانلىرى ۋە ماللىرىنى اللە يولىدا ئاتىغان پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى تەرىپىدىن كۆكلەپ كەلدى. بۇندىن 1437 يىل ئىلگىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ دەۋرىدە مەدىنىدە كىچىككىنە بىر ئىسلامىي دىيار بارلىققا كەلدى ۋە تەدرىجە ئىسلام نۇرى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىغا تارقالدى.

ئەمما، بۇ ئەسىردە بولسا ئىسلام ئەۋۋەلقى باشلانغىنىدەك ئەڭ غېرىبچىلىككە قايتتى. اللە نىڭ بەندىلىرىنى ئىمتىھان قىلىشى ۋە ئىنسانلارنىڭ اللە بۇيرىغان جىھاد ئىبادىتىنى تەرك قىلغانلىق سەۋەبلىك ئىلگىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ، ساھابىلەر ۋە كېيىنكى ئۇستازلىرىمىز قانلىرى بەدىلىگە پەتھى قىلغان ئىسلامىي دىيارلار مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن كېتىپ قالدى. شۇنداقلا مۇسۇلمانلارغا ئەڭ ئېچىنىشلىق كۈنلەر يېتىپ كەلدى. مانا بۇ خارلىقتىن قۇتۇلىشنىڭ يولى - جىھاد ئىكەنلىكىنى مېھرىبان رەببىمىز اللە ئىلاھى ۋەھيىلەر ئارقىلىق بىزلەرگە ئۇقتۇرۇپ بەرگەن ئىدى.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَاتِلُوهُمْ يُعَذِّبْهُمُ اللَّهُ بِأَيْدِيكُمْ وَيُخْزِهِمْ وَيَنْصُرْكُمْ عَلَيْهِمْ وَيَشْفِ صُدُورَ قَوْمٍ مُؤْمِنِينَ (14) وَيُذْهِبْ غَيْظَ قُلُوبِهِمْ وَيَتُوبُ اللَّهُ عَلَى مَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ (15)﴾

﴿ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىڭلار، الله ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن جازالايدۇ. الله ئۇلارنى خار قىلىدۇ، الله سىلەرنى ئۇلار ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ. (ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىپ، كاپىرلارنى جازالاپ) مۆمىن قەۋمنىڭ كۆڭلىگە شىپالىق (يەنى تەسەللى) بېرىدۇ [14]. ھەم ئۇلارنى دىللىرىدىكى ئاچچىقتىن خالاس قىلىدۇ. الله خالىغان ئادەمنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. الله ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [15]. ﴾

مانا بۇ جىھاد بولسا مۆئمىنلەرنى خارلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىلىرىگە شىپالىق بېغىشلايدىغان بۈيۈك بىر ئىبادەتتۇر. شۇنداقلا رەسۇلۇللاھ ﷺ خەۋەر بەرگىنىدەك ئىسلامنىڭ ئەڭ ئالىي چوققىسىدۇر.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! جىھاد ئىبادىتى بولسا الله ئىنسانلارغا ھەقنى ئېنىق بىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ رەببىنى تونىمىغان گەردەنكەش كاپىرلارغا قارشى قىلىدىغان بۈيۈك بىر ئىبادەتتۇر.

الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ لِلَّهِ فَإِنِ انْتَهَوْا فَإِنَّ الله بِمَا يَعْمَلُونَ بَصِيرٌ (39) ﴾

﴿ پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) يانسا، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرىدۇ [39].﴾

جىھاد الله قا ئىمان ئېيتقان رەھمان تەبارەك ۋەتەئالانىڭ قوشۇنلىرى بىلەن الله قا ئىمان كەلتۈرمىگەن كاپىرلار قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەقىدە ئۇرۇشىدۇر.

شۇڭلاشقا جىھاد پەقەت ئادەم ئۆلتۈرىدىغانلا ئۇرۇش بولماستىن بەلكى، الله نىڭ شەرئىتىنىڭ ئىجرا بولىشىغا توسالغۇ بولغان كۈچلەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇشتۇر.

الله بۇ ئىبادەتكە ئەھكاملارنى بەلگىلەپ بەرگەن. بىز بۇ ئىبادەتنى الله كۆرسەتكەن رەۋىشتە قىلىشىمىز ئۈچۈن بۇنىڭ شەرئىي دەلىللىرىنى بىلىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

ھەممىگە ئېرىشەلمىسەكمۇ ئازدىن ھەم مەھرۇم قالمايلى دېگەن مەقسەتتە جىھاد ئىبادىتى توغرىسىدا كەلگەن شەرئىي دەلىللەر ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى ھەققىدە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا ئەسلىتىشنى ئىراده قىلىپ بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم.

مەن ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاندا جىھاد ئىبادىتىنى قىلىش ئۈچۈن بەل باغلىغاندا، بۇ ئىبادەتنىڭ شەرئى بىلىملىرى توغرىسىدىكى دەرسلەرنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتىم. الله نىڭ رەھمىتى بىلەن ھىجرەت قىلىپ چىققاندىن كىيىن، جىھاد ساھاسىدىكى مەشھۇر ئالىملار بىلەن كۆرۈشۈپ دەرس ئالدىم ۋە ئۆزۈم كۆپ ئىزدىنىش ئارقىلىق تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ جىھاد ئىبادىتىنى توغرا ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ پايدىسى يېتىپ قارلار دېگەن ئۈمىدتە بۇ كىتابنى مىلادىيە 2013ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا تۈزۈپ چىقىشقا كىرىشتىم. جىھاد ئىبادەتلىرىمىز بىلەن ئالدىراش بولغانلىقىمىز ئۈچۈن مەلۇم مەزگىل ئىمكانىيىتىم چىقىپ بولالماي توختاپ قالدىم. لېكىن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە بۇ توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئىزدىنىشكە ئەھمىيەت بەردىم. ئاخىرى شۇنداق قىلىپ 2016ـ يىلى كىتابنى ئاخىرلاشتۇردۇم. ۋە بۇ كىتابنى شەرئى جەھەتتىن تەكشۈرۈش ئۈچۈن، تەجربە ۋە ئىلىم ئىگىلىرىدىن بولغان ئەمىرىمىز ئابدۇلھەق داموللامغا ۋە ئۇستاز ئەبۇزەر مۇفتىيغا سۇندۇم. ئۇلاردىن الله رازى بولسۇن!

مەن بۇ كىتابتا جىھاد ۋە ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇلىشى، جىھاد قىلغۇچىلارنىڭ پەزىلىتى، جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغۇچىلارنىڭ جىنايىتى، غەنىمەت توغرىسىدا، شەھىدلەر ئەھكاملىرى، قالقان مەسىلىسى توغرىسىدا، ئەسلى كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىش، مۇرتەد كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىش، دىن، جان ۋە مالغا تاجاۋۇز قىلغۇچىلارغا قارشى جىھاد قىلىش، قاراقچىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش، باغىيلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋە مۇناپىقلار ھۆكۈملىرى قاتارلىق جىھاد فىقھىلىرىگە ئالاقىدار بولغان مۇھىم مەسىلىلەرنى بايان قىلىشقا تىرىشتىم ۋە بۇ كىتابنىڭ ئىچىدىكى مەزمۇنلارنى بابلارغا ئايرىپ 12 بابقا جەملەپ چىقتىم.

بۇ كىتابتىكى دەرسلەر توغرا بولغان بولسا الله نىڭ پەزلىدىن، ئەمما قايسى بىر تەرەپ كىتاب سۈننەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بولسا بۇ مىنىڭ كەمچىلىكىمدىن، كەمچىلىكسىز ئىنسان بولمىغىنىدەك خاتالاشمايدىغان قەلەممۇ يوق. خاتالىقلىرىمىز ئۈچۈن ئاللاھتىن تەۋبە ئىستىغفار سورايمىز. شۇنداقلا جىھاد ئىشقىدا كۆيۈۋاتقان ئۇستاز قېرىنداشلارنىڭ تۈزۈتۈش بېرىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.

بۇ كىتابنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە باشقىلارغا تەۋسىيە قىلغان قېرىنداشلارغا اللە نىڭ رەھمىتى، مەغفىرىتى ۋە ئىھسانىنى تىلەيمەن. شۇنداقلا بۇ كىتابنىڭ نەشىردىن چىقىشى ۋە تارقىلىتىشىغا خالىس كۈچ چىقىرىپ ياردەم قىلغان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنى سالىھ دۇئالىرىڭىزدا ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭلارنى تۆۋەنچىلىك بىلەن تەۋسىيە قىلىمەن!

ئاخىرىدا، مېھرىبان رەببىمىز اللە دىن ئىسلام دىنىنى ئۆزى بۇيرىغاندەك چۈشىنىش نېئمىتىنى ئاتا قىلىپ بېرىشىنى ۋە ئىسلام دىنىغا كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ئەمەل قىلىشقا ياردەم بېرىشىنى سورايمەن.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا، مۇجاھىدلارغا، مۇجاھىدلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىغا، شەھىدلەرنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، بولۇپمۇ، زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئاجىز، بىچارە مۇسۇلمانلارغا ۋە كاپىرلارنىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا يېتىۋاتقان مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا اللە ئۆزى ئىگە بولۇپ رەھىم قىلىشىنى، ئۇلارغا سەبىر ئاتا قىلىشىنى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىشىنى ۋە نېئمەتلىك جەننەتلەرگە مۇيەسسەر قىلىشىنى سورايمەن. ئامىين!

1438-1-3 2016-10-5

مۇندەرىجە


ئابدۇلھەق داموللامىنىڭ تەقرىزى ........................................ 1

ئۇستاز مۇپتىي ئەبۇ زەر ئەززامىنىڭ تەقرىزى ................................. 2

كىرىش سۆز ........................................................ 6

مۇندەرىجە ........................................................ 11

1 ـ باب الله يولىدا جىھاد قىلغۇچىلارنىڭ پەزىلىتى ۋە جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغۇچىلارنىڭ جازاسى توغرىسىدا ........................................ 16

1. الله يولىدا جىھاد قىلغۇچىلارنىڭ پەزىلىتى ................................ 16

2. الله يولىدىكى جىھاد ئىبادىتىدىن ئولتۇرۇپ قالغۇچىلارنىڭ جىنايىتىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........................................ 20

2 ـ باب جىھاد ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا ...................................... 24

جىھاد ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........................................ 24

جىھاد سۆزىنىڭ لۇغەت ۋە شەرىئەتتىكى مەنىسى ................................ 24

الله يولىدا قىلىنىدىغان جىھادنىڭ باسقۇچلىرى ................................ 24

نەپسىگە ۋە شەيتانغا قارشى جىھاد قىلىش ئىككى باسقۇچ بىلەن بولىدۇ ............ 24

الله يولىدىكى جىھادنىڭ ھۆكمى ........................................ 26

تەلەپ جىھادى ........................................................ 27

مۇداپىئە جىھادى ........................................................ 29

جامائەتلەر بۆلۈنۈپ كەتكەن ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىختىلاپلار بار بولغان ھالەتلەردىمۇ جىھاد قىلىش پەرزىمۇ ؟ ........................................ 38

3 ـ باب جان، مال ۋە تىل بىلەن جىھاد قىلىش توغرىسىدا ............................ 40

جان بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ پەرزلىكى توغرىسىدا ................................ 40

ئاياللارغا جىھاد پەرز بولامدۇ؟ ........................................ 43

ئاياللار ئىستىشھادى (يەنى پىدائىي) ئەمەلىيىتى قىلسا بولامدۇ؟.................. 46

پۇل ـ مال بىلەن جىھاد قىلىش توغرىسىدا ...................................... 48

مۇجاھىدلارغا تەۋسىيە ........................................................ 55

تىل بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ پەزىلىكى توغرىسىدا ........................55

ئالىملار تىلى بىلەن جىھاد قىلسا، ئۇلاردىن جان ۋە مال بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ پەزىلىكى چۈشۈپ كېتەمدۇ؟ ........................58

رەسۇلۇللاھ ﷺ قاتناشقان جەڭلەر........................ 60

4 ـ باب شېھىدلەرنىڭ ئەھكاملىرى ........................66

شېھىدلىكنىڭ تۈنۈشتۇرۇلىشى ........................ 66

شېھىدلەرنىڭ تۈرلىرى ........................ 67

شېھىدلىكنىڭ شەرتلىرى ........................68

مۇرتەس (ئېغىر دەرىجىدە ياردار بولغان كىشى) نىڭ ھۆكمى ........................ 69

كىفەنلەش، يۇيۇش ۋە دەپنە قىلىش ........................71

شېھىدلارغا ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى ........................ 72

الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شېھىدنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا........................ 74

5 ـ باب غەنىمەت توغرىسىدا ........................81

كاپىرلاردىن ئېلىنغان مال ـ مۈلۈكنىڭ شەرئىي تەقسىماتلىرى ........................83

ئۇرۇش قىلماستىن قولغا كەلگەن مال ـ مۈلۈكنىڭ ھۆكمى ........................85

غەنىمەتكە خىيانەت قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى ........................86

كاپىرلاردىن كەلگەن سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلىش جائىزمۇ؟ ........................ 90

6 ـ باب ئەسلى كاپىرلار توغرىسىدا ........................92

كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ماللىرى توغرىسىدا........................ 92

كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ ماللىرى توغرىسىدىكى دەلىللەر........................ 92

كاپىرلار ئەسكەر ۋە پۇقرا (خەلق) دەپ ئايرىلامدۇ؟ ........................ 105

مۇجاھىدلارنىڭ ھۇجۇم نىشانلىرى ۋە شەرئى تاكتىكىلار توغرىسىدا ........................ 106

جەڭنىڭ ئەدەپلىرى ھەققىدە ........................ 111

مۇجاھىدلار راستىنلا تىرورچىمۇ، ئۇلارنىڭ نىشانى پەقەت ئادەم ئۆلتۈرۈشمۇ؟ ........................ 112

كاپىرلارنىڭ ئايال ـ بالىلىرىنىڭ ھۆكمى ........................ 113

خۇلاسە ........................................ 120

كاپىرلارنىڭ ئەسىرلىرى توغرىسىدا ........................ 123

مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى فىدىيە بېرىپ قۇتۇلدۇرۇش ۋە ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنى ئەسىرلىكتىن خالاس قىلىش ھەققىدە ........................................ 126

كاپىرلارغا ئۇرۇش قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى ئىسلامغا ........................ 129

دەۋەت قىلىش ........................................ 129

ئۇرۇشتا كاپىرلاردىن ياردەم سوراش توغرىسىدا ........................ 134

كاپىرلار بىلەن سۈلھى قىلىش توغرىسىدا ........................ 137

ئۇرۇش قىلماسلىقتا سۈلھى تۈزۈلمىگەن كاپىرلارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ دۇرۇسلۇقى ... 145

ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلار توغرىسىدا ........................ 146

7-باب كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى قالقان قىلىۋېلىش مەسىلىسى توغرىسىدا ............149

قالقان مەسىلىسىدە ئالىملار ئوتتۇرغا قويغان شەرتلەر ........................ 156

مۇجاھىدلار جىھادى ئەمەلىيەتلەرنى ئېلىپ بارغاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان نۇقتىلار ........................................ 157

مۇجاھىدلار جىھادى ئەمەلىيەتلەرنى ئېلىپ بارغاندا قالقان قىلىنغان مۇسۇلمانلار ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىپ قالسا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ ........................ 158

قالقان قىلىنغان مۇسۇلمانلار، مۇجاھىدلار ئوقلىرى سەۋەبلىك ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىپ قالسا، ئۇلارنىڭ دىيىتىنى ۋە ياكى كاففارىتىنى بېرىشكە توغرا كېلەمدۇ؟ ........................ 159

8- باب مۇرتەدلەر ئەھكاملىرى ........................................160

مۇرتەدلەرنىڭ تونۇشتۇرۇلىشى ........................................ 160

مۇرتەدلەر «لاإلہ الا الله » تەۋھىد كەلىمىسىنى دەيدىغان كىشىلەر تۇرسا، ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرىمىز ۋە ھالبۇكى رەسۇللاھ مۇنداق دېگەن تۇرسا دېگەن شۈبھىگە رەددىيە 160

مۇرتەدلەرنى ئۆلتۈرۈشنىڭ شەرئىي ھۆكمى توغرىسىدا ........................ 165

مۇرتەدلەرنىڭ تۈرلىرى ........................................ 168

مۇرتەد ئاياللارنىڭ شەرئىي ھۆكمى توغرىسىدا ........................ 171

مۇرتەدلەرنىڭ ئاياللىرىنى قۇل قىلىشقا بولامدۇ؟ ........................ 173

مۆرتەدلەرنىڭ باللىرىنىڭ ئەھكاملىرى .................. 174

مۆرتەدلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى قۇل قىلىشقا بولامدۇ؟ .................. 176

بىر ئادەمنى مۆرتەد دېيىش ئۈچۈن كېتىدىغان شەرتلەر توغرىسىدا.................. 177

مۆرتەدلەردىن تەۋبە تەلەپ قىلىشنىڭ ئەھكاملىرى .................. 182

مۆرتەدلەرنى تەۋبە تەلەپ قىلماستىن ئۆلتۈرۈۋېتىش جائىزمۇ ؟ .................. 183

مۆرتەدلەرنىڭ تەۋبە قىلىش كەيپىيىتى ھەققىدە .................. 184

مۆرتەدلەرنى ئۆلتۈرۈش كىملەرگە دۇرۇس بولىدۇ؟.................. 187

مۆرتەدلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا .................. 192

مۆرتەدلەرنىڭ مىراسى توغرىسىدا.................. 194

مۆرتەدلەرنىڭ نىكاھ مەسىلىسى توغرىسىدا.................. 195

ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتكەن ۋە شانۇ ـ شەۋكەت بىلەن قوغدىنىۋالغان مۆرتەدلەر ھەققىدە198

مۆرتەد ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتكەن تەرەپلىرى .................. 199

مۆرتەدلەرنىڭ باشلىقلىرى بىلەن ئەگەشكۈچىلىرى ھەممىسى ئۆلتۈرۈش ھۆكمىدە ئوخشاش
.................. 208

مۆرتەد ھاكىمىيەتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا.................. 212

مۆرتەد ھاكىمىيەتلەردىن تەۋبە تەلەپ قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا .................. 217

مۆرتەد دۆلەتلەر بىلەن سۈلهى قىلىش توغرىسىدا .................. 218

مۆرتەد ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئەسىرلىرى توغرىسىدا.................. 221

پىلانلىق تۇغۇت ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقانلار ھەققىدە.................. 223

تاغۇت ئەسكەرلىرىگە رىسالە .................. 229

9 ـ باب دىن، جان، يۈز ـ ئابروي ۋە مالغا تاجاۋۇز قىلغۇچىلارغا جىھاد قىلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا ..................235

10 ـ باب قاراقچىلار ۋە بۇلاڭچىلارغا ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا ..................241

11 ـ باب مۇناپىقلار توغرىسىدا.................. 245

مۇناپىقلارنىڭ ھۆكمى نېمە؟.................. 249

مۇناپىقلار ھەققىدىكى خۇلاسە.......................... 251
12 ـ باب باغىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدا ............................253

بسم الله الرحمن الرحيم

**الحمد لله وحده والصلاة والسلام على رسول الله اما بعد**

# 1ـ باب الله يولىدا جىهاد قىلغۇچىلارنىڭ پەزىلىتى ۋە جىهادتىن ئولتۇرۇپ قالغۇچىلارنىڭ جازاسى توغرىسىدا

## 1. الله يولىدا جىهاد قىلغۇچىلارنىڭ پەزىلىتى

مەن بۇ كىتابتا ئالدى بىلەن، الله نىڭ جامالىنى كۆرۈشكە ھەقىقى ئاشىق بولغان ۋە الله نىڭ ئازابىدىن قورقىدىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا، مۇجاھىدقا ئاخىرەتتە تەييارلانغان ساۋابلار، شېھىدلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتلار، جىهاد ئىبادىتىنى تەرك قىلغۇچىلارنىڭ جىنايەتلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە بايان قىلىنغان ئايەت ۋە ھەدىسلەردىنى ئازراق بايان قىلەپ ئۆتۈشنى توغرا كۆردۈم.

الله ئۆز بەندىلىرىنى بىردىن ـ بىر قوبۇل قىلىنىدىغان دىن، ئىسلام دىنىغا مۇكەممەل ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنداقلا بەندىلەرنىڭ تەبىئەتلىرىنى بىلگەچكە، ئىبادەتكە ئاتلىنىش جەريانىدا چارچاپ قالماسلىقى ۋە تېخىمۇ مۇستەھكەم تۇرۇشى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلغۇچى بەندىلىرگە، دۇنيادا ۋە مەڭگۈلۈك ياشاش ھاياتى بولغان ئاخىرەتتە، نۇرغۇنلىغان مۇكاپاتلارنى بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

ئى ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم ۋە ئىمانى بۇرادەرلىرىم! الله سۇبھانەھۇۋەتەئەلا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس زېمىنلىرى، ئىسلامي شەھەرلىرىنى قوغداشتا جىهادنىڭ پەرزلىكى ۋە مۇھىملىقى، مۇجاھىدقا ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان ساۋابلار ۋە پەزىلەتلەرنى؛ جىهاد ئىبادىتىنى تەرك قىلغۇچىلارنىڭ جىنايەتلىرىنى ۋە ئاقىۋەتلىرىنى ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئايەتتە بايان قىلدى. شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ﷺ مۇ ھەدىس شەرىپلەردە جىهاد ئىبادىتىنى قىلغۇچىلارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ۋە جىهاد ئىبادىتىنى تەرك قىلغۇچىلارنىڭ جىنايىتىنى نۇرغۇن ھەدىسلەردە بايان قىلغان.

الله قۇرئاندا ھەقىقى مۆئمىن بەندىلىرىنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ آمَنُوا بالله وَرَسُولِهِ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُوا وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ لله أُوْلَئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ**﴾ ﴿شۇبھىسىزكى، (ھەقىقي) مۇئمىنلەر الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان

كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىماندا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر» [15].﴾

دېمەك، جىھاد ئىبادەت ئىماندا سادىقلىقنىڭ بەلگىسى ئىكەن.

جىھاد ئىبادىتىنى قىلغۇچىلارغا الله دۇنيادىكى غەلىبە نۇسرەتلەرنى ۋە ئاخىرەتتىكى بۈيۈك ئەجرى مۇكاپاتلارنى ۋەدە قىلدى.

**﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَى تِجَارَةٍ تُنجِيكُم مِّنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ{10} تُؤْمِنُونَ بالله وَرَسُولِهِ وَتُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ لله بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ{11} يَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَيُدْخِلْكُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ وَمَسَاكِنَ طَيِّبَةً فِي جَنَّاتِ عَدْنٍ ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ{12} وَأُخْرَى تُحِبُّونَهَا نَصْرٌ مِّنَ لله وَفَتْحٌ قَرِيبٌ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ{13}﴾**

﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ [10]. الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار، سىلەر ئۇچۇن بۇ ياخشىدۇر [11]. (شۇنداق قىلساڭلار) الله سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا (تۇرغۇزىدۇ)، بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر [12]. سىلەرگە (مەرھەمەت قىلىنىدىغان) سىلەر ياخشى كۆرۈدىغان ئىككىنچى بىر نېمەت الله تىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋە يېقىن غەلىبە (يەنى مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى) دۇر، (ئى مۇھەممەد!) مۇئمىنلەرگە (بۇ روشەن مەرھەمەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن [13].﴾ (سۈرە سەف)

الله يۇقارقى ئايەتتە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئايەتلەردە جىھاد ئىبادەتنى قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ساۋابلارنىڭ بارلىقىنى بايان قىلدى. ئەگەر بىز بۇ ھەقتىكى ئايەتلەرنى بايان قىلساق بۇ ۋاراقچىلار ئازلىق قىلىدۇ. ۋە لېكىن الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمانى بار قېرىنداشلار ئەلۋەتتە

بۇ پەزىلەتلەرگە ئىنتىلىدۇ.

الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَفِي ذَلِكَ فَلْيَتَنَافَسِ الْمُتَنَافِسُونَ (26)﴾ ﴿قىزىققۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن!﴾ (سۈرە مۇتەففىفىن)

رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەم ئىلاھىي ۋەھىيلەر ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ھەدىسى مۇبارەكلىرىدە بۇ ئىبادەتكە بېرىلىدىغان ئالىي مۇكاپاتلارنى بايان قىلدى. بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ ھەممىنى بۇ جايدا كەلتۈرسەك كىتاب ئۇزىراپ كېتىدۇ. ئەمما مەن تۆۋەندە بۇ ھەقتە كەلگەن پەزىلەتلىك ھەدىسلەردىن بىر قانچىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن. مانا بۇ ھەدىسلەر بولسا ئىنشا الله ، الله قا ھەقىقىي ئىمانى بار مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى الله يولىدىكى جىھاد ئىبادىتىگە ئاتلاندۇرىدۇ.

6091 – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ رَسُولَ الله صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَا يَجْتَمِعَانِ فِي النَّارِ مُسْلِمٌ قَتَلَ كَافِرًا ثُمَّ سَدَّدَ وَقَارَبَ وَلَا يَجْتَمِعَانِ فِي جَوْفِ مُؤْمِنٍ غُبَارٌ فِي سَبِيلِ الله وَفَيْحُ جَهَنَّمَ وَلَا يَجْتَمِعَانِ فِي قَلْبِ عَبْدٍ الْإِيمَانُ وَالْحَسَدُ.

6091 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:«الله يولىدا (يەنى جىھادتا) كاپىرنى ئۆلتۈرگەن، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ۋە ئوتتۇراھال يول تۇتقان مۇسۇلمان (دوزاختا) كاپىر بىلەن جەم بولمايدۇ. مۇئمىننىڭ قورسىقىدا الله يولىدا كىرىپ كەتكەن چاڭ ـ توزاڭ بىلەن جەھەننەمنىڭ تۈتۈنى جەم بولمايدۇ. الله قا ئىمان كەلتۈرگەن بىر مۇئمىننىڭ قەلبىدە ئىمان بىلەن ھەسەت جەم بولمايدۇ». (نەسائى: 3109)

عَنْ عِمْرَانَ بن حُصَيْنٍ أَنَّ رَسُولَ الله صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: ''مَقَامُ الرَّجُلِ فِي الصَّفِّ فِي سَبِيلِ الله أَفْضَلُ مِنْ عِبَادَةِ سِتِّينَ سَنَةٍ''.

ئىمران ئىبنى ھۇسەين ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىراۋنىڭ الله يولىدىكى مۇجاھىدلار سېپىدە تۇرغىنى 60 يىل ئىبادەت قىلغىنىدىن ئەۋزەلدۇر». («ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ لله عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ الله صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ آمَنَ بالله وَبِرَسُولِهِ وَأَقَامَ الصَّلَاةَ وَصَامَ رَمَضَانَ كَانَ حَقًّا عَلَى الله أَنْ يُدْخِلَهُ الْجَنَّةَ جَاهَدَ فِي سَبِيلِ الله أَوْ جَلَسَ فِي أَرْضِهِ الَّتِي وُلِدَ فِيهَا فَقَالُوا يَا رَسُولَ الله أَفَلَا نُبَشِّرُ النَّاسَ قَالَ إِنَّ فِي الْجَنَّةِ مِائَةَ دَرَجَةٍ أَعَدَّهَا الله لِلْمُجَاهِدِينَ فِي سَبِيلِ الله مَا بَيْنَ الدَّرَجَتَيْنِ كَمَا بَيْنَ السَّمَاءِ

وَالْأَرْضِ فَإِذَا سَأَلْتُمُ الله فَاسْأَلُوهُ الْفِرْدَوْسَ فَإِنَّهُ أَوْسَطُ الْجَنَّةِ وَأَعْلَى الْجَنَّةِ أُرَاهُ فَوْقَهُ عَرْشُ الرَّحْمَنِ وَمِنْهُ تَفَجَّرُ أَنْهَارُ الْجَنَّةِ. رواه البخاري.

ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله قا، الله نىڭ ئەلچىسىگە ئىمان كەلتۈرسە، ناماز ئوقۇپ زاكات بەرسە، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتسا، ئۇ الله يولىدا جىھاد قىلسۇن ياكى ئۆزى تۇغۇلغان زېمىندا مۇقىم ئولتۇرسۇن، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش الله نىڭ ئۈستىگە ھەق بولىدۇ، يەنى الله ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.» ئۇلار: «بۇنىڭ بىلەن خۇش ـ خەۋەر بەرمەيلىمۇ؟» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ دېگەن: «ھەقىقەتەن جەننەتتە 100 دەرىجە بار بولۇپ، الله ئۇ دەرىجىلەرنى الله يولىدا جىھاد قىلغان مۇجاھىدلار ئۈچۈن تەييارلاپ قويغاندۇر، ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرق، ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتەك چوڭدۇر، الله دىن سوراپ قالساڭلار فىردەۋس دېگەن جەننەتنى سوراڭلار، ھەقىقەتەن بۇ جەننەت جەننەتلەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا شۇنداقلا ئەڭ ئۈستىدە، باشقا جەننەتلەرنىڭ ئۈستەڭلىرى مۇشۇ جەننەتتىن ئېقىپ چىقىدۇ.» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ أَنَّ رَسُولَ الله صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ يَا أَبَا سَعِيدٍ مَنْ رَضِيَ بالله رَبًّا وَبِالْإِسْلَامِ دِينًا وَبِمُحَمَّدٍ نَبِيًّا وَجَبَتْ لَهُ الْجَنَّةُ فَعَجِبَ لَهَا أَبُو سَعِيدٍ فَقَالَ أَعِدْهَا عَلَيَّ يَا رَسُولَ لله فَفَعَلَ ثُمَّ قَالَ وَأُخْرَى يُرْفَعُ بِهَا الْعَبْدُ مِائَةَ دَرَجَةٍ فِي الْجَنَّةِ مَا بَيْنَ كُلِّ دَرَجَتَيْنِ كَمَا بَيْنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ قَالَ وَمَا هِيَ يَا رَسُولَ لله قَالَ الْجِهَادُ فِي سَبِيلِ الله الْجِهَادُ فِي سَبِيلِ الله .

ئەبۇ سەئىد خۇدرى ﷺ دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ : ئى ئەبۇ سەئىد! كىمكى پەرۋەردىگارىنىڭ الله ، دىنىنىڭ ئىسلام، پەيغەمبىرىنىڭ مۇھەممەد ﷺ بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ. ـ دېدى. مەن بۇ سۆزدىن ھەيران قېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ سۆزنى ماڭا قايتا ئېيتىپ بەرسەڭ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ قايتا ئېيتىپ بەردى. ئاندىن: يەنە بىر ئەمەل باركى، بەندىنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىسى ئۇ ئەمەل بىلەن يۈز دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ. ھەربىر دەرىجىنىڭ ئارىلىقى ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك كېلىدۇ.ـ دېدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ قايسى ئەمەل؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ﷺ : الله يولىدا جىھاد قىلىشتۇر، الله يولىدا جىھاد قىلىشتۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى. (مۇسلىم: 1884)

وَعَنْ أَنَسٍ رضي الله عنه أَنَّ اَلنَّبِيَّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: " جَاهِدُوا اَلْمُشْرِكِينَ بِأَمْوَالِكُمْ، وَأَنْفُسِكُمْ، وَأَلْسِنَتِكُمْ" رَوَاهُ أَحْمَدُ، وَالنَّسَائِيُّ، وَصَحَّحَهُ اَلْحَاكِمُ

ئەنەس ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇشرىكلارغا قارشى ماللىرىڭلار، جانلىرىڭلار ۋە تىللىرىڭلار بىلەن جىهاد قىلىڭلار.» (ئەھمەد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان)

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئەگەر بىز مۇجاھىدلارنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتلار ھەققىدە توختىلىدىغان بولساق ئىنتايىن كۆپ، لېكىن يۇقارقى دەلىللەر الله قا ھەقىقى ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە ئەمەل قىلىشقا ئىنتىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

## 2. الله يولىدىكى جىهاد ئىبادىتىدىن ئولتۇرۇپ قالغۇچىلارنىڭ جىنايىتىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكى توغرىسىدا

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! الله جىهاد ئىبادىتىنى قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىنى يۇقىرى قىلغىنىدەك، جىهاد ئىبادىتىدىن ئۆزرىسىز ئولتۇرۇپ قالغۇچىلارنىڭ جىنايىتىنى ھەم بەك ئېغىر قىلدى.

**فقال تعالى ﴿ قُلْ إِن كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَآؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُم مِّنَ الله وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُواْ حَتَّى يَأْتِيَ الله بِأَمْرِهِ وَالله لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ ﴾**

﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلار (ھەممە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل - ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن الله تىن، الله نىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە الله نىڭ يولىدا جىهاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى الله نىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى (يەنى الله

نىڭ دىنىنىڭ چەك - چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ»
[24]. ﴾ سۈرە تەۋبە

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ مَا لَكُمْ إِذَا قِيلَ لَكُمُ انفِرُواْ فِي سَبِيلِ الله اثَّاقَلْتُمْ إِلَى الأَرْضِ أَرَضِيتُم بِالْحَيَاةِ الدُّنْيَا مِنَ الآخِرَةِ فَمَا مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا فِي الآخِرَةِ إِلاَّ قَلِيلٌ[38] إِلاَّ تَنفِرُواْ يُعَذِّبْكُمْ عَذَابًا أَلِيمًا وَيَسْتَبْدِلْ قَوْمًا غَيْرَكُمْ وَلاَ تَضُرُّوهُ شَيْئًا وَالله عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ[39]﴾

﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە الله نىڭ يولىداجىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە، نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى (بەخت ) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېئمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەرزىمەس نەرسىدۇر [38] .ئەگەر سىلەر جىھادقا چىقمىساڭلار الله سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. سىلەرنى ھالاك قىلىپ ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، سىلەر الله غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، الله ھەرنەرسىگە قادىردۇر[39]. ﴾ (سۈرەتەۋبە)

ئىمام قۇرتۇبى بۇ ئايەتنى شەرھىلەپ مۇنداق دەيدۇ:[ بۇ ئايىتى كەرىمە جىھادنى تەرك ئەتكەن، جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغان، جىھادقا چىقىشقا ئالدىرىمىغان كىشىلەرگە الله تەرىپىدىن بېرىلگەن ئەيىبلەش ۋە سۆكۈشتۇر. ﴿اثَّاقَلْتُمْ إِلَى الأَرْضِ﴾ ﴿يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟﴾ دېگەن سۆزى:«زېمىننىڭ نېئمەتلىرىگە، بۇ يەردە يەرلىشىپ قىلىشقا رازى بولدۇڭلارمۇ» ـ دېگەن بولىدۇ.

ئىمام (يەنى مۇئمىنلەر ئەمىرى) بىرەر قەۋمگە مۇئەييەنلەشتۇرۇپ، جىھادقا ئەمىر قىلسا، ئۇلارنىڭ جىھادقا ئېغىرلىق قىلىشى جائىز بولمايدۇ. چۈنكى، ئىمامنىڭ جىھادقا بۇيرىشى بىلەن جىھاد ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پەرز ئەين بولىدۇ.]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَرِحَ الْمُخَلَّفُونَ بِمَقْعَدِهِمْ خِلَافَ رَسُولِ الله وَكَرِهُوا أَنْ يُجَاهِدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ الله وَقَالُوا لَا تَنْفِرُوا فِي الْحَرِّ قُلْ نَارُ جَهَنَّمَ أَشَدُّ حَرًّا لَوْ كَانُوا يَفْقَهُونَ (81) فَلْيَضْحَكُوا قَلِيلًا وَلْيَبْكُوا كَثِيرًا جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ (82) فَإِنْ رَجَعَكَ الله إِلَى طَائِفَةٍ مِنْهُمْ فَاسْتَأْذَنُوكَ لِلْخُرُوجِ فَقُلْ لَنْ تَخْرُجُوا

مَعِيَ أَبَدًا وَلَنْ تُقَاتِلُوا مَعِيَ عَدُوًّا إِنَّكُمْ رَضِيتُمْ بِالْقُعُودِ أَوَّلَ مَرَّةٍ فَاقْعُدُوا مَعَ الْخَالِفِينَ (83) وَلَا تُصَلِّ عَلَى أَحَدٍ مِنْهُمْ مَاتَ أَبَدًا وَلَا تَقُمْ عَلَى قَبْرِهِ إِنَّهُمْ كَفَرُوا بالله وَرَسُولِهِ وَمَاتُوا وَهُمْ فَاسِقُونَ (84)﴾

﴿رەسۇلۇللاھقا خىلاپلىق قىلىپ (تەبۇك غازىتىغا چىقماي) قېلىپ قالغانلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆيلىرىدە بەخىرامان ئولتۇرغانلىقلىرى بىلەن خۇشال بولۇشتى، ئۇلار الله نىڭ يولىدا ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشنى ياقتۇرمىدى، ئۇلار (بىر-بىرىگە): «ئىسسىقتا چىقماڭلار» دېيىشتى. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىزىقتۇر. ئەگەر ئۇلار چۈشىنىدىغان بولسا، (ئەلۋەتتە ئىسسىقتا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە چىقاتتى)» (81). ئۇلار قىلمىش (گۇناھ)لىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن، ئاز كۈلسۇن، كۆپ يىغلىسۇن (82). ئەگەر الله سېنى (تەبۇك غازىتىدىن) قايتۇرۇپ (ئۆزرىسىز قېلىپ قالغان مۇناپىقلاردىن) بىر تۈركۈمىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارسا، ئۇلار (ئىككىنچى بىر غازاتقا) چىقىشقا سەندىن ئىزنى سورىسا، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر مەن بىلەن بىللە مەڭگۈ (غازاتقا) چىقماڭلار، ھەرگىز مەن بىلەن بىللە چىقىپ ئۇرۇش قىلماڭلار. شۈبھىسىزكى، سىلەر دەسلەپكى قېتىمدا (چىقماي، ئۆيۈڭلاردا بەخىرامان) ئولتۇرۇشقا رازى بولدۇڭلار، ئەمدى (غازاتقا چىقماي) قېلىپ قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كىچىك بالىلار) بىلەن ئولتۇرۇڭلار» (83). (ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن، (دەپنە قىلىش، زىيارەت ياكى دۇئا ئۈچۈن) ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن! چۈنكى، ئۇلار الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار پاسىق ھالىتى بىلەن ئۆلدى 84.﴾ (سۈرە تەۋبە)

الله سىزگە رەھمەت قىلسۇن! بۇ ئايەت كەرىمىدىكى جىھادتىن ئارقىدا قالغان، ئۇنىڭغا چىقماي ئولتۇرۇۋالغان، جىھاد ئۈچۈن پۇل-مال سەرپ قىلىشنى يامان كۆرگەن كىشىلەرگە بېرىلگەن قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك ۋەدە، چوڭ خارلىق ۋە ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىغا قاراڭ!

عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم (من مات ولم يغز، ولم يحدث به نفسه، مات على شعبة من نفاق). رواه مسلم.

ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:«كىمكى غازاتقا چىقماي ۋە غازات قىلىشنى كۆڭلىگىمۇ كەلتۈرمەي ئۆلسە، نىپاق ئالامەتلىرىدىن بىرىنىڭ ئۈستىدە ئۆلگەن بولىدۇ». (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ: [بۇ ھەدىس بىزلەرگە جىھاد ئىبادىتىنى تاشلاش بولسا مۇناپىقلىقنىڭ سۈپىتى ئىكەنلىكىنى روشەنلەشتۈرۈپ بىرىدۇ] دەيدۇ. (مەجمۇئۇل فەتىۋا 28-436 بەت)

ئىبنى ئۆمەر ﷺ دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن «إِذَا تَبَايَعْتُمْ بِالْعِينَةِ وَأَخَذْتُمْ أَذْنَابَ الْبَقَرِ وَرَضِيتُمْ بِالزَّرْعِ وَتَرَكْتُمُ الْجِهَادَ سَلَّطَ الله عَلَيْكُمْ ذُلاًّ لاَ يَنْزِعُهُ حَتَّى تَرْجِعُوا إِلَى دِينِكُمْ» «جازانە ئارىلاش سودا بىلەن شۇغۇللانساڭلار، ( پەرزئەيىن بولغان) جىھادنى تەرك ئېتىپ چارۋا - ماللارنى بېقىش ۋە كۆپەيتىش بىلەن مەشغۇل بولساڭلار ۋە تېرىقچىلىق بىلەن قانائەتلەنسەڭلار، الله تائالا شۇنداق بىر خارلىققا مۇپتىلا قىلىپ قويۇدىكى، تاكى سىلەر دىنىڭلارغا قايتمىغۇچە (يەنى دىنىڭلار كۆرسىتىپ بەرگەن جىھاد ئىبادىتىنى ئادا قىلمىغۇچە) ئۇ خارلىقنى ئۈستۈڭلاردىن كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ.» (ئۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد ياخشى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىغا نىسبەت بەرگەن)

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم! سىز شۇنى كۆرىۋالالايسىزكى، جىھادنى تەرك ئېتىش مۇسۇلمانلارنىڭ خارلىققا قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر. بۇنى ئۆزگەرتىش جىھادقا قايتىش بىلەن بولىدۇ. بولۇپمۇ تاغۇتلارغا جىھاد قىلىشتەك پەرز ئەيىن بولغان جىھادقا قايتىش بىلەن بولىدۇ.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! جىھادتىن ئۆزرىسىز ئولتۇرۇپ قالغۇچىلارنىڭ جازاسى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئېغىر ئىكەنلىكى ھەققىدە كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. مەن يۇقارقى دەلىللەرنى كەلتۈرۈش بىلەن كۇپايىلەندىم. ۋە لېكىن قېرىنداشلىرىمغا بولغان تەۋسىيەلىرىم- جىھاد ئىبادىتىدىن ئۆزرىسىز ئولتۇرۇپ قالمايلى! الله ھەممىمىزگە رەھمەت قىلسۇن! ۋە ئەمەل قىلىشقا نەسىپ قىلسۇن!

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم! يۇشايمان پايدا بەرمەيدىغان كۈن يىتىپ كىلىشتىن ئىلگىرى ۋە ھاياتىمىزدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى، الله يولىدا جىھاد ئىبادىتىگە ئاتلىنايلى!

# 2 ـ باب جىھاد ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## جىھاد ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

### جىھاد سۆزىنىڭ لۇغەت ۋە شەرىئەتتىكى مەنىسى

لۇغەت مەنىسى: سۆز ـ ھەرىكەتتە تاقىتىنىڭ يېتىشىچە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى چىقىرىش.

شەرىئەتتىكى مەنىسى: مۇسۇلمانلار كاپىر، باغىي، مۇرتەد ۋە الله ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرىغان كىشىلەرگە قارشى ئۇرۇشتا بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى چىقىرىش دېگەنلىكتۇر.

## الله يولىدا قىلىنىدىغان جىھادنىڭ باسقۇچلىرى

جىھاد تۆت باسقۇچ بىلەن بولىدۇ.

1. ئۆز نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىش.

2. شەيتانغا قارشى جىھاد قىلىش.

3. كاپىرلار ۋە مۇرتەدلەرگە قارشى جىھاد قىلىش.

4. زالىملار، بىدئەتچىلەر ۋە مۇنكەر ئىشلارنى قىلغۇچىلارغا قارشى جىھاد قىلىش.

### نەپسگە ۋە شەيتانغا قارشى جىھاد قىلىش ئىككى باسقۇچ بىلەن بولىدۇ

1. دىنغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەرقانداق شەك ـ شۈبھە، بۇزۇق، باتىل ئەقىدىلەردىن مۇداپىئەلىنىش.

2. نەپسانىي شەھۋەتلەر ۋە بۇزۇق پىكىر ـ خىياللاردىن مۇداپىئەلىنىش.

بىرىنچىسى، ھەقىقىي ئىشەنچىدىن كېيىن؛ ئىككىنچىسى، ھەقىقىي جاپالاردىن كېيىن مۇقىملىشىدۇ.

ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئۆز نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىش بولسا ئەڭ مۇھىم ئىبادەتلەرنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى، ئىنساننى نەپسى گۇناھ مەئسىيەتلەرگە كۆپ بۇيرۇيدۇ.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أُبَرِّئُ نَفْسِي إِنَّ النَّفْسَ لَأَمَّارَةٌ بِالسُّوءِ إِلَّا مَا رَحِمَ رَبِّي إِنَّ رَبِّي غَفُورٌ رَحِيمٌ (53)﴾

﴿«مەن ئۆزۈمنى ئاقلىمايمەن: نەپسى دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ، پەرۋەردىگارىم رەھمەت قىلىپ (ساقلىغان) ئادەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر؛ ناھايىتى مېھرىباندۇر» [53].﴾

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ حُجِبَتْ النَّارُ بِالشَّهَوَاتِ وَحُجِبَتْ الْجَنَّةُ بِالْمَكَارِهِ

ئەبى ھۇرەيرە ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «جەھەننەم نەپسى خالايدىغان نەرسىلەر بىلەن ئۇرالغان. جەننەت بولسا نەپسگە ئېغىر كېلىدىغان نەرسىلەر بىلەن ئۇرالغان.»

دېمەك، بىز نەپسىمىزنىڭ كەينىدىن ماڭىدىغا بولساق، ئۇ بىزنى يامان ئىشلارغا چاقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز نەپسىمىزگە قارشى جىھاد قىلىشىمىز لازىم.

نەپسىمىز بىلەن بولغان جىھاد بولسا ئىنسانلارغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ئىبادەتتۇر. ئەمما بۇنى قىلىشىمىزغا سەۋەپ بولىدىغان ئامىللار ھەم بار بولۇپ. بىز شۇ يوللار ئارقىلىق بۇ ئىبادەتنى قىلىشقا مۇيەسسەر بولالايمىز.

1 ـ الله نىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشتا تاقىتىمىزنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىنى چىقىرىشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

2 ـ الله نىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەقلىرىنى بىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

3 ـ الله قا تەقۋالىق قىلىشىمىز ۋە تەقۋالىقنىڭ مەنالىرىنى بىلىشىمىز لازىم.

4 ـ قۇرئان كەرىمنى كۆپ تىلاۋەت قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ مەنالىرىنى بىلىشكە تىرىشىشىمىز لازىم.

5 ـ يولباشچىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ يول يۇرۇقلىرىغا ۋە ئىش ئىزلىرىغا ئەگىشىشىمىز لازىم.

6 ـ الله نىڭ ئەمەل قىلغۇچى بەندىللىرىگە تەييارلىغان ئالى مۇكاپاتلىرىنى ھەر دائىم ئەسلەپ تۇرۇشىمىز لازىم.

7 ـ ئاخىرەتنى ۋە الله نىڭ جازالىرىنى كۆپ ئەسلەپ تۇرىشىمىز لازىم.

8 ـ ئىمانلىشىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇنىڭ پايدىلىرىنى بىلىشكە ئەھمىيەت بىرىشىمىز لازىم.

9 ـ ئىسلامى ئەخلاقلار بىلەن ئەخلاقلىنىشىمىز لازىم.

شەيتانغا قارشى جىھاد قىلىش ھەم ئەڭ مۇھىم ئىبادەتلەرنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ.

الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا ادْخُلُوا فِي السِّلْمِ كَافَّةً وَلَا تَتَّبِعُوا خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُبِينٌ (208)** ﴾

﴿ئى مۇئمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار)، شەيتاننىڭ يوللىرىغا (ۋە ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر [208].﴾ سۈرە بەقەر

شەيتان بىزنىڭ دۈشمىنىمىزدۇر. بىز ئۇنىڭغا قارشى ھەر دائىم تەييار تۇرۇشىمىز لازىم.

شەيتانلار چاقىرغان يوللارغا ماڭماستىن الله بۇيرىغان يولغا مېڭىشىمىز بولسا ـ شەيتانغا قارشى جىھاد قىلغانلىق ھېساپلىنىدۇ.

شەيتانلارغا قارشى بولغان جىھادنى قىلىشىمىزغا ھەم يۇقاردا نەپسىمىز بىلەن بولغان جىھادتا لازىم تۇتۇشقا تېگىشلىك سەۋەبلەرنى لازىم تۇتىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر.

## الله يولىدىكى جىھادنىڭ ھۆكمى

جىھاد ئىبادىتىنىڭ ئەسلى ھۆكمى پەرز كۇپايە بولۇپ، مۇسۇلمانلاردىن يېتەرلىك كىشىلەر چىقسا باشقىلاردىن ساقىت بولىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **وَمَا كَانَ الْمُؤْمِنُونَ لِيَنفِرُواْ كَآفَّةً فَلَوْلاَ نَفَرَ مِن كُلِّ فِرْقَةٍ مِّنْهُمْ طَآئِفَةٌ لِّيَتَفَقَّهُواْ فِي الدِّينِ وَلِيُنذِرُواْ قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُواْ إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ** ﴾

﴿مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقتى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ الله تىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟ ﴾ [122]. سۈرە تەۋبە

### جىھاد ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

بىرىنچىسى، جىھادى تەلەپ. بۇ پەرز كۇپايە بولىدۇ.

ئىككىنچىسى، جىھادى دەپئىي بۇ پەرز ئەين بولىدۇ.

جىھاد بەزىدە دۈشمەننى ئۆزىنىڭ دىيارىدا يوقىتىش بىلەن بولسا (بۇنى ھەقنى كېڭەيتىش جىھادى دەيمىز)، بەزىدە دۈشمەننىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىنى توسۇش ۋە يوق قىلىش بىلەن بولىدۇ (بۇنى مۇداپىئە جىھادى دەيمىز). جىھاد بەزىدە پەرز ئەين، بەزىدە پەرز كۇپايە بولىدۇ.

## تەلەپ جىھادى

ھەقنى كېڭەيتىش جىھادى دېگەن — كاپىرلارنى ئىسلامغا چاقىرىش ئۈچۈن، دۈشمەننى قوغلاپ بېرىپ، دۈشمەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆز دىيارىدا ئۇرۇش قىلىشتۇر.

مۇداپىئە جىھادى دېگەن — مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش باشلىغان دۈشمەنگە ئۇرۇش قىلىشتۇر.

ھەقنى كېڭەيتىش جىھادىنىڭ دەلىلى الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿ **فَاقْتُلُوا الْمُشْرِكِينَ حَيْثُ وَجَدْتُمُوهُمْ وَخُذُوهُمْ وَاحْصُرُوهُمْ وَاقْعُدُوا لَهُمْ كُلَّ مَرْصَدٍ فَإِنْ تَابُوا وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ فَخَلُّوا سَبِيلَهُمْ إِنَّ اللهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ** ﴾ ﴿ مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم قىلغۇچىدۇر.﴾ سۈرە تەۋبە

يەنە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ **قَاتِلُوا الَّذِينَ لا يُؤْمِنُونَ بالله وَلا بِالْيَوْمِ الآخِرِ وَلا يُحَرِّمُونَ مَا حَرَّمَ اللهُ وَرَسُولُهُ وَلا يَدِينُونَ دِينَ الْحَقِّ مِنْ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ حَتَّى يُعْطُوا الْجِزْيَةَ عَنْ يَدٍ وَهُمْ صَاغِرُونَ** ﴾ ﴿سىلەر ئەھلى كىتابتىن الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرىنى الله نىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىسانى الله نىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغانىنىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن، الله (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى

ئىسلام دىنى) غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار.﴾ (سۈرە تەۋبە)

الله تائالا ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش، ئۇلارنى كۆزىتىش ۋە ئۇلارنى مۇھاسىرگە ئېلىشقا بۇيرۇدى. بۇ ئايەتلەر مەھكەم يەنى مەنسى ئوچۇق ئايەتلەر بولۇپ، ئەڭ ئاخىردا نازىل بولغان ئايەتلەردىندۇر. ئۇ ئايەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇەتكۈچى ئايەت يوق. پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئۇ زات بىلەن بىللە بولغان ساھابىلەر ھەمدە ئۇلاردىن كېيىنكىلەر تاكى الله تائالا ئۇلارغا زىمىننىڭ شەرق ۋە غەربلىرىنى فەتىھ قىلىپ بەرگىنىگە قەدەر ئۇ ئايەتلەرگە ئەمەل قىلىپ ماڭغان ئىدى.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «أمرت أن أقاتل الناس حتى يشهدوا أن لا إله إ لا الله وأن محمدا رسول الله ويقيموا الصلاة ويؤتوا الزكاة، فإذا فعلوا ذلك عصموا مني دمائهم وأموالهم إلا بحق الإسلام وحسابهم على الله تعالى» «مەن كىشىلەرگە قارشى تاكى ئۇلار بىر الله دىن باشقا ئىلاھ يوق، پەيغەمبەر ﷺ الله نىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن، نامازنى بەرپا قىلغان، زاكاتنى بەرگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئەگەر ئۇلار ئاشۇنى قىلسا مەندىن ماللىرى ۋە جانلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئىسلامنىڭ ھەققى بىلەن(يەنى ئىسلامدىكى جازا كىلىدىغان شەرئى ھەقلەرنى) ساقلاپ قالالمايدۇ. ئۇنىڭ ھېسابى الله نىڭ ئۇستىگە». (بۇخارى رىۋايىتى)

بۇرەيدە ﷺ نىڭ ھەدىسىدە: «أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان إذا أمر أميرا على جيشه أو سرية أوصاه في خاصته بتقوى الله ومن معه من المسلمين خيرا، ثم قال اغزوا باسم الله قاتلوا من كفر بالله ، اغزوا ولا تَغُلُّوا ولا تغدِروا ولا تمثلوا ولا تقتلوا وليدا، وإذا لقيت عدوك من المشركين فادعهم إلى ثلاث خصال...» پەيغەمبەر ﷺ ئەسكەرلەرگە ياكى بىر قوشۇنغا ئەمىر تەيىنلىسە، يالغۇز ئۇ ئەمىرنى الله دىن تەقۋالىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلاتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇسۇلمانلارنى ياخشىلىققا تەۋسىيە قىلاتتى. ئاندىن كېيىن مۇنداق دەيتتى: «الله نىڭ نامى بىلەن غازات قىلىڭلار، الله غا كاپىر بولغان ئادەمگە قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار، غازات قىلىڭلار، خىيانەت قىلماڭلار، ئەھدىنى بۇزماڭلار، جەسەتنى پارچىلىماڭلار، كىچىك بالىنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئەگەر سەن مۇشرىكلاردىن بولغان دۈشمىنىڭگە ئۇچراپ قالساڭ، ئۇلارنى ئۈچ خىسلەتكە چاقىرغىن...» (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

مانا بۇ دۈشمەنلەرنى ئىسلامغا چاقىرىش ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىقىش ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ دىيارىدا يوقىتىش ھەققىدىكى ئوچۇق ۋە ئېنىق دەلىللەر بولۇپ، ھەقنى كېڭەيتىش جىھادى دېگەن مانا مۇشۇدۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ئىسلام دىنى پەقەت ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ۋە تاجاۋۇزچىلىقنى قايتۇرۇش ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلىدۇ،- دەپ، ھەقنى كېڭەيتىش جىھادىنىڭ ئىسلام دىنىدىن ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان ئادەمنىڭ يۇقىرىقى ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەرنى يالغانغا چىقارغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

كىمكى بىزنىڭ سەلەف-سالىھلىرىمىز ئېلىپ بارغان ھەقنى كېڭەيتىش جىھادىنى تەپسىر قىلىشتا ئويلاشمايلا «جىھاد تاجاۋۇزچىلىقنى قايتۇرۇش ئۈچۈن بولغان ئىدى» دەپ، بۇ دەلىللەرنى بىلمەي ياكى تولۇق بىلىپ تۇرۇپ ھەقتىن يۈز ئۆرۈپ تەپسىر قىلسا، ھەقىقەتتىن يىراق ھالدا ئېزىپ كەتكەن بولىدۇ.

# مۇداپىئە جىھادى

الله يولىدىكى جىھادنىڭ ئەسلىي ھۆكمى پەرز كۇپايە بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ھالەتتە پەرز ئەينگە ئايلىنىدۇ.

1- بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمان كىشى، مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار قارىمۇقارشى ئېلىشىش مەيدانىغا دۈچ كېلىپ قالسا، بۇ كىشىگە شۇ جىھاد پەرز ئەين بولىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِذَا لَقِيتُمْ فِئَةً فَاثْبُتُواْ وَاذْكُرُواْ الله كَثِيراً لَّعَلَّكُمْ تُفْلَحُونَ ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! (مۇشرىكلاردىن) بىرەر جامائەگە (يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن الله نى كۆپ ياد ئېتىڭلار[45].﴾ (سۈرە ئەنفال 45- ئايەت)

﴿ يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا لَقِيتُمْ الَّذِينَ كَفَرُوا زَحْفًا فَلا تُوَلُّوهُمْ الأَدْبَارَ ﴾ ﴿ ئى مۇئمىنلەر! كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۈچ كەلگەن چېغىڭلاردا، ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار (يەنى قاچماڭلار) ﴾ (سۈرە ئەنفال 15- ئايەت)

پەيغەمبەر ﷺ ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىشنىڭ ئىنسانىنى ھالاكەتكە تاشلايدىغان يەتتە چوڭ گۇناھنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ رَسُولَ الله صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ اجْتَنِبُوا السَّبْعَ الْمُوبِقَاتِ قِيلَ يَا رَسُولَ الله وَمَا هُنَّ قَالَ الشِّرْكُ بالله وَالسِّحْرُ وَقَتْلُ النَّفْسِ الَّتِي حَرَّمَ الله إِلَّا بِالْحَقِّ وَأَكْلُ مَالِ الْيَتِيمِ وَأَكْلُ الرِّبَا وَالتَّوَلِّي يَوْمَ الزَّحْفِ وَقَذْفُ الْمُحْصِنَاتِ الْغَافِلَاتِ الْمُؤْمِنَاتِ.

ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ : يەتتە خىل ھالاكەتلىك گۇناھتىن ساقلىنىڭلار! ـ دېدى. بەزىلەر: ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار قايسى گۇناھلار؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا: الله قا شېرىك كەلتۇرۇش، سېھىر قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، ئۆسۈم يېيىش، جەڭ مەيدانىدىن قېچىش، ئىپپەتلىك، پاك مۇسۇلمان ئاياللارغا بوھتان چاپلاش قاتارلىقلار، ـ دېدى. (مۇسلىم)

مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىغا قارايدىغان بولساق پۈتۈن دۇنيادا مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن جەڭلەر بولىۋاتىدۇ. شۇنداقلا كاپىرلار ئىشغال قىلىۋالغان دىيارلاردا تۇرۇۋاتقان مۇسۇلمانلار كۈن بويى كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى شەھىد قىلىشى......قاتارلىق ئېچىنىشلىق جەڭلەرگە دۇچ كەلمەكتە. مانا بۇ ھالەتلەر بولسا پەرز كۈپايە بولغان جىھادنى پەرز ئەيىنلىككە ئېلىپ بارىدىغان ئامىللاردىندۇر.شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋرىمىزدىكى مۇسۇلمانلارغا كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىش پەرز ئەيىندۇر.

الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَقَاتِلُوا الْمُشْرِكِينَ كَافَّةً كَمَا يُقَاتِلُونَكُمْ كَافَّةً وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ مَعَ الْمُتَّقِينَ (36)** ﴾

﴿مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، الله تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى الله نىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلىنىش بىلەن الله تىن قورققۇچىلارغا الله نىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىدە بولۇڭلار) [36]﴾ (سۈرە تەۋبە)

2ـ مۇسۇلمانلار رايونلىرىدىن بىرىگە كاپىرلار باستۇرۇپ كەلسە، شۇ رايون ئەھلىگە بېسىپ كەلگەن كاپىرلارنى قوغلاپ چىقىرىش پەرز ئەيىن بولىدۇ. بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ شەھەر ئەھلىگە ياردەم بېرىشى لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ رايون ئەھلىنىڭ تاجاۋۇزچى كاپىرلارنى چىقىرىشقا كۈچ ـ قۇۋۋىتى يەتمىسە، شۇ بېسىۋېلىنغان رايوننىڭ قوشنا رايونىغا ھەم پەرز ئەيىن بولىدۇ.

شۇنداق تۇرۇقلۇق ھەم كۈچى يەتمىسە ئۇنىڭ قوشنا رايونلىرىغا پەرز ئەين بولۇپ ھەتتاكى بارلىق مۇسۇلمانلارغا پەرز بولۇپ كېتىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ قَاتِلُواْ الَّذِينَ يَلُونَكُم مِّنَ الْكُفَّارِ وَلْيَجِدُواْ فِيكُمْ غِلْظَةً وَاعْلَمُواْ أَنَّ الله مَعَ الْمُتَّقِينَ﴾**

﴿ ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئۆزۈڭلارغا يېقىن جايدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (يەنى سىلەرگە خەتەر بولماسلىق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى كۇففارلارنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار)، سىلەرنى ئۇلار قاتتىق ھېس قىلسۇن (يەنى ئۇرۇش ئۇستىدە ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇڭلار ، ئۇلارغا ئىچىڭلار ئاغرىمىسۇن)، بىلىڭلاركى، الله تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى الله تەقۋادارلارغا مەدەتكاردۇر) [123]. ﴾ (سۈرە تەۋبە 123 ـ ئايەت)

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: [دىن ۋە دۇنياغا تاجاۋۇز قىلغان دۈشمەنلەرگە قارشى جىھاد قىلىش بولسا ئىمان ئېيتىشتىن قالسا ئەڭ مۇھىم ۋاجىباتلارنىڭ قاتارىدىندۇر]. (فەتەۋال كۇبرا 4 ـ توم 608 ـ بەت)

ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:[ سەلەف، خەلەف ئالىملار ۋە تۆت مەزھەب ئالىملىرى ھەممىسى، ئەگەر مۇسۇلمانلار رايونلىرىدىن بىرىگە كاپىرلار باستۇرۇپ كەلسە، شۇ رايون ئەھلىگە بېسىپ كەلگەن كاپىرلارنى قوغلاپ چىقىرىش پەرز ئەين بولىدۇ دېگەنلىككە بىرلىككە كەلدى. بۇ خىل ھالەتتە ئايال كىشى ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز، بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىجازىتىسىز ۋە قەرىزدار قەرىز ئىگىلىرىنىڭ ئىجازىتىسىز جىھادقا چىقىشى پەرىز ئەيىن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ رايون ئەھلىنىڭ تاجاۋۇزچى كاپىرلارنى چىقىرىشقا سەل قارىسا ياكى كۈچ ـ قۇۋۋىتى يەتمىسە، شۇ بېسىۋېلىنغان رايوننىڭ قوشنا رايونىغا ھەم پەرز ئەين بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ھەم كۈچى يەتمىسە ئۇنىڭ قوشنا رايونلىرىغا پەرز ئەين بولۇپ ھەتتاكى بارلىق مۇسۇلمانلارغا پەرز بولۇپ كېتىدۇ.] (ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ ئەددىفائ ئەن ئەرازىل مۇسلىمىين 8 ـ بەت) شامىلە نۇسخىسى

ھەنەفى مەزھىبىدىكى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ:[ ئەگەر مۇسۇلمانلار زېمىنلىرىدىن بىرىگە كاپىرلار باستۇرۇپ كەلسە، دۈشمەن بېسىپ كىرگەن شەھەرلەرگە يېقىن بولغان بارلىق مۇسۇلمانلارغا، بېسىپ كەلگەن كاپىرلارنى قوغلاپ چىقىرىش پەرز ئەين بولىدۇ. يىراقتىكى مۇسۇلمانلارغا جىھاد پەرىز كۇپايە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ رايون ئەھلىنىڭ تاجاۋۇزچى كاپىرلارنى چىقىرىشقا سەل قارىسا ياكى كۈچ ـ قۇۋۋىتى يەتمىسە، شۇ بېسىۋېلىنغان رايوننىڭ قوشنا رايونىغا ھەم پەرز ئەين بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ھەم كۈچى يەتمىسە ئۇنىڭ قوشنا رايونلىرىغا پەرز ئەين بولۇپ ھەتتاكى

بارلىق مۇسۇلمانلارغا پەرز بولۇپ كېتىدۇ. بۇ خىل ھالەتتە ئايال كىشى ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز، بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىجازىتىسىز ۋە قەرىزدار قەرىز ئىگىلىرىنىڭ ئىجازىتىسىز جىھادقا چىقىشى پەرىز ئەيىن بولىدۇ]. (ئىبنۇ ئابىدىنىنىڭ ھاشىيە ناملىق كىتاب 3 ـ توم 238 ـ بەت، بەدائىئۇس سەنائىئ 7 ـ توم 72 ـ بەت، ئىبنۇ ھەممامنىڭ فەتھۇل قەدىر 5 ـ توم 191 ـ بەت).

مالىكى مەزھىبىدىكى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ:[ ئەگەر دۈشمەن ئىسلام شەھەرلىرىگە باستۇرۇپ كەلسە، شۇ شەھەر ئەھلىگە جىھاد پەرىز ئەيىنلىككە ئايلىنىدۇ]. (دۇسۇقىنىڭ ھاشىيە ناملىق كىتاب 2 ـ توم 174 ـ بەت)

ھەنبەلى مەزھىبىدىكى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ:[ ئەگەر مۇسۇلمانلار زېمىنلىرىدىن بىرىگە كاپىرلار باستۇرۇپ كەلسە، دۈشمەن بېسىپ كىرگەن شەھەرلەرگە يېقىن بولغان بارلىق مۇسۇلمانلارغا، بېسىپ كەلگەن كاپىرلارنى قوغلاپ چىقىرىش پەرز ئەيىن بولىدۇ]. (ئەلمۇغنى 8 ـ توم 345 ـ بەت)

شافىئى مەزھىبىدىكى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ:[ ئەگەر مۇسۇلمانلار زېمىنلىرىدىن بىرىگە كاپىرلار باستۇرۇپ كەلسە، دۈشمەن بېسىپ كىرگەن شەھەرلەرگە يېقىن بولغان بارلىق مۇسۇلمانلارغا، بېسىپ كەلگەن كاپىرلارنى قوغلاپ چىقىرىش پەرز ئەيىن بولىدۇ]. (نىھايەتۇل مۇھتاج 8 ـ توم 58 ـ بەت)

بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە بولسا، كاپىرلار رەسۇلۇللاھ ﷺ، ئۇنىڭ ئەسھابلىرى ۋە ئۇندىن كېيىنكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز فەتھى قىلغان ئىسلامى دىيارلارغا باستۇرۇپ كەلدى. ئامرىكا باشچىلىقىدا سەلىپ قوشۇنلىرى ئافغانىستانغا باستۇرۇپ كىردى. روس كاپىرلىرى بولسا قازىقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە چېچىنىستان قاتارلىق ئىسلام دىيارلىرىنى بېسىۋالغان. شەرقى تۈركىستانغا بولسا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى باستۇرۇپ كىردى. مانا بۇلار ۋە بۇلارنىڭ ئوخشاشلىرى بولغان كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش بولسا الله بۇيرىغان پەرز ئىبادەتتۇر. يۇقارقى ھالەتلەردە جىھاد قىلىش بولسا، خۇددى ناماز ئوقۇغاندەك پەرز ئەيىندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز پەقەت پەلەستىندە ۋە ئافغانىستاندىلا جىھاد قىلىش پەرىز ئەيىن بولىدۇ دىمەيمىز. بەلكى پۈتۈن ئىسلام دىيارلىرىدا جىھاد قىلىش پەرىز ئەيىنلىككە ئايلاندى دەيمىز. چۈنكى پەلەستىن ئىسلام دىيارى بولسا، تۈركىستان ھەم ئىسلام دىيارى. كاپىرلار پەلەستىننى ئىشغال قىلىۋالغان بولسا، ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئىسلام دىيارلىرىنى ئىشغال قىلىۋاتىدۇ.

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم! بىز الله بۇيرىغان جىھاد ئىبادىتىنى قىلىش ئارقىلىق ئىسلام دىيارلىرىدىن كاپىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقلىرىنى قايتۇرايلى. مانا بۇ خىل ھالەتتە ھەم جىھاد ئىبادىتىگە سەل قاراش بولسا چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ.

3 ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمامى (ئەمىرى) ئومۇمىيۈزلۈك جىھادقا چىقىشنى تەلەپ قىلسا، جىھادقا چىقىش پەرز ئەين بولىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **انْفِرُواْ خِفَافاً وَثِقَالاً وَجَاهِدُواْ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ فِي سَبِيلِ الله ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُون** ﴾

﴿ (ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش - قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار ، ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار ، ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار ، ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر [4]﴾ سۈرە تەۋبە 41ـ ئايەت

عن أبي العباس عبدالله ابْنِ عَبَّاسٍ رضي الله عنه، وأم المؤمنين، أم عبدالله عائشة رضي الله عنها قالا: أن رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قال يوم الفتح: (لَا هِجْرَةَ بَعْدَ الْفَتْحِ وَلَكِنْ جِهَادٌ وَنِيَّةٌ وَإِذَا اسْتُنْفِرْتُمْ فَانْفِرُوا). رواه البخاري ومسلم.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مەككە پەتھى بولغان كۈنى مۇنداق دېگەن: «مەككە فەتىھ بولغاندىن كېيىن (مەككىدىن) ھىجرەت قىلىش ئاياغلاشتى.(چۈنكى مەككە ئىسلامى دىيارغا ئايلاندى) لېكىن جىھادقا چىقىشنى نىيەت قىلىش ۋە جىھادقا چىقىش داۋاملىشىدۇ.(جىھاد توختاپ قالمايدۇ) يەنى قىيامەت كۈنىگىچە ئەگەر ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشقا چىقىش تەلەپ قىلىنسا، ئومۇمىيۈزلۈك چىقىڭلار!». (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ مَا لَكُمْ إِذَا قِيلَ لَكُمُ انفِرُواْ فِي سَبِيلِ الله اثَّاقَلْتُمْ إِلَى الأَرْضِ أَرَضِيتُم بِالْحَيَاةِ الدُّنْيَا مِنَ الآخِرَةِ فَمَا مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا فِي الآخِرَةِ إِلاَّ قَلِيل** ﴾

﴿ ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە، نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى (بەخت) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش

ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەرزىمەس نەرسىدۇر [38]. ﴾ سۈرە تەۋبە 38ـ ئايەت

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە جىھاد ئىبادىتى پەرز ئەين بولۇپ كەتكەن. چۈنكى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مۇقەددەساتلىرى ۋە ئىسلامى دىيارلىرىنى كاپىرلار ئىشغال قىلىۋالغان. كاپىرلار قوشۇنى بىلەن مۇسۇلمانلار قوشۇنى جەڭ قىلىۋاتقان ۋە ئىسلامى جامائەت ئەمىرلىرى جىھادقا ئومۇمىيۈزلۈك چاقىرىۋاتقان بىر كۈندە ياشىۋاتىمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز يۇقارقى دەلىللەرگە تايىنىپ تۇرۇپ، ئۆزرىلىك بولمىغان بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا جىھاد ئىبادىتى پەرز ئەيىن بولىدۇ ـ دەيمىز. بۇ ئىبادەتتىن باش تارتقۇچىلار الله نىڭ بۇيرۇقلىرىدىن باش تارتقان بولىدۇ.

جىھاد ـ قەلب بىلەن، تىل بىلەن، ئىقتىساد بىلەن ياكى قول بىلەن قىلىنىدۇ. ھەرقانداق مۇسۇلمانىنىڭ، الله يولىدا يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بۇ جىھادى تۈرلەردىن قايسى تۈرنى بولمىسۇن زۆرۈر بولغاندا ھاجىتىگە ۋە كۈچ ـقۇۋۋىتىگە قاراپ ئىجرا قىلىشى ۋاجىبتۇر. (ئەلمۇستەدرەك ئەلا مەجمۇئۇل فەتىۋا شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ 3ـ جىلد 213ـ بەت. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇررەھىم ئىبنى قاسىم توپلىغان)

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: [مۇداپىئە قىلىش ئۇرۇشى بولسا ھۆرمەت ۋە دىنغا تاجاۋۇز قىلغۇچىنى قايتۇرۇش تۈرلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى بولۇپ، ئۇ بارلىق ئۆلىمالارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن پەرز. الله نى بىر دەپ ئېتقاد قىلىش ۋە الله قا ئىمان ئېيتىشتىن قالسىلا، دىن ۋە دۇنيانى بۇزىدىغان تاجاۋۇزچى دۈشمەننى ئارقىغا قايتۇرۇشتىنمۇ پەرزراق ھېچبىر نەرسە يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا (يەنى تاجاۋۇزچى دۈشمەننى ئارقىغا قايتۇرۇشقا) ھېچبىر نەرسە شەرت ئېتىلمەيدۇ، بەلكى ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە دۈشمەن ئارقىغا قايتۇرۇلىدۇ.] ( مەجمۇئۇل فەتىۋا 5ـتوم 537ـبەت)

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ يەنە مۇنداق دېگەن: [قوغدىنىش جىھادى ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز ئەيىن بولۇپ، بۇ جەڭدىن قېچىش ھارام بولىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتىكى جىھاد ئىختىيارى (يەنى قىلسىمۇ قىلمىسىمۇ بولىدىغان) جىھاد ئەمەس. بەلكى ئوھۇد كۈنىدىكى، ئەھزاب كۈنىدىكى ۋە تاتارلار دەمەشىققە باستۇرۇپ كىرگەندىكى جىھادقا ئوخشاشلا پەرز ئەيىن بولىدۇ.] (ئەلمۇستەدرەك ئەلا مەجمۇئۇل فەتىۋا ئىبنى قاسىمنىڭ 3ـتوم 218ـ219 بەتلەر).

بارلىق ئىسلامى دۆلەتلەرگە كاپىرلار باستۇرۇپ كىرگەن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جىھادنى پەرز ئەيىن قىلىدىغان سەۋەپلەر تولۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۈگۈنكى زامانىمىزدا ئىلگىرى دەپ

ئۆتكىنىمىزگە ئوخشاش پۈتۈن دۇنيادا بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئىمان ئېيتىشتىن قالسىلا جىھاد قىلىش ئەڭ مۇھىم بولغان پەرز ئەيىندۇر.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: دىن ۋە دۇنياغا تاجاۋۇز قىلغان دۈشمەنلەرگە قارشى جىھاد قىلىش بولسا ئىمان ئېيتىشتىن قالسا ئەڭ مۇھىم ۋاجىباتلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

ئى ئىسلام ئۈممىتى! رەببىمىزنىڭ چاقىرىقىغا ئاتلىنىڭلار! ھىممەت كەمىرىڭلارنى مەھكەم باغلاڭلار! جىھاد ئىبادىتىگە ئاتلىنىڭلار! ئىسلام ئۈممىتى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئېزىلىۋاتىدۇ. بۇلارنى كاپىرلارنىڭ زۇلۇملىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش بىزنىڭ ئۈستىمىزگە پەرزدۇر.

ئى ئىسلام ئۈممىتى! جىھاد ئىبادىتىگە ئاتلىنىڭلار! سەلەف ـ سالىھلىرىمىز قانلىرى بەدىلىگە پەتھى قىلىنغان ئىسلامى دىيارلار كاپىرلارنىڭ نىجىس قەدەملىرى ئاستىدا قالدى.

ئى ئىسلام ئەركەكلىرى! مەجبۇرىيەتلىرىڭلارنى ھەرگىز ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويماڭلار.

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم! بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە جىھاد ئىبادىتى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىگە پەرز ئەيىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار زامانىمىزدا قىيىنچىلىقلاردا جىھاد قىلىۋاتقان قېرىنداشلارغا قېتىلىپ جىھاد قىلماي ھۇرۇنلۇق قىلىپ بۇرۇن ئىسلام تۇپرىقى بىلەن شەرەپلەنگەن ئىسلامىي دىيارلارنى كاپىرلارنىڭ ئىشغال قىلىۋېلىشىغا قاراپ ئولتۇرسا ئېغىر جىنايەتلەرنى سادىر قىلغان بولىدۇ.

بىز تۈركىستاندا جىھاد قىلىش بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىمىز،ـ دەيمىز. بۇ ھەرگىز مىللەتچىلىكتىن ئەمەس. بەلكى، بۇ بىزنىڭ ئىمان مەجبۇرىيىتىمىز ۋە ئاساسلىق مەسىلىمىزدۇر. چۈنكى ئىشغالىيەتچى كاپىرلار تۈركىستاندىن ئىبارەت ئەسلى ئىسلام زېمىنىدا كېڭەيمىچىلىك پىروگىراممىسىنى ئەمەللەشتۈرمەكتە. مانا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ تاجاۋۇزچىلارنى تۈركىستان دىيارىدىن قوغلاپ چىقىرىش ـ پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى ئۇممىتى مەسىلىسىنىڭ ھەل بولىشى دېمەكتۇر. شۇنداقلا تۈركىستان ئىسلام دىيارىنى قوغداش بولسا پۈتۈن ئىسلام دىيارنى قوغداش دېمەكتۇر. چۈنكى بۇ زېمىن ئىسلام ئالىمىنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن تۈركىستاندا جىھاد قىلىش ئىمكانىيىتى بار بارلىق كىشىلەرگە ئۇ يەردە جىھادنى باشلىشى ۋاجىب بولىدۇ. بۇنىڭغا قادىر بولالمىغانلار تەييارلىق ئىبادەتلىرىگە ئاتلىنىشى لازىم. ئۇنىڭغا ھەم قادىر بولالمىغانلار تەييارلىق قىلالايدىغا ۋە جىھاد قىلىش شارائىتلىرى بار بولغان دىيارلارغا ھىجرەت قىلىشى كېرەك.

ئى ئىمانى قېرىنداشلىرىم! تۈركىستاندىن تاجاۋۇزچىلارنى يوقىتىش ۋە تۈركىستاندا ئىسلام شەرىئىتىنى ئورنىتىش ئۈچۈن ئاتلانغان مۇجاھىدلار سېپىگە قوشۇلۇڭلار. مەجبۇرىيەتلىرىڭلارنى ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويماڭلار.

دېمەك، بىز يۇقارقىلاردىن بۈگۈنكى كۈندە جىھاد ئىبادىتىنىڭ ئۆزرىلىك بولمىغان بارلىق مۇسۇلمانلارغا پەرز ئەيىن ئىكەنلىكىنى خۇلاسە قىلىمىز. مەن تۆۋەندە مۇھىم بىر مەسىلىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمەن.

ئالىملار جىھا قىلىش پەرز ئەيىن بولغاندا، بۇ ئىبادەتنى تاشلاپ قويۇپ باشقا ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشنى ئىبادەتتە ئويناۋاتقاندەك بولىدۇ دەپ سۈپەتلىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك رەھىمەھۇللاھ [ھۆرمەتلەر دەپسەندە قىلىنغان، مۇسۇلمانلار ئۆلتۈرۈلگەن، مەسجىدلەر ۋەيران قىلىنغان ۋە قۇرئان كەرىم كۆيدۈرۈلگەن ۋاقىتلاردا جىھاد ئىبادىتىنى تاشلاپ قويۇپ نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشنى ئويۇن ـ تاماشالارنىڭ قاتارىدىن سانىدى.] فۇزەيل ئىبنى ئىياز رەھىمەھۇللاھقا يازغان مۇنۇ خېتىدە بايان قىلغاندەك:

لعلمت أنك بالعبادة تلعبوا يا عابد الحرمين لو أبصرتنا

ئەگەر كۆرسەڭ بىزنى ئى ئىككى ھەرەم ئابىدى،
ئىبادەتتە ئويناۋاتقىنىڭنى بىلگەن بولاتتىڭ.
باشقىلارنىڭ يۈزلىرى نەمدەلسە ياش بىلەن،
مۇجاھىدلار يۇيار تەنلەرنى قان بىلەن،
بەزىلەرنىڭ ئاتلىرى ھارسا ئويۇن بەيگىدە،
ئاتلىرىمىز ھالسىرار دۈشمەن سېپىنى بۆسۈپ،
مۇجاھىدقا مۇنداق خەۋەر بەردى رەسۇلۇللاھ ﷺ ،
جەڭ توپىسى قونغاندىن يىراقتۇر دەۋزەخ ئۈچقۇنى،
شېھىد ئۆلۈك ئەمەس دەپ جاكارلىدى رەببىمىز،

فۇزەيل رەھىمەھۇللاھ يۇقارقى شېئىرنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تارام ـ تاراملاپ ياشلار ئاقتى.

ۋە فۇزەيل رەھىمەھۇللاھ : [ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك راست ئېيتىدۇ، ئۇ ماڭا نەسىھەت قىلىپتۇ] دېگەن.

ئى ئەزىز قېرىندىشىم! يۇقىرىقىدەك ۋاقىتلاردا پەرىز كۇپايە جىھاد ئىبادىتىنى تاشلاپ قويۇپ باشقا نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ئويۇن ـ تاماشا ھېسابلانسا، دۇنيا بىلەن مەشغۇل بولغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولماقچى؟؟!

ئۇنداقتا، ھەر خىل پىتنىلەر ئارقىلىق ئاللاھ يولىدىكى جىھاد ئىبادىتىدىن توسۇۋاتقان، توسۇشقا ئۇرۇنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ۋە جىھاد ئىبادىتىنى يوشۇرىۋاتقانلارنىڭ ئەھۋالىچۇ؟؟؟!

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ جىھادنى ئىرادە قىلغان، ھەج قىلمىغان كىشى بىر قەۋملەرنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇلار ئۇ كىشىنى سەن ھەج قىلماي تۇرۇپ جىھادنى ئىرادە قىلىۋاتامسەن؟ دەپ جىھادتىن توختىتىپ قويغانلىق ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ: [ھەج قىلماستىن جىھاد قىلىدۇ]، ـ دەپ جاۋاب بەردى.] (ئەلمۇستەدرەك ئەلا مەجمۇئۇل فەتاۋا شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ 3 ـ جىلد 216 ـ بەت. مۇھەممەد ئىبى ئابدۇررەھىم ئىبنى قاسىم توپلىغان)

اللە بىزلەرنى قۇرۇق پىتنە ـ پاساتلاردىن ساقلىسۇن ۋە بىزلەرنى ئۆزى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلغان توغرا يول تاپقۇچىلارنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن. ئامىين!

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**والذين جاهدوا فينا لنهدينهم سبلنا وإن الله لمع المحسنين**﴾ ﴿ بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز، اللە ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.﴾ (سۈرە ئەنكەبۇت 69 ـ ئايەت)

بۇ ئايەت مۇجاھىدلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھىدايەت تاپقۇچى ئىكەنلىكىگە ئىلاھىي كېپىللىك بارلىقىنى بايان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈممەتنىڭ سەلەفلىرى ئۇلارغا بىرەر ئىش مۇشكۈل كەلسە جىھاد ئەھلىگە ئىلتىجا قىلاتتى. چۈنكى اللە تائالا ئۇلارنى ھىدايەت قىلىشقا كاپالەت بەردى.

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: [اللە تائالانىڭ ﴿**والذين جاهدوا فينا لنهدينهم سبلنا**﴾ ﴿بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز،﴾ دېگەن سۆزى ئۇنىڭغا دالالەت قىلغىنىغا ئوخشاش جىھاد تۇرلۇك ئىلىملەر بىلەن قورشۇلۇپ تۇرغان ھىدايەت يەنى ـ توغرا يول تېپىشقا سەۋەب بولىدى. اللە تائالا ئۆز يولىدا جىھاد قىلغۇچىلارنى ئۆزىنىڭ ھەممە يولىغا ھىدايەت قىلىدىغانلىقىنى بېكىتتى. مۇشۇ جەھەتتىن ئىككى ئىمام ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە ئۇ ئىككىسىدىن باشقىلار: كىشىلەر بىرەر ئىشتا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا مۇجاھىدلارغا قاراڭلار ھەق ئۇلار بىلەن بىرگە، چۈنكى اللە تائالا:

﴿والذين جاهدوا فينا لنهدينهم سبلنا﴾. ﴿بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز﴾ دېدى،]- دەيتتى. (سۈرە ئەنكەبۇت 69-ئايەت) (مەجمۇئۇل فەتىۋا 28- توم 443- بەت)

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشىم ۋە ئىمانى بۇرادىرىم! الله قۇرئاننى چۈشۈرۈش ۋە پەيغەمبەر ئەۋەتىش ئارقىلىق ھەقنىڭ نېمىلىكىنى بىلدۈرۈپ قويدى. الله نىڭ يۇقارقى ئايىتىدىكى ۋەدىلىرىگە قارىمامسىز؟ الله نىڭ بۇ ۋەدىلىرىنى ئاڭلىغان ھەر بىر مۇسۇلمان قەلبى پىچەتلەنمىگەن بولسىلا الله نىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەقلىقىنى ۋە الله نىڭ بەندىلىرىگە ناھايىتىمۇ مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ.

قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە مەنا تەرجىمىسىنى ئوقۇغان كىشىمۇ الله قەلبىنى پىچەتلىمىگەن بولسىلا، الله نىڭ بۇ ۋەدىلىرىنى ئوقۇپ پەتنە پاساتلارغا ئەلۋەتتە قۇلاق سالمايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بەخىت سائادىتىنى تېپىۋالالايدۇ.

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشىم! بىز قۇرئان كەرىمگە ئەگىشىشكە بۇيرۇلغانمۇ؟ ياكى خائىن، دىننى بۇرمىلايدىغان ۋە ئوچۇق ھەقنى يوشۇرىدىغان «ئالىملار»غا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغانمۇ؟ قۇرئاننى ياخشى تەپەككۇر بىلەن ئوقۇيلى. پەيغەمبەر ﷺ ۋە ساھابىلارنىڭ يول يۇرۇقلىرىنى ۋە ئىش-ئىزلىرىنى ياخشى ئوقۇيلى. ساھابىلار جىھاد پەرز كۇپايە ۋاقتىتىمۇ شېھىدلىككە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ يۇرتىدىن يىراق جايلارغا بېرىپ جىھاد قىلغان، بىزلەرگە شېھىدلىكتىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك ئەجىرلەر كېرەك ئەمەسمۇ؟

يۇقۇردا جىھاد قىلىشنىڭ پەرز ئەيىنلىكى ھەققىدە توختۇلۇپ ئۆتتۇم. الله قا ئىمان ئېيتقان بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا بولغان تەۋسىيەلىرىم-ئىمانى بۇرۇچلىرىمىزنى ئىسىمىزدىن چىقىرىپ قويمايلى ۋە رەببىمىزنىڭ بۇيرۇقلىرىغا كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ئاتلىنايلى!

## جامائەتلەر بۆلۈنۈپ كەتكەن ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىختىلاپلار بار بولغان ھالەتلەردىمۇ جىھاد قىلىش پەرزمۇ ؟

بۈگۈن كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار، ھازىر ئىختىلاپ كۆپ ۋە جامائەتلەر كۆپ شۇڭا بىز جىھاد قىلمىساقمۇ بولىدۇ دېيىشىدۇ. بىز ئېيتىمىزكى سىزگە بۇ ئىجازەتنى كىم بەردى. الله بىزلەرنى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇيدى. ئىلگىركى دەرسلىرىمىزدىن شۇ ئايدىڭ بولدىكى- بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارغا جىھاد پەرز ئەيىن ھالەتتە ئىكەن. شۇڭا بىز ئەگەر قادىر بولالىساقلا جىھاد پەرز ئەيىندۇر.

ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ ئافغانىستاندا قوماندانلار كۆپ ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلۈنۈش بار شۇ ھالەتتە ھەم ئافغانىستان جىھادى پەرزمۇ دېگەن سۇئالغا مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ:[ئافغانىستاندا قوماندانلار كۆپ ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلۈنۈش بار شۇ ھالەتتە ھەم ئافغانىستان جىھادى پەرزدۇر. چۈنكى بۇ تاجاۋۇزچىلارنى چىكىندۇرىدىغان جىھادتۇر].

دىمەك، بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان باھانىلار بىلەن جىھاد ئىبادىتىنى تەرىك ئەتكىلى بولمايدۇ، ئۆزرىسىز تۇرۇپ ئۇنداق باھانىلار بىلەن جىھادنى تاشلاش ئېغىر جىنايەتتۇر. مۇسۇلمانلار جىھاد ئىبادىتىنى جامائەت بولۇپ ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا يالغۇز بولسىمۇ جىھاد قىلىش پەرز بولىدۇ. ئەمما بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكىگە ئوخشاش جامائەتلەر ۋە ياكى گۇرۇھلار كۆپىيىپ كەتكەن ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلار توغرا مەنھەجدە بولغان، بايراقى روشەن بولغان ۋە ئىلگىرى جىھاد يولىغا قەدەم قويغان جامائەتكە قېتىلىپ تۇرۇپ جىھاد قىلىشى لازىم.

# 3 ـ باب جان، مال ۋە تىل بىلەن جىھاد قىلىش توغرىسىدا

## جان بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ پەرزلىكى توغرىسىدا

الله ھەر بىر مۇسۇلمانغا جېنى، يا تىلى بىلەن ۋە ياكى مېلى بىلەن جىھاد قىلىشنى پەرز قىلدى.

جان بىلەن قىلىدىغان جىھاد ئىبادەتتى بولسا بەزىدە پەرز كۇپايە بولسا بەزىدە پەرز ئەيىنلىككە ئايلىنىدۇ. بۇ ھەقتە بىز ئىلگىرى جىھادنىڭ پەرز ئەيىن بولىدىغان ھالەتلىرى ۋە پەرز كۇپايە بولىدىغان ھالەتلىرى توغرىسىدا توختالغان ئىدۇق.

جىھاد پەرز كۇپايە ھالەتتە ئۇنى ئادا قىلغۇچىلاردا مۇنداق شەرتلەر ھازىرلانغان بولۇشى لازىم بولىدۇ:

(1) مۇسۇلمان بولۇش، (2) بالاغەتكە يەتكەن بولۇش، (3) ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولۇش، (4) ئازاد بولۇش، (5) ئەر كىشى بولۇش، (6) جىسمانىي ئاجىزلىقلاردىن خالىي بولۇش، (7) ئۆزىگە كېتەرلىك چىقىمغا ئىگە بولۇش (ئەگەر جامائەت تەرىپىدىن مائاش بېرىلسە، بۇ شەرت ساقىت بولىدۇ)، (8) ئاتا ـ ئانىنىڭ رۇخسىتىنى ئالغان بولۇش، (9) ئەگەر قەرزدار بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالغان بولۇش. (ئەلمۇغنى ۋەششەرھۇل كەبىير) 10 ـ جىلد 366 ـ ، 381 ـ بەتلەر

ئەمما، پەرز ئەين بولغان جىھادنىڭ شەرتى پەقەت ئاۋۋالقى بەشىدۇر، يەنى (1) مۇسۇلمان بولۇش، (2) بالاغەتكە يەتكەن بولۇش، (3) ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولۇش، (4) ئۆزىگە كېتەرلىك چىقىمغا ئىگە بولۇش، (5) جىسمانىي ئاجىزلىقلاردىن خالىي بولۇش.

دېمەك جىھاد پەرز ئەيىن بولسا ئۆزرىلىك بولمىغان ھەر بىر مۇسۇلمانغا جېنى بىلەن جىھاد قىلىش پەرز ئەيىن بولىدۇ.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! الله جىھادقا چاقىرىق قىلغان ھەر بىر بۇيرۇق بىزلەرگە جىھادنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭ دەلىللىرى ئۈستىدە بىز ئىلگىرى توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ۋە ئىنشا ئاللاھ بۇ توغرىسىدىكى دەلىللەرنى مال بىلەن قىلىنىدىغان جىھاد دېگەن ماۋزۇدا يەنە كەلتۈرىمىز.

سۇئال: بىر ئائىلىدە بىر كىشى جىھادقا چىقسا قالغان كىشىلەردىن جىھادنىڭ پەرزلىكى چۈشۈپ كېتەمدۇ؟

جاۋاپ: جىهاد ئىبادىتى پەرز كۇپايە بولغاندا بىر ئائىلىدە بىر كىشى جىهادقا چىقسا قالغان كىشىلەر گۇناھكار بولمايدۇ، بىراق جىهاد ئىبادىتى پەرز ئەيىن بولغاندا، بىر ئائىلىدە بىر كىشى جىهادقا چىقىپ قالغان كىشىلەر ئۆزرىسىز جىهادقا چىقمىغان بولسا چىقمىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى پەرز ئەيىن ئىبادەت دېگىنىمىز: ھەر بىر ئىنسان ئۆزى ئادا قىلىش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ.

بولۇپمۇ بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكىگە ئوخشاش، ھۆرمەتلەر دەپسەندە قىلىنغان، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننەتلىرى مەسخىرە قىلىنغان، مۇسۇلمانلار ئۆلتۈرۈلگەن، مەسجىدلەر ۋەيران قىلىنغان ۋە قۇرئان كەرىم كۆيدۈرۈلگەن ۋاقىتلاردا جىهاد ئىبادىتى ھەر بىر ئىنسانغا پەرز ئەيىن بولۇپ، بۇ ئىبادەتنى تاشلاپ قويۇش بىلەن ئېغىر گۇناھكار ھېسابلىنىدۇ.

مەن بۇ توغرىسىدا بىر مىسالنى كەلتۈرۈپ ئۆتىمەن.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! الله بىزلەرگە ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلدى. بىر ئائىلىدە ئەقىللىق، بالاغەتكە يەتكەن بەش ئادەم بولسا بۇلاردىن بىرى پەرز نامازنى ئادا قىلسا قالغانلىرىدىن نامازنىڭ پەرزلىكى ساقىت بولامدۇ؟

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار! دەۋرىمىزگە ئوخشاش كۈنلەردە ئائىلەمدىن بىر ئادەم جىهادقا چىقىپ كەتتى، مەن چىقمىساممۇ بولىدۇ دېگەندەك قۇرۇق ئۆزرىلەرنى تاشلىشىمىز ۋە الله نىڭ بۇ ئايىتىگە مۇكەممەل ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك.

الله بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اِنْفِرُوا خِفَافًا وَثِقَالًا وَجَاهِدُوا بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ فِي سَبِيلِ الله ذَلِكُمْ خَيْرٌلَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ ﴿ (ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش - قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەممە ئەھۋالدا) جىهادقا چىقىڭلار، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىهاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر.﴾ (سۈرە تەۋبە 41- ئايەت)

توغرا، بىر ئائىلىدىن بىر كىشى جىهادقا چىققان بولسا بۇ پەزىلەت. ئەمما، باشقىلاردىن جىهادنىڭ پەرزلىكى ساقىت بولمايدۇ. ئەمما ئۆزرىلىك چىقالمىغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

ئەسكەرتىش:

1ـ بەزى شارائىتلاردا بىر ئۆيدە بىر قانچە ئادەم بولسا بۇلاردىن بىرى جىھادقا چىقىشقا قادىر بولالىشى مۇمكىن. ئەمما باشقىلىرى جىھادقا چىقىشقا بارلىق ئىمكانىيەتلىرىنى سەرپ قىلغان تەقدىردىمۇ پۇلى يوقلىقى ۋە ياكى يول تاپالمىغانلىقى سەۋەپلىك قادىر بولالماسلىقى مۇمكىن. بۇ ۋاقىتتا قادىر بولالمىغان كىشىلەر گۇناھكار بولمايدۇ. ئەمما جىھادنىڭ پەرزلىكى چۈشۈپ كەتمەيدۇ. قاچان جىھاد قىلىشقا قادىر بولسا شۇ ۋاقىتتا قىلىدۇ.

2ـ بەزىدە بىر ئائىلىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا جىھادقا چىقىشقا قادىر بولالماسلىقى مۇمكىن، بۇ خىل ھالەتتە ھەممىسى بىرلىشىپ مەسلىھەت بىلەن بىر ياكى بىر قانچىسىنى جىھادقا چىقىرىپ باشقىلىرى جىھا قىلىشنىڭ ئىقتىسادى ۋە ياكى باشقا شەرت ـ شارائىتلىرىنى قىلىپ بەرگەن بولسا، بۇلار ھەم جىھادنىڭ ئەجرىنى ئالىدۇ. ئەڭ مۇھىمى مەسئۇلىيەتلىرىمىزنى ئىسىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز لازىم.

الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا ﴾

﴿الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ.﴾

ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستادىكى قېرىنداشلار بولسا، بىرىمىز جىھادقا چىقساق يەنە بىرىمىز ئىقتىسادى تەرەپتىن ياردەم قىلالىساق بۇ ھەم جىھادنىڭ بىر تۈرى. جىھادقا چىقىش دېگەنلىك پەقەت ئافغانىستان جىھادىنى ۋە ياكى شام جىھادىنىلا كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى ۋەتىنىمىز ئىچىدە ئەگەر شارائىت يار بېرىپ قالسىلا جىھاد قىلىشىمىز بەك ياخشى.

ئى قېرىنداشلار! ئەگەر بىرىمىز جىھادنى چۈشەنسەك، يەنە بىر قېرىندىشىمىز چۈشەنمىسە، سەن مۇناپىق ئىكەنسەن ۋە ياكى ئۇنداقچى بۇنداقچى ئىكەنسەن دەپ، قېرىنداشلىرىمىزنى دىنىدىن يىرگىنىدۈرۈپ قويماستىن. بەلكى ئاستا ئاستا ھىكمەتلىك ئۇسۇللاردا دەۋەت ئېلىپ بېرىشىمىز بەكمۇ مۇھىم.

ئۇلۇغ رەببىمىز الله دىن ھەر بىر مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا ئىسلامنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېلىپ كەلگەندىكىدەك ھەقىقي ماھىيىتى بىلەن چۈشۈنۈشكە مۇيەسسەر قىلىشىنى سورايمىز، بىزلەرنى جېنىمىز ۋە مېلىمىزنى قۇربان قىلىپ ئۆزىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان مۇسۇلمانلاردىن قىلىشىنى سورايمىز، بىزلەرنى غەپلەت ئۇيقۇلىرىمىزنى ئېچىشقا ياردەم بېرىشىنى سورايمىز، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى جۈملىدىن تۈركىستاندىكى زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆز رەھمىتىگە ئېلىشىنى ۋە ئۇلارنى ئىسلامدىكى ھەقىقەت يولىغا قايتۇرۇپ بېرىشىنى سېغىنىپ سورايمىز. ئامىين ئامىين ئامىين!!!

# ئايالLارغا جىهاد پەرز بولامدۇ؟

ھەنەفى ئالىملىرىدىن ئالائۇددىن كاسانى رەھىمەھۇللە مۇنداق دەيدۇ: [جىهادقا چىقىش، دۈشمەننىڭ بىرەر ئىسلام دىيارىغا بېسىپ كىرگەنلىكى سەۋەبىدىن ئومۇمىيۈزلۈك پەرز بولغاندا، جىهاد پەرز ئەين بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر قادىر بولالايدىغان مۇسۇلمان شەخسكە پەرز. ئۇنىڭ دەلىلى الله تائالانىڭ: ﴿انْفِرُوا خِفَافًا وَثِقَالاً﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر جامائەسى! سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش ـ قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەممە ئەھۋالدا) جىهادقا چىقىڭلار﴾ دېگەن سۆزىدۇر. (سۈرە تەۋبە 41ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

قۇل خوجايىنىنىڭ ئىزنىسىز، ئايال ئېرىنىڭ ئىزنىسىز، شۇنىڭدەك بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىزنىسىز چىقىشى دۇرۇس بولىدۇ.] («بەدائىئۇس سەنائىئ» 9ـ جىلد 4301ـ بەت)

شافىئى ئالىملىرىدىن رەملى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئەگەر ئۇلار (يەنى كاپىرلار) بىزنىڭ شەھىرىمىزگە بېسىپ كىرسە، بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسى (نامازنى) قەسىر ئوقۇش مۇساپىسىدىن تۆۋەن بولسا، ئۇ شەھەرنىڭ ئەھلىگە قوغدىنىش پەرز. ھەتتاكى جىهاد پەرز بولمايدىغان نامراتلار، بالا، قۇل، قەرزدار، ئايال قاتارلىقلارغىمۇ پەرز بولىدۇ.] (نىهايەتۇلمۇھتاج 8ـ جىلد 58ـ بەت)

لېكىن كۈچلۈك قاراش: ئايالLارنىڭ جىهادقا چىقىشى بولسا پەرز ئەمەس.

ئىمام بۇخارى ئۆزىنىڭ «سەھىھۇل بۇخارى» ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ جىهادنىڭ كىتابىدىكى «ئايالLارنىڭ جىهاد قىلىشىنىڭ بابى» دېگەن بابتا ئائىشە رەزىيە الله ئەنهادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «إِسْتَأْذَنْتُ النَّبِيَّ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي الْجِهَادِ فَقَالَ جِهَادُكُنَّ الْحَجُّ» مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن جىهادقا چىقىش توغرۇلۇق ئىجازەت سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «سىلەرنىڭ جىهادىڭلار ھەج قىلىش» دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە) ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئىبنى بەتتال مۇنداق دېگەن:) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ مەزكۇر ھەدىسى جىهادنىڭ ئايالLارغا پەرز ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «سىلەرنىڭ جىهادىڭلار ھەج قىلىش» دېگەنلىكى، ئۇلارنىڭ جىهادقا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن چىقىشىغىمۇ بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس.] (فەتهۇل بارى 6ـ جىلد 75ـ، 76ـ بەتلەر)

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن قىلغان رىۋايىتىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «قُلتُ: يَا رَسُول الله هَلْ عَلَى النِّسَاء جِهَاد؟ قَالَ : جِهَاد لَا قِتَال فِيهِ، أَلْحَجُّ وَالْعُمْرَة» مەن مۇنداق دېدىم، ئى رەسۇلۇللاھ! ئاياللارغا جىھاد پەرزمۇ؟ پەيغەمبەر ﷺ:«جەڭسىز جىھاد پەرز، ئۇ بولسىمۇ پەرز ھەج ۋە ھەج ئۆمرە قىلىشتۇر» دەپ جاۋاب بەردى. (ئىرۋائۇل غەلىيل» 5 ـ جىلد 1185 ـ ھەدىس)

بۇ ھەدىستىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جىھادنىڭ پەرز ئەيىن ياكى پەرز كۇپايە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاياللار جىھاد قىلىشقا بۇيرۇلمىغان، شۇنىڭدەك بۇ ھەدىسكە شەرھى يازغان ئىبنى ھەجەر ۋە ئىبنى بەتتال رەھىمەھۇمۇللاھلارمۇ ئاياللار ھەققىدە ئىككى خىل پەرزنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىمىغان.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋرىدىمۇ جىھاد كۆپىنچە پەرز ئەيىنلىك ھالەتتە ئېلىپ بېرىلغان ئىدى، لېكىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئاياللارنىڭ جىھادقا چىقىشى توغرىسىدا زەئىپ بولسىمۇ بىرەر مەلۇمات مەۋجۇد ئەمەس. ئەگەر بولغان بولسا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يۇقىرىقى ھەدىسنى خاسلاشتۇرغۇچى دەپ ئېتىبارغا ئالار ئىدۇق.

كۆپلۈك كۆز قاراش جىھاد پەرز ئەيىن بولغان ھالەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاياللارنىڭ ئۈستىگە جىھادقا چىقىش پەرز ئەمەس، ئەمما تۆۋەندىكى ھالەتلەردە پەرز بولىدۇ.

1 ـ ئەگەر دۈشمەن بىر شەھەرگە بېسىپ كىرسە ۋە تازىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بارسا، ئايال كىشىنىڭ ئۆزىنى ۋە ئۆزى بىلەن بىرگە بولغان كىشىلەرنى قوغداش ئۈچۈن جەڭ قىلىشى پەرز بولىدۇ.

2 ـ بۈگۈنكىدەك جىھاد پەرز ئەيىن بولغان ۋاقىتتا شەخسىي پۇلى ۋە مال ـ مۈلكى بار ئاياللارغا مال ـ مۈلكى ئارقىلىق جىھاد قىلىشى پەرز بولىدۇ.

3 ـ ئاياللارنىڭ يۈز ئابرويىغا باشقىلار چېقىلماقچى بولسا شۇ ئايالغا ئۆزىنىڭ يۈز ئابرويىنى قوغداپ جىھاد قىلىشى پەرز بولىدۇ.

ئەھمەد ئىبنى ھەسەن ئەلتىرمىزىيدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: [مەن ئەبۇ ئابدۇللاھتىن ئالدىمغا چىقىپ مېلىمنى ۋە جېنىمنى ئىرادە قىلىدىغان بۇلاڭچىلار ھەققىدە سورىغان ئىدىم؟ ئۇلارغا ئۇرۇش قىلىپ جان ۋە مېلىڭنى قوغدىغىن، ـ دېدى.]

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدىن بىر ئادەم بىر ئايالغا چېقىلىشنى ئىرادە قىلدى ۋە ئايال ئۇنى رەت قىلدى، ئاندىن كېيىن ئۇ ئايال خالىي بىر جاينى تېپىپ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇ ئادەمنى

ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا ئۇ ئايالنىڭ ئۈستىگە بىرەر جازا بارمۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: [ئەگەر ئۇنىڭ نەپسىدىن باشقىنى ئىرادە قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ ئىپپىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا ئۇ ئايالنىڭ ئۈستىگە ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ. ئەگەر پەقەتلا مال ـ ماتا ئىرادە قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ نومۇسىغا چېقىلمايدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا ئۇنىڭغا مال ـ ماتا بېرىشنى توغرا دەپ قارايمەن، چۈنكى مال ـ ماتا ئورنىنى تولۇقلىۋالغىلى بولىدىغان نەرسە، ئىپپەت ـ نومۇستا بولسا ئورنىنى تولۇقلىغىلى بولمايدۇ.]

ئىبراھىيم ئىبنى ھارىس ئەبۇ ئابدۇللاھ نىڭ [ھۆرمەتنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىنىدۇ] دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئابدۇللاھ مۇنداق دېدى: ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە زۆھرىي ئۇ ھەدىسنى قاسىم ئىبنى مۇھەممەدتىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇ ئۇبەيدە ئىبنى ئۇمەيردىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ھەقىقەتەن بىر ئادەم ھۇزەيلىلىك كىشىلەرنى مېھمان قىلدى، ئاندىن ئۇ ئادەم بىر ئايالغا چېقىلماقچى بولغاندا ئۇ ئايال تاش ئېتىپ ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۆمەر ﷺ الله بىلەن قەسەم مەڭگۈ دىيىتىنى ئادا قىلمايدۇ،ـ دېدى. ئۆمەر ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە ھەقىقەتەن بىر ئادەم ئايالى بىلەن بىر ئادەمنى بىرگە تېپىۋېلىپ، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ ئىككىسىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئايالى ۋە ھېلىقى ئەرنىڭ لوتىسىنى ئۈزۈۋەتتى، ئۆمەر ﷺ ئۇنىڭ قېنىنى بىكار قىلىۋەتتى. (ئەلسۇننە لىلخەللال 1ـ توم 161ـ 166ـ بەت)

4ـ ئايالالارنىڭ جېنىنى، مېلىنى، يۈز ئابروي ۋە نەسەبىنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىشى پەرز بولىدۇ.

بۇ ھەقتە سەئىيد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم : «من قتل دون ماله فهو شهيد، ومن قتل دون دينه فهو شهيد، ومن قتل دون دمه فهو شهيد، ومن قتل دون أهله فهو شهيد»

«كىمكى مال ـ مۈلكىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شېھىدتۇر. كىمكى دىنىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شېھىدتۇر. كىمكى جېنىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شېھىدتۇر. كىمكى خوتۇن ـ بالىلىرىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شېھىدتۇر». (بۇخاريي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

خۇلاسە: ئايالالارغا جەڭ مەيدانىغا چىقىپ جىھاد قىلىشى پەرز ئەمەس بەلكى ئۆزىنى مۇدافىئە قىلىشى پەرزدۇر. الله ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچى

بۇگۈنكى بىزنىڭ دەۋرىمىزدىكى ئاياللارنىڭ شۇ جۈملىدىن تۈركىستاندىكى ئاياللارنىڭ كۈن بويى يۈز ئابرويلىرى تاجاۋۇزغا ئۇچرىۋاتىدۇ، ھىجابلىرى تارتىلىۋاتىدۇ ۋە قوساقلىرىدىن تۇغۇلمىغان پەرزەنتلىرى ئۆلتۈرۈلۈپ ئېلىنىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئاياللارغا جېنى، مېلىنى، يۈز ئابروي، ۋە نەسەبىنى قوغدىشى پەرز بولىدۇ. ئەگەر ئىمكانىيىتى تېپىلمىسا شارائىت ھازىرلاش ياكى ھىجرەت قىلىش ياكى قوغدىيالايدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتۈشكە ھەرىكەت قىلىشى لازىم. مالا يتم الواجب الا به فهو واجب

مەن ئاياللارنى ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جىھاد قىلىشى پەرز بولىدۇ دېمەيمەن. بەلكى كاپىرلار ئاياللارنى ھىجابىنى ئاچماقچى بولغاندا، يۈز ئابرويلىرىغا تاجاۋۇز قىلماقچى بولغاندا، تۇغۇلمىغان پەرزەنتلىرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشى پەرز بولىدۇ دەيمەن. ئەگەر ئاياللار شۇ يولدا ئۆلتۈرۈلسە شېھىد بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئاياللارغا ئاللاھ بەرگەن ئىززەتلىرىنى قوغداش يولىدا مۇستەھكەم تۇرىشىنى ۋە الله بۇيرۇغان بۇيرۇقلارغا ئەمەل قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئەمما ئاياللارغا جىھاد پەرز بولمىغان ھالەتلەردە، ئاياللارنىڭ دىنى، يۈز ئابرويى ياكى مال مۈلۈكلىرى ئەمىن بولمىسا، بۇ ھالەتلەردە ئاياللارنىڭ ھىجرەت قىلىشى پەرز بولىدۇ.

الله بارلىق مۇسۇلمان ئاچا-سىڭىللىرىمىزغا چىقىش يولى ئاتا قىلسۇن، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلىسۇن، كاپىرلار تەرىپىدىن ھىجابى تارتىۋېلىنغان، يۈز ئابرويلىرى تاجاۋۇز قىلىنغان، تۇغۇلمىغان پەرزەنتلىرى ئۆلتۈرۈلىۋاتقان ئاچا-سىڭىللىرىمىزغا، ئۆزىنىڭ ھىجابىنى، يۈز ئابرويلىرىنى، پەرزەنتلىرىنى قوغدىيالايدىغان ئىمان ۋە كۈچ قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن، ئۇلارنى قوغداش ئۈچۈن ئۆز جانىنى قۇربان قىلىدىغان ھەقىقىي ئەركەكلەرنى چىقىرىپ بەرسۇن.

## ئاياللار ئىستىشھادى (يەنى پىدائىي) ئەمەلىيىتى قىلسا بولامدۇ؟

جاۋاپ: يۇقۇردا بىز ئاياللارنىڭ جىھاد قىلىشى ھەققىدە توختالدۇق. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقىنىمىزدا ئاياللارنىڭ جىھادقا چىقىشى بولسا پەرز ئەمەس ئىكەن. لېكىن بەزى ھالەتلەردە پەرز بولىدىكەن. ئەگەر ئاياللارغا جىھاد پەرز بولغان ھالەتلەردە، ئاياللار پىدائى ئەمەلىيەتلىرىنى ئېلىپ بارسا بولىدۇ. ئەمما ئاياللارغا جىھاد پەرز بولمىغان ھالەتلەردە بولسا، بۇ ھەقتە ئالىملار ئىختىلاپ قىلغان.

شاپىئى ئالىملىرىدىن ئابدۇررەھىيم ئىبنى مۇرادى رەھىمەھۇللاھ بۇلۇغۇل مەرەمنىڭ جىھاد بابىنى شەرھەلىگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ئۇممۇ ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: [مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن يەتتە قېتىم جەڭگە قاتناشقان] دەيدۇ.

مەئۇزنىڭ قىزى ھەم رەسۇلۇللاھ ﷺ بىللە جەڭ قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

دېمەك شەرئى نەسلەر ئاياللارنىڭ جەڭگە چىقىشىنىڭ ۋە شېرىك بولىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاياللارنىڭ جەڭگە چىقىشىنى ھارام دېمەيمىز. بەلكى، ئاياللارغا جىھاد پەرز ئەمەس دەيمىز.

2ـ ئابدۇررەھىيم ئىبنى مۇرادى شاپىئى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئاياللارنى جەڭ مەيدانلىرىغا يۆتكەش ۋە يارادارلارنى يۆتكەش جەريانىدا پىتنىلەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جىھاد قىلىشى چەكلەنگەن. ئىستىشھادى (يەنى پىدائى) ئەمەلىيەتلىرىدە بولسا پىتنىلەرگە چۈشۈپ قېلىش تېپىلمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ئىستىشھادى (يەنى پىدائى) ئەمەلىيەتى قىلىشى دۇرۇس.] (سەھىيلۇل جىھاد فى شەرھى كىتابۇل جىھاد 42ـ43 بەتلەر)

ئەسكەرتىش:

1ـ ئاياللارغا ئىستىشھادىي قىلىش ئەۋزەل ئەمەس بەلكى بۇ جائىز ئىبادەت.

2ـ بەزى جايلارغا ئاياللار بېرىپ پىدائى ئەمەلىيەلىرىنى قىلسا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدۇ. بۇ خىل جايلاردا بولسا ئاياللارنىڭ پىدائى ئەمەلىيىتىنى ئېلىپ بېرىشى جائىز بولىدۇ.

3ـ ئاياللاردىن بىرىنىڭ پىدائى ئەمەلىيىتى قىلىشى بىلەن كاپىرلار ئاياللارنىڭ پىدائى ئەمەلىيىتى قىلىشىدىن قورقۇپ، باشقا مۇسۇلمان ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ھىجابلىرىنى ئاچىدىغان ۋە ياكى نەچچە مىڭلىغان مۇسلىمەلەرنى تۈرمىلارغا سۆلايدىغان ھالەتلەر بولۇپ قالسا، ئەھۋالغا قاراش كېرەك. ۋە پايدا زىياننى ياخشى ئۆلچەش كېرەك. شۇڭا ئاياللار پىدائى ئەمەلىيىتى قىلغاندا، ئىسلامى جامائەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى، ياكى ئۆزىنىڭ يولدىشى، ئاتائانىللىرى، ۋە ياكى ئىشەنچىلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى بىلەن قىلىشى لازىم.

4ـ بۇ مەسىلىدە جىھادى ئالىملارنىڭ كۆپ ئىختىلاپلىرى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈرىيەت تېپىلمىسا ئاياللار ئىمكان قەدەر پىدائىيلىق ئەمەلىيىتىنى قىلمىسا ياخشى. الله ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچى

# پۇل ـ مال بىلەن جىھاد قىلىش توغرىسىدا

الله ھەر بىر مۇسۇلمان ئەر كىشىگە جېنى بىلەن ، تىلى بىلەن، ۋە مېلى بىلەن جىھاد قىلىشنى پەرز قىلدى.

ئەمدى بىز مال بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ پەرزلىكى ۋە مۇھىملىقى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز. مال بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ پەرزلىكى ۋە مۇھىملىقى ھەققىدە كەلگەن دەلىللەر بىلەن جان بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ پەرزلىكى ۋە مۇھىملىقى ھەققىدە كەلگەن دەلىللەر ئوخشاش كەلگەن.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «جَاهِدُوا الْمُشْرِكِينَ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ وَأَلْسِنَتِكُمْ» «سىلەر مۇشرىكلارغا قارشى مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن ۋە تىلىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار» (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار! الله يولىدا ئۆز جېنى بىلەن جىھاد قىلىش ۋە مېلى بىلەن جىھاد قىلىش ئوخشاشلا پەرز بولىدۇ. يەنى ئەگەر جان بىلەن قىلىدىغان جىھاد پەرز ئەيىن بولسا پۇل ـ مال بىلەن قىلىدىغان جىھاد ھەم پەرز ئەيىن بولىدۇ، ئەگەر جان بىلەن قىلىدىغان جىھاد پەرز كۇپايە بولسا پۇل ـ مال بىلەن قىلىدىغان جىھاد ھەم پەرز كۇپايە بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدىكى جىھاد ئايەتلىرىنىڭ ئارىسىدا جىھادنىڭ مال ۋە جان بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان سۈرە تەۋبىدىكى جىھاد سودىسى ھەققىدىكى ئايەتتىن باشقا ئون ئايەتنىڭ ھەممىسىدە، مال بىلەن قىلىنىدىغان جىھادنىڭ جان بىلەن قىلىنىدىغان جىھادتىن ئىلگىرى زىكرى قىلىنىشى نازۇك سىرلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئۇ ئون ئايەت سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى بويىچە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**1 ـ ﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ فَضَّلَ اللهُ الْمُجَاهِدِينَ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ﴾** ﴿مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. الله ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى ... ئۈستۈن قىلدى.﴾ (سۈرە نىسا 95ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

2 ـ ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ﴾ ﴿ئىمان ئېيتقانلار، (الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ) ھجرەت قىلغان، پۇل ـ ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلغانلار (يەنى مۇھاجىرلار)﴾ (سۇرە ئەنفال 72ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

3 ـ ﴿الَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ الله بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ﴾ ﴿ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار﴾ (سۇرە تەۋبە 20ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

4 ـ ﴿انْفِرُوا خِفَافًا وَثِقَالًا وَجَاهِدُوا بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ فِي سَبِيلِ لله ذَلِكُمْ خَيْرٌلَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ ﴿(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش ـ قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر.﴾ (سۇرە تەۋبە 41ـ ئايەت)

5 ـ ﴿لَا يَسْتَأْذِنُكَ الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بالله وَالْيَوْمِ الْآخِرِ أَنْ يُجَاهِدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ وَالله عَلِيمٌ بِالْمُتَّقِينَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغانلار سەندىن ماللىرى بىلەن ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشقا رۇخسەت سورىمايدۇ. الله تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ.﴾ (سۇرە تەۋبە 44ـ ئايەت)

6 ـ ﴿فَرِحَ الْمُخَلَّفُونَ بِمَقْعَدِهِمْ خِلَافَ رَسُولِ الله وَكَرِهُوا أَنْ يُجَاهِدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ الله وَقَالُوا لَا تَنْفِرُوا فِي الْحَرِّ قُلْ نَارُ جَهَنَّمَ أَشَدُّ حَرًّا لَوْ كَانُوا يَفْقَهُونَ﴾ ﴿رەسۇلۇللاھقا خىلاپلىق قىلىپ (تەبۇك غازىتىغا چىقماي) قېلىپ قالغانلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆيلىرىدە بەخىرامان ئولتۇرغانلىقلىرى بىلەن خۇشال بولۇشتى، ئۇلار الله نىڭ يولىدا ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشنى ياقتۇرمىدى، ئۇلار (بىر ـ بىرىگە): «ئىسسىقتا چىقماڭلار» دېيىشتى. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «جەھەننەمنىڭ ئوتى

تېخىمۇ قىزىقتۇر. ئەگەر ئۇلار چۈشىنىدىغان بولسا، (ئەلۋەتتە ئىسسىقتا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە چىقاتتى).﴾ (سۈرە تەۋبە 81- ئايەت)

7- ﴿لَكِنِ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَهُ جَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ وَأُولَئِكَ لَهُمُ الْخَيْرَاتُ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ ﴿لېكىن، پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەر بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلار ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىهاد قىلدى، ئەنە شۇلار (ئىككىلا دۇنيانىڭ) ياخشىلىقلىرىغا نائىل بولىدۇ، ئەنە شۇلار مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر.﴾ (سۈرە تەۋبە 88- ئايەت)

8- ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُوا وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ الله أُوْلَئِكَ هُمْ الصَّادِقُونَ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، (ھەقىقى) مۇئمىنلەر الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىهاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر.»﴾ (سۈرە هۇجۇرات 15- ئايەت)

9- ﴿ لَا يَسْتَوِي مِنْكُمْ مَنْ أَنْفَقَ مِنْ قَبْلِ الْفَتْحِ وَقَاتَلَ أُوْلَئِكَ أَعْظَمُ دَرَجَةً مِنْ الَّذِينَ أَنْفَقُوا مِنْ بَعْدُ وَقَاتَلُوا﴾ ﴿سىلەردىن مەككە پەتهى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پۇل - مال سەرپ قىلغانلار ۋە (رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ دۈشمەنلەر بىلەن) ئۇرۇشقانلار (مەككە پەتهى قىلىنغاندىن كېيىن پۇل - مال) نەپىقە قىلغانلار ۋە ئۇرۇشقانلار (بىر - بىرى بىلەن) باراۋەر ئەمەس، ئەنە شۇلارنىڭ دەرىجىسى (مەككە پەتهى قىلىنغاندىن) كېيىن نەپىقە قىلغان ۋە ئۇرۇشقانلارنىڭ (دەرىجىسىدىن) چوڭدۇر.﴾ (سۈرە ھەدىد 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

10- ﴿تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَتُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ الله بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ﴾ ﴿الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىهاد قىلغايسىلەر.﴾ سۈرە سەپ 11- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

جان بىلەن قىلىنىدىغان جىهاد مال بىلەن قىلىنىدىغان جىهادتىن ئىلگىرى قىلىنغان بىردىنبىر ئايەت پەقەت سۈرە تەۋبىدىكى جىهاد سودىسى ھەققىدىكى ئايەتتۇر. بۇ توغرىدا الله تائالا

مۇنداق دەيدۇ:﴿إِنَّ اللهَ اشْتَرَى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، الله مۆئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى.﴾ (سۈرە تەۋبە 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

كۆپ ساندىكى ئايەتلەردە مالنىڭ جاندىن ئىلگىرى زىكرى قىلىنىشى ھەرگىزمۇ مالنىڭ جاندىن ئەلا بولغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا جان بىلەن جىھاد قىلىش مەرتىۋە جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما جان بىلەن قىلىنىدىغان جىھاد مال بولمىسا ئەمەلگە ئاشمايدۇ. چۈنكى غازاتچى قوشۇننى تەييارلاش ئىقتىسادقا باغلىق.

جان بىلەن قىلىدىغان جىھاد مال بىلەن قىلىدىغان جىھادتىن كېيىن مۇكەممەللىشىدۇ. ئەمما «شۈبھىسىزكى، الله مۆئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى.» دېگەن ئايەتكە كەلسەك، بۇ الله بىلەن سودىلىشىش ئورنى بولغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇڭلاشقا بەندىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى بولغان جېنىنى، ئۇنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن تەقدىم قىلىشى لازىم بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالانىڭ ساخاۋىتىنى بايان قىلىدىغان بۇ ئايەتتە جاننى مالدىن ئىلگىرى قىلدى، چۈنكى الله تائالا تامامىي مەخلۇقلارنىڭ جانلىرىغا ئۆزى ئىگە بولۇپ تۇرۇپ، ئۇنى مۆئمىنلەردىن جەننەتنىڭ باراۋىرىگە سېتىپ ئالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن: كۆپىنچە ئايەتلەردە مالنىڭ جاندىن ئىلگىرى زىكرى قىلىنىشىدا شۇنىڭ ئەمەلىيەتتىكى تەرتىپى، ئورنى نەزەردە تۇتۇلغان. چۈنكى جان بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان جىھاد مالنى بەرمەستىن مۇكەممەللەشمەيدۇ. سۈرە تەۋبىدىكى جان مالدىن ئىلگىرى قىلىنغان ئايەتكە كەلسەك، بۇ الله بىلەن سودىلىشىش ئورنى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىككىسىنىڭ قىممىتى نەزەردە تۇتۇلغان، ـ دەپ قارايمەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن جىھاد قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەن ۋاقىتتا الله تائالا كېسەللەر ۋە ئاجىزلارنى ئۆزرىلىك ھېسابلىدى. ئۇلار بىلەن بىرگە ئۆزلىرىنى تەييارلىيالمايدىغان نامراتلارنىمۇ ئۆزرىلىك ھېسابلىدى. يەنە ئۇلار بىلەن بىرگە قوشۇپ پەيغەمبەر ﷺ نىمۇ ئۆزرىلىك ھېسابلىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىدا ئۇلارنى تەييارلايدىغان پۇل ـ مال بولمىغان ئىدى.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿لَيْسَ عَلَى الضُّعَفَاءِ وَلَا عَلَى الْمَرْضَى وَلَا عَلَى الَّذِينَ لَا يَجِدُونَ مَا يُنفِقُونَ حَرَجٌ إِذَا نَصَحُوا لِلَّهِ وَرَسُولِهِ مَا عَلَى الْمُحْسِنِينَ مِنْ سَبِيلٍ وَاللهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ وَلَا عَلَى الَّذِينَ إِذَا مَا أَتَوْكَ

لِتَحْمِلَهُمْ قُلْتَ لا أَجِدُ مَا أَحْمِلُكُمْ عَلَيْهِ تَوَلَّوا وَأَعْيُنُهُمْ تَفِيضُ مِنْ الدَّمْعِ حَزَنًا أَلاَّ يَجِدُوا مَا يُنفِقُونَ﴾ ﴿ئاجىزلار (يەنى ياشانغان بوۋايلار)، كېسەللەر، (جىھادقا چىقىشقا) خىراجەت تاپالمىغانلار اللە قا ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولسىلا، جىھادقا چىقمىسا گۇناھ بولمايدۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەشكە يول يوقتۇر، اللە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. يەنە مۇنداق كىشىلەرنىمۇ ئەيىبلەشكە يول يوقتۇركى، ئۇلار (جىھادقا چىقىش ئۈچۈن) سەندىن ئۇلاغ سوراپ كەلگەندە، (ئۇلارغا سەن) «مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق» دېدىڭ، ئۇلار (جىھادقا چىقىشقا) سەرپ قىلىدىغان نەرسە تاپالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن غەمكىن، كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا قايتىشتى.﴾

شۇنىڭدەك يەنە بىر تەرەپتىن بەزىدە پۇل ـ مال بىلەن خوتۇن كىشى ۋە ئاجىزلارغا ئوخشاش قورال ئارقىلىق جىھاد قىلالمايدىغان ئادەملەرمۇ جىھاد قىلىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ دېگەندەك: «مَنْ جَهَّزَ غَازِيًا فَقَدْ غَزَا» «كىمكى بىر غازىنى جابدۇسا ئۇ غازات قىلغان بولىدى.»

يۇقارقى ئايەت ـ ھەدىسلەر ۋە ئالىمالارنىڭ سۆزلىرىدىن شۇنى خۇلاسە قىلىمىزكى، ئۆز جېنى بىلەن جىھاد قىلىشقا قادىر بولالمىغان ۋە ئۆز جېنى بىلەن جىھاد قىلىش ھەققىدە ئۆزرىلىك بولغان كىشىلەرگە مېلى بىلەن جىھاد قىلىش پەرز بولىدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى ھىجرەت قىلىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى سەۋەبى بىلەن ۋە ئۆزرىسى سەۋەپلىك جىھاد قىلىشقا قادىر بولالمىغان بولسىمۇ مېلى بىلەن جىھاد قىلىشتىن ئاجىز كەلمەسلىكى مۇمكىن. كېسەل سەۋەبىدىن جېنى بىلەن جىھاد قىلىشتىن ئۆزرىلىك بولغىنى بىلەن مېلىنى بىمالال ئەۋەتەلەيدۇ ۋە جىھادقا چىقىرالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز جېنى بىلەن جىھاد قىلىش ھەققىدە ئۆزرىلىك بولغان كىشىلەر مېلى بىلەن جىھاد قىلىشتىن ئۆزرىلىك ھېساپلانمايدۇ. اللە ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

مۇجاھىدلار پۇل مالغا ئېھتىياجلىق بولغاندا مال بىلەن جىھاد قىلىش پەرزدۇر. ھەتتاكى جىھاد پەرز كۈپايە بولغاندا ھەم بايلارنىڭ مال مۈلۈكلىرىنى اللە يولىدا سەرپ قىلىشى پەرزدۇر. بۇ خىل ھالەتلەردە قادىر بولالايدىغان ھەر بىر مۇسۇلمان كىشى ھەتتاكى ئاياللار ھەم ئىقتىسادىنى اللە يولىدىكى جىھاد ئۈچۈن ئىشلىتىشى بەكمۇ زۆرۈر.

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھدىن ئەگەر پۇل ـ ماللار ئاچ قالغانلارنى تويغۇزىشقا يەتمىسە، پۇل ـ ماللارنى الله يولىدىكى جىھادقا خەجلىمىسە جىھاد ھەرىكىتى زىيانغا ئۇچرايدىغان بولسا بۇ ئەھۋالدا قانداق قىلىش كېرەك؟ ـ دەپ سورالدى.

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:[كاپىرلار مۇسۇلمانلارنى قالقان قىلىپ قوللانغاندا قانداق قىلساق بۇ ئەھۋالدىمۇ جىھاد ئىبادىتىنى ئالدىن ئورۇندا قويىمىز. يەنى بۇ خىل ھالەت ئاچ قالغانلار ئۆلۈپ كېتىشكە ئېلىپ بارغان تەقدىردىمۇ پۇل ماللارنى الله يولىدىكى جىھادقا سەرپ قىلىمىز دېگەن.] ھازىرقى ئەسىرىمىزدە ئۇ دەرىجىدىكى ئاچارچىلىقلار يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇل ماللارنى الله يولىدىكى جىھادقا سەرپ قىلىشىمىز بەكرەك مۇھىم ئىكەن.

ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئىنسانلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىنىڭ ھەممىسى كەتكەن تەقدىردىمۇ ئەسىرلەرنى ئازات قىلىش ئۈچۈن مال ـ مۈلۈكلىرىنى سەرپ قىلىش لازىم بولىدۇ.]

ئۇنداقتا، بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە پۈتۈن دۇنيادا جۈملىدىن تۈركىستاندا مۇسۇلمانلار دىنىنى ساقلىيالماي قېلىۋاتقان، ئىسلامى دىيارلارنى كاپىرلار ئىشغال قىلىۋاتقان ئۇستازلىرىمىز ۋە تەۋھىدنى قوغدىغۇچىلار كاپىرلارنىڭ زىندانلىرىدا ئەسىر قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا بولسا، بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ الله بەرگەن پۇل ـ ماللىرىنى قادىر بولغىنىچە الله يولىدىكى جىھادقا ئاتىشى پەرزدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىقتىساد ئىگىلىرى بولغان قېرىنداشلىرىمىز، ئۆزلىرىنىڭ ماللىرى ھەققىدە الله نىڭ بەرگەن ھۆكمىگە دىققەت قىلسۇن.

ئەگەر تۈركىستاندىكى بايلار پەقەت بىر كۈنلۈك خىراجىتىنى الله يولىدىكى جىھادقا ئاتايدىغان بولسا ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن تۈركىستاندا غەلبە نۇسرەتلەرنىڭ بولىشىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن بولاتتى.

الله ئۆز پەزلى بىلەن ئىكرام قىلىپ مال ـ مۈلۈكلەرنى ئاتا قىلىپ بەرگەن قېرىنداشلىرىم! الله يولىدىكى جىھاد ئىبادىتى ئۈنۈملۈك بولىشى ئۈچۈن ئىقتىسادقا لازىم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مال ـ مۈلۈكلىرىڭلارنى الله يولىدىكى جىھادنى قىلىش ئۈچۈن قەھرىتان سوغۇقلاردا توڭلاۋاتقان، دۇنيانىڭ راھەت پاراغەتلىرىنى تاشلاپ ئىسلام ئۈممىتىنى خارلىقتىن ئىسلامى ئادالەتكە ئېلىپ چىقىش ۋە ئىسلامى دىيارلارنى ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ چاڭگاللىرىدىن ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان الله يولىدىكى مۇجاھىدلارغا ئاتاڭلار!

ئى تۈركىستاندىكى باي قېرىنداشلىرىم! الله بەرگەن قولۇڭلاردىكى بۇ ئىقتىسادلار بىلەن جەننەتنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ.

يۇقارقى ئايەتلەرنى ياخشى تەپەككۇر قىلىڭلار! ئوسمان ئىبنى ئەففان ﷺ ھەم ئىقتىسادى ئارقىلىق بىر نەچچە قېتىم جەننەتنى سېتىۋالغان.

عَنْ عَبْدِ الله بْنِ الْقَاسِمِ عَنْ كَثِيرٍ مَوْلَى عَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ سَمُرَةَ عَنْ عَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ جَاءَ عُثْمَانُ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِأَلْفِ دِينَارٍ قَالَ الْحَسَنُ بْنُ وَاقِعٍ وَكَانَ فِي مَوْضِعٍ آخَرَ مِنْ كِتَابِي فِي كُمِّهِ حِينَ جَهَّزَ جَيْشَ الْعُسْرَةِ فَيَنْثُرُهَا فِي حِجْرِهِ قَالَ عَبْدُ الرَّحْمَنِ فَرَأَيْتُ النَّبِيَّ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُقَلِّبُهَا فِي حِجْرِهِ وَيَقُولُ مَا ضَرَّ عُثْمَانَ مَا عَمِلَ بَعْدَ الْيَوْمِ مَرَّتَيْنِ.

ئابدۇراھمان ئىبنى سەمۇرە ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ تەبۇك غازىتى ئۈچۈن قوشۇن تەييارلىغانىدى، ئوسمان ﷺ مىڭ دىنار ئالتۇن ئېلىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا قويدى. مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «دىنارلارنى قۇچىقىغا قويۇپ، ئۆرۈپ - چۆرۈگەن ھالدا (ئىككى قېتىم): بۈگۈندىن تارتىپ ھېچبىر ئىش ئوسمانغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ،»- دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. (تىرمىزى)

رەسۇلۇللاھ ﷺ : «كىمكى بۇ قىيىنچىلىق قوشۇننى تەييارلىسا ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ،» ـ دېگەندە، بۇ قوشۇننى ئوسمان ﷺ تەييارلىغان.

جەننەتكە ئاشىق بولغۇچىلار الله نىڭ بۇ يول يۇرۇقلىرىغا ئەھمىيەت بەرسۇن

جىھاد پۇل مالغا ئېھتىياجلىق بولغاندا، پۇل ماللارنى توپلاپ ئۇنى الله يولىدا سەرپ قىلماسلىق بولسا الله نىڭ جازاسىغا ئېلىپ بارىدۇ.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿ **يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِنَّ كَثِيراً مِّنَ الأَحْبَارِ وَالرُّهْبَانِ لَيَأْكُلُونَ أَمْوَالَ النَّاسِ بِالْبَاطِلِ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ الله وَالَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلاَ يُنفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ الله فَبَشِّرْهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ[34] يَوْمَ يُحْمَى عَلَيْهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكْوَى بِهَا جِبَاهُهُمْ وَجُنوبُهُمْ وَظُهُورُهُمْ هَذَا مَا كَنَزْتُمْ لأَنفُسِكُمْ فَذُوقُواْ مَا كُنتُمْ تَكْنِزُونَ**﴾

﴿ئى مۇئمىنلەر! ھىبرىلەر ۋە راھىبلەردىن (يەنى يەھۇدىي ۋە ناسارا ئۆلىمالىرىدىن) نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ھەقىقەتەن ھارام يەيدۇ، (كىشىلەرنى) الله نىڭ دىنىغا كىرىشتىن توسىدۇ، ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى

الله نىڭ يولىداسەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن[34]. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئۇ ئالتۇن-كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: «بۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن-كۈمۈشۈڭلار (سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى الله نىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). يىغقان ئالتۇن-كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ[35].﴾ (سۈرە تەۋبە)

ئى تۈركىستان بايلىرى ئەگەر سىلەر ئەڭ بولمىغاندا پۇللىرىڭلارنىڭ زاكاتلىرىنى بولسىمۇ الله يولىدىكى جىھادقا ئاتىغان بولساڭلار ئىنشائاللاھ الله نىڭ ئىزنى بىلەن بۇ ئۈممەتنىڭ ئەزىز بولىشىغا ئالاھىدە ياردىمى بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بېخىللىقتىن ساقلىنىڭلار، سىلەر پۇللىرىڭلارنى الله يولىدا خەجلىمىسەڭلار بەربىر كاپىرلار سىلەرنىڭ پۇل- ماللىرىڭلارنى مۇسادىر قىلىدۇ ۋە ياكى ھەر خىل چىرايلىق ناملار بىلەن سىلەردىن ئېلىپ ئىسلامى قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا ئىشلىتىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا بۇ سىلەر ئۈچۈن ھەسرەتنىڭ ئۈستىگە ھەسرەت بولۇپ قالىدۇ.

## مۇجاھىدلارغا تەۋسىيە

1- ئى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىم! الله قا ھەمدىلەر بولسۇنكى، الله سىلەر ۋە بىزلەرنى جىھاد قىلىشقا نېسىپ قىلىپتۇ. ئەمدى ئامال بولسا بۇ جىھادنى جانلىرىمىز بىلەن ۋە ماللىرىمىز بىلەن قىلىشقا تىرىشايلى! جىھاد مەيدانىدا ماللىرىمىزنى ئاتاشقا ئالدىرايلى، شۇنداقلا قورال-ياراق ۋە ئوق - دورىلارنى ئامال بار شەخسىي ئېلىشقا تىرىشايلى!

## تىل بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ پەرزلىكى توغرىسىدا

الله ھەر بىر ئىنسانغا جېنى بىلەن، يا تىلى بىلەن، يا مېلى بىلەن جىھاد قىلىشنى پەرز قىلدى.

بىز تۆۋەندە تىل بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ پەرزلىكى ۋە مۇھىملىقى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «جَاهِدُوا الْمُشْرِكِينَ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ وَأَلْسِنَتِكُمْ» «سىلەر مۇشرىكلارغا قارشى مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن ۋە تىلىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار» (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

تىل بىلەن جىھاد قىلىش ھەم جېنى ۋە مېلى بىلەن جىھاد قىلىشقا ئوخشاشلا پەرز بولىدۇ.

تىل بىلەن جىھاد قىلىش دەۋەت قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش بىلەن بولىدۇ.

ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش ئىككى پەرز بولۇپ، بۇنىڭ دەلىلى الله تائالانىڭ:

**﴿وَلْتَكُنْ مِنْكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾**

﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾ دېگەن سۆزىدۇر.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مَنْ رَأَى مِنْكُمْ مُنْكَرًا فَلْيُغَيِّرْهُ بِيَدِهِ فَإِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَبِلِسَانِهِ فَإِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَبِقَلْبِهِ وَذَلِكَ أَضْعَفُ الْإِيمَانِ» «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن كىمكى يامان ئىشنى كۆرسە قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، قادىر بولالمىسا تىلى بىلەن، ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا قەلبى بىلەن (نارازى بولسۇن يەنى قاچان ئىمكان بولسا شۇ مۇنكەرنى ئۆزگەرتىمەن دېگەن ئىرادىنى قىلسۇن)، مانا بۇ ئەڭ ئاجىز ئىماندۇر.» (مۇسلىم رىۋايىتى)

ئىمام نەۋەۋى بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دەيدۇ:[ ئەمما پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «ئۇ يامان ئىشنى ئۆزگەرتسۇن» دېگەن سۆزى (يەنى بۇيرۇقى) ئۇممەتنىڭ ئىجماسى بىلەن پەرزلىكنى ئۇقتۇرىدۇ. ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشنىڭ پەرزلىكىگە قۇرئان، ھەدىس ۋە ئۇممەتنىڭ ئىجماسى قاتارلىقلارغىمۇ دالالەت قىلىدۇ.]

ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش يەنە نەسىھەتنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇكى، بۇ نەسىھەت بولسا دىندۇر.

ئىمام نەۋەۋى يەنە ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ھۆكۈمىنىڭ پەرزلىكى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:[ھەقىقەتەن ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش پەرز كۇپايىدۇر. ئەگەر ئۇنى بەزى كىشىلەر ئېلىپ بارسا قالغانلاردىن گۇناھ ساقىت بولىدۇ. ئەگەر ئۆزرىسى ۋە

قورقۇنچىسى يوق تۇرۇپ ئۇنى ھەممە كىشى تەرك ئەتسە، ئۇنى ئېلىپ بېرىشقا قادىر بولغانلىكى ھەرقانداق ئادەم گۇناھكار بولىدۇ.

ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش بەزىدە پەرز ئەين بولىدۇ. ئەگەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشنى ئۇ ئادەمدىن باشقا ئادەم بىلمەيدىغان ئورۇندا بولسا ياكى ئۇ يامان ئىشنى ئۇ ئادەمدىن باشقا ئادەم يوقىتىشقا قادىر بولالمايدىغان ئورۇندا بولسا، ئۇ ئادەمگە پەرز ئەيىن بولىدۇ. (مەسىلەن: ئايالى، بالىسى، خىزمەتچىسىنى يامان ئىش ئۈستىدە ياكى ياخشىلىقتا يېتەرسىزلىكىنى كۆرگەن ئادەمگە ئوخشاش). ئۆلىمالار مۇنداق دېگەن: شەرىئەت ئەھكاملىرىغا بۇيرۇلغان كىشىدىن ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش، ئۇ ئادەمنىڭ (ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشۇمنىڭ) پايدىسى يوق دېگەن گۇمانى بىلەن ساقىت بولمايدۇ، بەلكى ئۇ ئادەمگە ئۇنى قىلىش پەرز. چۈنكى ۋەز-نەسىھەت مۇئمىنلەرگە پايدىلىق. بىز يۇقىرىدا بۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە پەرز بولغىنى (كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشى ئەمەس) ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇشتۇر،- دېگەن ئىدۇق.]

ئىمام نەۋەۋى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان كىشىگە نىسبەتەن ھوقۇق - مەنسەپنىڭ شەرت ئەمەسلىكى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: [ئۆلىمالار مۇنداق دېگەن ـــ ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش ھوقۇقدارلارغىلا خاس بولماستىن بەلكى بۇنى ئاددىي مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئېلىپ بېرىشى دۇرۇس. ئىمامۇلھەرەمەين مۇنداق دېگەن ـــ بۇنىڭغا دەلىل مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجماسىدۇر. چۈنكى بىرىنچى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسىردىكى مەنسىپى بولمىغان كىشىلەر مەنسەپدارلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇيتتى، يامانلىقتىن توساتتى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ مەنسەپسىز تۇرۇپ ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا كايىماستىن بەلكى ئۇلارنى ئېتراپ قىلىشقان ئىدى.]

تىل ئارقىلىق جىھاد قىلىش بولسا ئالىملارغا تېخىمۇ ۋاجىبنىڭ ۋاجىبى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى ئالىملارغا ئومۇمىيۈزلۈك تىل بىلەن جىھاد قىلىشقا كۈچىشى بەكرەك ۋاجىب بولىدۇ. الله ياخشى بىلگۈچى.

چۈنكى، الله بۇيرىغان بۇ جىھاد ئىبادىتى بولسا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ۋە ياكى سەل قارىلىۋاتقان بىر ئىبادەت بولۇپ قالدى. شۇڭا بۇ ئەھكاملارنى بايان قىلىش تىل بىلەن جىھاد قىلىش قاتارىدىندۇر.

ئەسكەرتىش: ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ئۆزىلا، تىل بىلەن جىھاد قىلىشنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى تىل بىلەن جىھاد قىلىش دېگىنىمىز-ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قايسى بىر

ھۆكۈمى يوق قىلىشقا ئۇرۇنىلغان بولسا، شۇ ھۆكۈملەرنى دەۋەت قىلىش تىل بىلەن جىھاد قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: تاھارەت ئېلىش مەسىلىلەرنى بايان قىلىشنىڭ ئۆزىلا تىل بىلەن جىھاد قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر شۇ ھۆكۈملەر كاپىرلار تەرىپىدىن پايمال قىلىنغاندا، شۇ ھۆكۈملەرنى بايان قىلىش تىل بىلەن جىھاد قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

## ئالىملار تىلى بىلەن جىھاد قىلسا، ئۇلاردىن جان ۋە مال بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ پەرزلىكى چۈشۈپ كېتەمدۇ؟

جاۋاپ: ئالىملار تىلى بىلەن جىھاد قىلسا، ئۇلاردىن جانلىرى ۋە ماللىرى بىلەن جىھاد قىلىش ساقىت بولمايدۇ. چۈنكى بۇ جىھاد ئىبادىتى تىلى بىلەن، جېنى ۋە مېلى بىلەن قىلىش پەرز بولغان ئىبادەت. مەن تۆۋەندە بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تارىخىدىن ئىككى دەلىلنى ئەسلىتىپ ئۆتىمەن.

1 ـ ئالىملارنىڭ ئالىمى ۋە قوماندانلارنىڭ قوماندانى بولغان پەيغەمبەر ﷺ <مەن دەۋەت قىلىپ تۇراي سىلەر جىھادقا چىقىڭلار> دېمەستىن ئىسلامدىكى تۇنجى بولغان بەدىر جىھادىغا قاتناشتى ۋە ئوھۇد جىھادىدا ئېغىر جاراھەتلەندى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن جەڭلەرگە ئۆزى بىۋاستە قاتناشقان.

2 ـ پەيغەمبەر ﷺ ئالىملار قېلىپ تۇرۇڭلار جىھادقا چىقسۇن دېمىدى. بەلكى رەسۇلۇللاھ ﷺ دەۋرىدە، ئالىملار ۋە باشقا ساھابىلار ھەم ئوخشاش چىقتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملارغا جانلىرى، ماللىرى ۋە تىللىرى بىلەن جىھاد قىلىشى ئوخشاشلا پەرز بولىدۇ. بولۇپمۇ تىلى بىلەن قىلىنىدىغان جىھادقا ئالىملارنىڭ بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈردۇر.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن دىن سۆيەر رەببانى ئالىملىرىمىزدىن مۇسۇلمان خەلقىنى ۋە ئۇلارنىڭ بەخىت سائادىتىگە ئاتلانغان مۇجاھىدلارنى ياردەمسىز تاشلاپ قويماسلىقىنى ۋە ئۇلارغا كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىمەن.

ئى ئۇستازلىرىمىز! سىلەرنىڭ تىلىڭلار ئارقىلىق قىلغان الله يولىدىكى جىھادىڭلار بولسا، بىز ئۈچۈن بەك مۇھىم. جىھاد مەيدانىدا بىز مىڭلىغان مۇجاھىدلارغا مۇھتاج بولغىنىمىزدەك، ئالىملارغا ھەم مۇھتاج. بولۇپمۇ ھازىرقى دەۋرىدە مۇجاھىدلار ئۈچۈن، 100 مۇجاھىدنىڭ

كەلگىنىدىنمۇ بىر ئالىمغا بەكرەك مۇھتاج. بۇ دېگەنلىكىمىز بىزنىڭ سانىمىز يېتەرلىك بولدى دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بىز مۇجاھىدلار سانىنىڭ ھەسسىلەپ كۆپ بولۇشنى ئارزۇ قىلىمىز، ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالىملارغا قانچىلىك مۇھتاج ئىكەنلىكىمىزنى ئۇقتۇرۇپ قويماقچىمىز.

ئى دىن ئوتىدا كۆيىۋاتقان ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى قېرىنداشلار! مۇجاھىدلار ئۇچۇن سىلەرنىڭ تۆھپەڭلار بەكمۇ زۆرۈر. بىز سىلەرگە ئاتا ئانىمىزدىنمۇ بەكرەك مۇھتاجمىز. مۇجاھىدلارنى ياردەمسىز تاشلاپ قويماڭلار. بولۇپمۇ تۈركىستان جىھادى ئۈچۈن ئالىملار ۋە ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار بەكمۇ زۆرۈر.

ئى ئالىملار! ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى قېرىنداشلار! سىلەر كۈچىڭلارنىڭ يېتىشچە جىھادى دەۋەتلەرنى ئېلىپ بېرىڭلار! مانا بۇ الله نىڭ بۇيرىقىدۇر.

ئى ئۇستازلار! جىھاد بىلىملىرىنى ۋە تاكتىكىلىرىنى ئىسلام ئۇممىتىگە يەتكۈزۈڭلار! ۋە بۇنىڭدا قىلچىلىك سوسلىق قىلماڭلار! تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى بۇنىڭغا بەكمۇ مۇھتاج.

ئاخىردا بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا قۇرۇق شۇئارلارغا ئالدانماستىن بەلكى پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىشڭلارنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ئەمما، بۇ جىھاد پەقەت قورالىق ئۇرۇش بىلەنلا بولمايدۇ. بۇ بەزىدە تىل بىلەن بولسا بەزىدە مال بىلەن بولىدۇ، يەنە بەزىدە جان بىلەن بولىدۇ. ئەگەر ئىمكانى يەتسە شۇ تۈرلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن جىھاد قىلىش پەرىز بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىش شەرىپىگە نائىل بولغانلار نىمىدېگەن بەختلىك كىشى بولار؟ جىھاد ئىبادىتى تىل بىلەن بولۇشنى تەلەپ قىلغان بولسا، تىل بىلەن بولغان جىھاد ھەم ئەۋزەل جىھادلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِنَّ مِنْ أَعْظَمِ الْجِهَادِ كَلِمَةَ عَدْلٍ عِنْدَ سُلْطَانٍ جَائِرٍ.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا ھەق گەپ قىلىش ـ جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىرىدىندۇر». (تىرمىزى)

ابن عباس رفعه: سيد الشهداء يوم القيامة حمزة بن عبد المطلب ورجل قام إلى إمام جائر فأمره ونهاه فقتله.

ئىبنى ئابباس ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:«قىيامەت كۈنىدىكى شېھىدلارنىڭ سەردارى ـ ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب ۋە زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى ياخشى ئىشقا بۇيرىغان ۋە يامان ئىشتىن توسقان، شۇ سەۋەبتىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىدۇر.» (ئەلئەۋسەت)

ئۇلۇغ رەببىمىز الله دىن جېنىمىز، پۇل-ماللىرىمىز ۋە تىللىرىمىز بىلەن جىھاد قىلىشقا ياردەم بېرىشىنى سورايمىز. ھەر بىر مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا ئىسلامنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېلىپ كەلگەندىكىدەك ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن چۈشۈنۈشكە مۇيەسسەر قىلىشىنى سورايمىز. بىزلەرنى ئۆزىمىزنىڭ جېنىنى ۋە مېلىنى قۇربان قىلىپ ئۆزىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان مۇسۇلمانلاردىن قىلىشىنى سورايمىز. بىزلەرنى غەپلەت ئۇيقۇلىرىمىزنى ئېچىشقا ياردەم بېرىشىنى سورايمىز. شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى جۇملىدىن تۈركىستاندىكى زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆز رەھمىتىگە ئېلىشىنى ۋە ئۇلارنى ئىسلامدىكى ھەقىقەت يولىغا قايتۇرۇپ بېرىشىنى سېغىنىپ سورايمىز. ئامىين! ئامىين! ئامىين!!!

ئى مۇسۇلمان قېرىندىشلار! جىھاد ئىبادىتى جېنىمىز، مېلىمىز ۋە تىلىمىز بىلەن ئادا قىلىنىدىغان بۇيۈك بىر ئىبادەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىبادەتنى پەقەت بۇنداق قىلىش كېرەك دەپ ئۆلچىۋالمايلى! بەلكى الله نىڭ بۇيرۇقى جىھادنى جېنىمىز بىلەن ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسا جېنىمىز بىلەن، ئەگەر الله نىڭ بۇيرۇقى جىھادنى مېلىمىز بىلەن ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسا مېلىمىز بىلەن ئادا قىلايلى!

ئەگەر الله نىڭ بۇيرۇقى جىھادنى تىلىمىز بىلەن ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسا تىلىمىز بىلەن ئادا قىلايلى!

ئاخىردا ئەھلى ئىلىم ئۇستازلارغا ئەسكەرتىپ قويىدىغىنىم- بىز جىھادنى تىلىمىز بىلەنلا قىلىمىز دەپ باشقا بۇيرۇقلارنى تاشلاپ قويماسلىقىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن!

مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بولغان تەۋسىيەلىرىم-خالىغانچە ئەھلى ئىلىملەرگە تىل تەككۈزۈشتىن ئاگاھ بولايلى.

## رەسۇلۇللاھ ﷺ قاتناشقان جەڭلەر

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بۇ جىھاد ئىبادىتىنى رەسۇلۇللاھ بىزلەرگە ئەمەلىي ئۈلگە بولۇپ كۆرسىتىپ قويدى. مەن تۆۋەندە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بولغان رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قاتناشقان جەڭلىرىنى زىكىر قىلىپ ئۆتىمەن. بۇ ئارقىلىق ئىنشا ئاللا ھەر بىر قېرىندىشىمىزغا الله يولىدىكى جىھاد ئىبادىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىبادەت ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزى قاتناشقان ۋە كاپىرلار بىلەن بولغان جەڭدە مۇسۇلمانلارغا قوماندانلىق قىلغان غازاتلارنىڭ سانى ھەققىدە ئۆلىمالار كۆپ پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ 21 غازاتقا قاتناشقان.» (مۇسلىم رىۋايىتى)

زەيد ئىبنى ئەرقەم ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ 19 قېتىم غازات قىلغان.»

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق زىكىر قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ 27 غازاتقا قاتناشقان.»

مەن بۇ يەردە رەسۇلۇللاھ ﷺ قاتناشقان ئەڭ مەشھۇر جەڭلەرنى كەلتۈرۈپ ئۆتىمەن.

**بىرىنچى: ئەبۋائ غازىتى**

ئۇۋۋەدان غازىتىمۇ دېيىلىدۇ. ئۇ ھىجرەتنىڭ بىرىنچى يىلى سەفەر ئېيىدا بولغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ جەڭگە ئۇچراشماي قايتىپ كەلگەن.

**ئىككىنچى: بۇۋات غازىتى**

ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا بولغان.

**ئۈچىنچى: ئۇشىرە غازىتى**

ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى جۇمادىيەل ئۇۋۋلا ئېيىدا بولغان.

**تۆتىنچى: ئەۋۋەلقى بەدىر غازىتى**

بۇ ئۇشەيرە غازىتىدىن ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى جۇمادىيەل ئۇۋۋلا ئېيىدا بولغان.

**بەشىنچى: چوڭ بەدىر غازىتى**

بۇ الله ئىسلامنى ئىززەتكە ئېرىشتۈرگەن ۋە شۇ سەۋەبلىك كاپىرنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى ھالاك قىلغان چوڭ بىر جەڭدۇر. بۇ جەڭ ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى رامىزاننىڭ 17-كۈنى سەھەردە بولغان.

غازاتقا قاتناشقان ساھابىلارنىڭ سانى 300 ئون نەچچە ئىدى.

**ئالتىنچى: بەنۇ سۇلەيم غازىتى**

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: [رەسۇلۇللاھ ﷺ بەدىردىن مەدىنىگە كېلىپ، ئۇ يەردە يەتتە كېچە تۇردى. ئاندىن بەنۇسۇلەيمگە غازات قىلىش ئۈچۈن ساھابىلىرى بىلەن چىقتى ۋە ئۇلارنىڭ سۈيى بار جايغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە ئۈچ كېچە تۇردى. لېكىن ئۇرۇش يۈز بەرمىدى.]

**يەتتىنچى: بەنۇ قەينۇقا غازىتى**

بۇ ھىجرەتتىن 20 ئاي ئۆتۈپ، شەۋۋالنىڭ يىرىمىدا شەنبە كۈنى بولغان. بەنۇ قەينۇقا يەھۇدىلاردىن خىيانەت سادىر بولغان تۇنجى ئايماق ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنى مۇھاسىرە قىلدى. ئۇلار ئۆز قورغانلىرى بىلەن قوغداندى. ئاندىن ﷲ ئۇلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار رەسۇلۇللاھﷺ بىلەن ئەھدىلىشىشكە چۈشتى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇناپىقلار كاتتىۋېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي شاپائەت تەلەپ قىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنى سۈرگۈن قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ زېمىن، مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسۇلمانلارغا تەقسىملىدى.

**سەككىزىنچى: سەۋىق ( تالقان) غازىتى**

ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى زۇلھەججىنىڭ بەشىنچى كۈنى، رەسۇلۇللاھﷺ مۇشرىكلاردىن ئەبۇ سۇفيان بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى مەقسەت قىلىپ مەدىنىدىن چىقتى. ئەبۇ سۇفيان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆز يۈكلىرىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن بىللە ئېلىپ ماڭغان سەۋىق (يەنى تالقان) نى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. شۇڭا بۇ غازات سەۋىق (يەنى تالقان) غازىتى دەپ ئاتالغان.

**توققۇزىنچى: غەتفان غازىتى**

بۇ غازات ئەنمار غازىتى ۋە زىئەمىر غازىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھىجرىيەنىڭ 3 ـ يىلى رەبىيئۇلئەۋۋەل ئېيىدا نەجدە زېمىنىدا بولغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن 450 كىشى بولۇپ، دۈشمەننى ئۇچراتمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇشسىز قايتىپ كەلگەن.

**ئونىنچى: ئىككىنچى بەنۇ سۇلەيم غازىتى**

پەيغەمبەر ﷺ ھىجازدىكى فەرئى دېگەن جايغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ يەردە رەبىيئۇلئاخىر ۋە جۇمادىيەلئۇۋۋلا ئېيىدا تۇردى، دۈشمەنگە يولۇقمىغانلىقتىن ئۇ يەردە ئۇرۇش بولمىدى.

**ئون بىرىنچى:ئوھۇد غازىتى**

ئوھۇد غازىتى ھىجرەتنىڭ 3 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىدا بولدى .مۇشرىكلارنىڭ سانى 3000، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 700 ئىدى. ئىككى قوشۇن ئوھۇدتا ئۇچراشتى.

**ئون ئىككىنچى: ھەمرائۇلئەسەد غازىتى**

بۇ غازات ـ ئوھۇد غازىتىدىن كېيىن، ھىجرەتنىڭ 3 ـ يىلى شەۋۋالنىڭ 16 ـ كۈنى يەكشەنبە كۈنى بولدى.

**ئون ئۈچىنچى: بەنۇ نەزىر غازىتى**

بۇ غازات ئوھۇدتىن بەش ئاي ئۆتۈپ، ھىجرەتنىڭ 4 ـ يىلى رەبىيئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا بولدى.

**ئون تۆتىنچى: زاتۇررىقائ ( لاتا ئورىۋالغۇچىلار) غازىتى**

بۇ غازات ھىجرەتنىڭ 4-يىلى جۇمادىيەلئۇۋۋلا ئېيىدا بولغان. بۇ غازاتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياقلىرى يىرتىلىپ، پۇتلىرى قاناپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار پۇتلىرىغا لاتا ئورىۋالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ غازات زاتۇررىقائ (يەنى لاتا ئورىۋالغۇچىلار) غازىتى دەپ ئاتالغان.

**ئون بەشىنچى: كىچىك بەدر غازىتى**

ھىجرەتنىڭ 4-يىلى شەئبان ئېيىدا كىچىك بەدر غازىتى بولۇپ ئۆتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇ سۇفيان بىلەن ۋەدىلەشكەن ۋاقىتتا بەدرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ساھابىلىرىدىن 1500 كىشى بار ئىدى.

**ئون ئالتىنچى: دەۋمەتۇلجەندەل غازىتى**

بۇ غازات ھىجرەتنىڭ 5-يىلى رەبىيئۇلئەۋۋەل ئېيىدا بولغان.

**ئون يەتتىنچى: خەندەك غازىتى**

خەندەك غازىتى ئەھزاب غازىتىمۇ دېيىلىدۇ. بۇ غازات ھىجرەتنىڭ 5-يىلى شەۋۋال ئېيىدابولغان.

**ئون سەككىزىنچى: بەنۇ قۇرەيزە غازىتى**

مەدىنىدىن مۇشرىكلار قوشۇنىنىڭ چېكىنىشى تېز بولدى. شۇڭا ئەھزابلار كېچىدە قايتىپ بولدى. مۇسۇلمانلار سەھەردە ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشتى. چۈش بولغان چاغدا،جىبرىئىل پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: «سەن قورالنى قويدۇڭمۇ؟ پەرىشتىلەر تېخى قورالنى قويغىنى يوق. الله سېنى بەنۇ قۇرەيزىگە ئاتلىنىشقا بۇيرىدى» دېدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ جاكارچىسى:«كىمكى الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان بولسا، ناماز ئەسىرنى پەقەت بەنۇقۇرەيزىدە ئوقۇسۇن»-دەپ نىدا قىلدى.

**ئون تۇققۇزىنچى: بەنۇ لەھيان غازىتى**

ھىجرەتنىڭ 6-يىلى رەبىيئۇل ئەۋۋەلدە بەنۇلەھيان غازىتى بولدى. بەنۇلەھيان رەسۇلۇللاھ نىڭ خۇبەيب ئىبنى ئەدىۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان ساھابىلىرىگە خىيانەت قىلىپ، ئۇلارنى «مائۇر رەجىيئ» دېگەن جايدا ئۆلتۈرگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلارنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلار تەرەپكە يولغا چىقتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېچىپ كەتتى-دە، ئۇرۇش بولمىدى.

**يىگىرمىنچى: زۇ قەرەد غازىتى**

زۇ قەرەد مەدىنە بىلەن خەيبەر ئارىسىدىكى بىر سۇلۇق جاي بولۇپ، مەدىنىدىن ئىككى كېچە يىراقلىقتا ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بەنۇ لەھيان غازىتىدىن كېيىن، مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ يەردە غەتفان ئايمىقىدىن ئاتلىق كەلگەن ئۇيەينەتۇ ئىبنى ھىسنىل فەزارى ئۇنىڭ قويلىرىغا ھۇجۇم قىلغانغا قەدەر، ئاز كۈنلەرلا تۇردى.

ئىبنى ئىسهاق بۇ غازاتنىڭ ھىجرەتنىڭ 6- يىلىنىڭ يېرىمىدا بولغانلىقىنى قەيت قىلدى.

بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئۇلاردىن باشقىلار مەزكۇر غازاتنىڭ ھۇدەيبىيە سۇلھىسىدىن كېيىن، خەيبەر غازىتىدىن ئىلگىرى ھىجرەتنىڭ 7-يىلىنىڭ بېشىدا بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۇردى.

**يىگىرمە بىرىنچى: بەنى مۇستەلىق غازىتى**

ئۆلىمالار بۇ غازاتنىڭ بولغان ۋاقتى توغرىسىدا تۈرلۈك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزىلىرى: [ھىجرەتنىڭ 4-يىلىدا بولدى]- دېسە، بەزىلىرى: [ھىجرەتنىڭ 5-يىلى شەئباندا، خەندەك غازىتىدىن ئىلگىرى بولغان]- دېدى. يەنە بەزىلىرى: [ھىجرەتنىڭ 6-يىلى شەئباندا بولغان]- دېدى. ئاخىرقى سۆزنى ئىبنى ئىسهاق ئوتتۇرىغا قويغان.

پەيغەمبەر ﷺ بەنى مۇستەلىق قەبىلىسى بىلەن ئۇرۇشقانلىقى ئۈچۈن، بۇ غازات بەنى مۇستەلىق غازىتى دەپ ئاتالغان.

**يىگىرمە ئىككىنچى: ھۇدەيبىيە غازىتى**

بۇ غازات ھىجرەتنىڭ 6-يىلى زۇلقەئدە ئېيىدا يۈز بەرگەن.

**يىگىرمە ئۈچىنچى: خەيبەر غازىتى**

رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇدەيبىيەدىن قايتقاندىن كېيىن، مەدىنىدە زۇلھەججە ۋە مۇھەررەمنىڭ بىر قىسمىدا تۇردى. ھىجرەتنىڭ 7-يىلى مۇھەررەمدە رەسۇلۇللاھ ﷺ خەيبەرگە ئاتلاندى.

**يىگىرمە تۆتىنچى: ئۆمرەتۇلقەزائ غازىتى**

ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بۇنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ غازاتلىرى بىلەن بىللە زىكىر قىلمىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ خەيبەردىن مەدىنىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇ يەردە ئالتە ئاي تۇردى ۋە قوشۇن ئەۋەتىپ تۇردى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ قۇرەيش بىلەن كېلىشىۋالغىنى بويىچە، ھىجرەتنىڭ 7-يىلى زۇلقەئدە ئېيىدا، ھۇدەيبىيە سۇلھىسىدە ئۆمرىنىڭ قازاسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

**يىگىرمە بەشىنچى: مەككىنىڭ فەتھى بولۇش غازىتى**

بۇغازات قۇرەيش رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن تۈزگەن ھۇدەيبىيە سۇلھىسىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن، ھىجرەتنىڭ 8-يىلى بولغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ 12 مىڭ ساھابىسى بىلەن مەككىگە كىردى ۋە الله ئۇلارغا نۇسرەت بېرىپ، مەككە فەتھى بولدى.

**يـگـرمـه ئالتـنچى: هۆنەيـن غازىتى**

بۇ هاۋازىن غازىتىمۇ دېيىلىدۇ. بۇ غازات مەككە فەتھىسىدىن كېيىن، ھىجرەتنىڭ 8-يىلى شەۋۋالدا ھاۋازىن مەككە فەتھىسىنى ئاڭلىغان چاغدا بولدى.

**يـگـرمـه يەتتىنچى: تائىف غازىتى**

بۇ غازات ھىجرەتنىڭ 8-يىلى شەۋۋالدا بولغان. ھۆنەيىن كۈنى سەقىف مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار تائىفقا كىرىپ، قەلئە دەرۋازىلىرىنى تاقىۋالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ تائىفقا ئاتلىنىپ، قەلئەگە يېقىن ئورۇندىن تائىفنىڭ ئەسكىرى بازىسىغا مەنچاناق ئاتتى.

**يـگـرمـه سەككىزىنچى: تەبۇك غازىتى**

تەبۇك غازىتى ھىجرەتنىڭ 9-يىلى رەجەب ئېيىدا بولغان بولۇپ، ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ قىلغان ئەڭ ئاخىرقى غازاتتۇر.

مانا بۇ جەڭلەرنىڭ تەپسىلاتلىرىنى تارىخى كىتابلاردىن كۆرىۋالغايسىز ۋە مەشارىئۇل ئەشۋاق دېگەن كىتابقا مۇراجىئەت قىلىڭ.

مانا بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان ئىسلام تارىخى بىزلەر ئۇچۇن پەقەت ئوقۇلىدىغانلا بىر كىتاب بولۇپ قالماستىن بەلكى ھاياتىمىزغا تەدبىق قىلىدىغان ئەينەك بولۇشى كېرەك.

مەن بۇ كىتابتا رەسۇلۇللاھنىڭ قاتناشقان جىھادلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشۈمدىكى مەقسەتلەرنىڭ بىرى شۇكى - يولباشچىمىز ۋە ئۈلگىمىز بولغان رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق.

ئى الله بىزلەرنى ھەقىقىي ئەمەل قىلغۇچىلاردىن قىلىپ بەرگىن!

# 4 ـ باب شېھىدلەرنىڭ ئەھكاملىرى

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بىز الله يولىدا ئۇرۇش قىلساق الله بىزلەرگە رەسۇلۇللاھ ﷺ قايتا قايتا ـ قايتا ئارزۇ قىلغان شاھادەت نېئمىتىدىن ئىبارەت ئەڭ ئالىي ماقامنى ۋەدە قىلدى. مانا بۇ شېھىدلىكنىڭ جەڭ مەيدانىدا ئۇچرايدىغان مۇھىم ئەھكاملىرى بار.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن الله يولىدا جىھاد قىلىۋاتقان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا، شاھادەتنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى ھەققىدە قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتۈشنى توغرا تاپتىم.

## شېھىدلىكنىڭ تونۇشتۇرۇلىشى

شېھىدلىك توغرىسىدا ئالىملار بىر قانچە خىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرغا قويغان.

ھافىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ سەھىيھۇل بۇخارىيدىكى «الله يولىدا ئۇرۇشۇپ شېھىد بولغانلاردىن باشقا يەنە يەتتە تۈرلۈك شېھىد بار» دېگەن بابنىڭ شەرھىسىدە؛ شېھىد دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبى ھەققىدە دېيىلگەن سۆزلەرنى ئىخچاملاپ مۇنداق دەيدۇ:[ شېھىد دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبىدە ئىختىلاپ قىلىنغان بولۇپ، نەزرىبنى شۇمەيل مۇنداق دەيدۇ: چۈنكى ئۇ تىرىكدۇر، ئۇلارنىڭ روھلىرى ھازىردۇر. ئىبنى دەپئى مۇنداق دەيدۇ: چۈنكى الله ۋە الله نىڭ مالائىكىلىرى ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئۇنىڭ روھى چىقىۋاتقاندا ئۇنىڭغا تەييارلانغان كارامەتلەر ھازىر قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ دوزاختىن ئەمىن ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىلدى. ئۇنىڭ شېھىد بولغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگۈچى بار، ئۇنىڭ ئۆلىمىگە پەقەت رەھمەت مالائىكىلىرىلا ھازىر بولىدۇ، چۈنكى ئۇ قىيامەت كۈنى ئەلچىلەرنىڭ يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، مالائىكىلەر ئۇنىڭغا ئاقىۋىتىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. پەيغەمبەرلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى ئەگەشكەنلىك بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. الله تائالا ئۇنىڭغا نىيىتى ۋە ئىخلاسىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئۇ سەكراتىدا مالائىكىلەرنى كۆرىدۇ، ئۇ دوزاختىن ئەمىن ئىكەنلىكى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىلگۈچىدۇر ۋە ئۇنىڭدا نىجات تاپقانلىقىغا شاھىد بولىدىغان ئالامەتلەر بار،ـ دېيىلدى. (فەتھۇلبارى 6ـ توم ۋە ئابدۇلھەكىم ھەسساننىڭ ئەھكامۇششەھىد ناملىق كىتابى 1-بەت )

دېمەك، شېھىد شاھىد (ھازىر بولغۇچى، گۇۋاھ بولغۇچى) مەنىسى بىلەن جەننەتتە ھازىر بولغۇچىدۇر.

خۇلاسە: بىز الله `يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن مۇسۇلمان كىشىلەرنى شېھىد دەيمىز. بۇنىڭدىن باشقا رەسۇلۇللاھ ﷺ شېھىد دەپ ئاتىغان كىشىلەر بار. بۇلارنى ھەم شېھىد دەپ ئاتايمىز.

مەن بۇ بابتا الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شېھىدلەر ئەھكاملىرى ھەققىدە توختىلىمەن.

## شېھىدلەرنىڭ تۈرلىرى

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىسلىرىدە شېھىد ئىككى تۈرلۈك بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان بولۇپ بىرىنچىسى؛ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ شېھىدلىرىدۇر. ئۇ الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى بولۇپ مەيلى ئۇ كاپىرلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ئۆلتۈرۈلگەن بولسۇن ياكى دىنى، مېلى ۋە يۈز-ئابرويىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولسۇن ياكى باغىي ۋە مۇھارىبلارغا ئۇرۇش قىلىشتا ئۆلتۈرۈلگەن بولسۇن ھەممىسى ئوخشاش دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ شېھىدلىرىدۇر. بۇ شېھىدلارغا ئىسلام ئەھلىلىرىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرگە ئۇمۇمى بولغان ئەھكاملاردىن باشقا خاس ئەھكاملار بار. شېھىد ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتتىكى كىيىمىدىن باشقا نەرسىگە كېفەنلەنمەيدۇ، يۇيۇلمايدۇ ۋە نامىزى ئوقۇلمايدۇ، الله خالىسا بۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندە كېلىدۇ. شېھىد قىيامەت كۈنى ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتتىكى ھالىتىدە تىرىلدۈرلىدۇ، ئۇنىڭ قېنىنىڭ رەڭگى قان رەڭگىدە، خۇش-پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىز يوقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن كارامەتلەر، نېئمەتلەر ۋە ئالىي ماكانلار بار.

ئىككىنچىسى؛ پەقەت ئاخىرەتنىڭلا شېھىدلىرى. ئۇلار مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئۇممىتىدىن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ الله تائالا ئۇلارنى ئۆز ئېھسانى ۋە پەزىلىتى بىلەن قىيامەت كۈنى ئالىي ئورۇنلاردا ھۆرمەتلىگەن كىشىلەردۇر. بىراق يۇيۇش، كېفەنلەش، نامىزىنى ئوقۇش ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئەھكاملاردىن ئىبارەت باشقا ئۆلۈكلەرنىڭ ئەھكاملىرى ئۇلارغىمۇ جارىي بولىدۇ.

بەزى ئالىملار رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنىڭ ھەققىدە ئاخىرەت شېھىدلىرى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەن بۇ تۈردىكى شېھىدلارنى جۇغلاپ 20 تۈرگە يەتكۈزگەن. (ئابدۇلھەكىم ھەسساننىڭ ئەھكامۇششەھىد ناملىق كىتابى )

الله يولىدا جىھادقا ئاتلانغان كىشى جەڭ مەيدانىنىڭ ئۆزىدە شەھىد بولىشى ياكى جەڭ مەيدانىدا يارلانغانلىق سەۋەبلىك كېيىنرەك شەھىد بولىشى ۋە ياكى جىھاد مەيدانىدا ئۆز ئەجىلى بىلەن ھاياتى ئاخىرلىشىشى مومكىن. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرىدا شەھىد دەپ ئاتىلىدۇ. ئاخىرەتتە شەھىدلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتلار ئوخشاش جارى بولىدۇ. لېكىن دۇنيا ئەھكاملىرىدا ۋە نامىزىنى ئوقۇماسلىق، يۇيۇلماستىن دەپىن قىلىش، كېپەنلىمەستىن ئۆز كىيىمى بىلەن يەرلىكىدە قويۇش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا............ خاس ئەھكاملاردا پەرىقلىنىدۇ.

مەن بۇ بابتا الله يولىدىكى جىھادتا ئۆلتۈرۈلگەن شېھىدلەر ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن. چۈنكى ئاخىرەتنىڭ شېھىدلىرى توغرىسىدا قېرىندىشىمىز خۇبەيىب تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئابدۇلھەكىم ھەسسانىنىڭ شېھىدلەرنىڭ ئەھكاملىرى ناملىق كىتابىغا مۇراجىئەت قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن.

# شېھىدلىكنىڭ شەرتلىرى

الله يولىدا جىھاد قىلىپ يارلىنىش سەۋەبلىك كېيىنرەك شەھىد بولغان ۋە ياكى جىھاد مەيدانىدا ئۆز ئەجىلى بىلەن ھاياتى ئاخىرلاشقان كىشىلەر شەھىد دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلار ئاخىرەتنىڭ شەھىدلىرىدۇر. ئەمما دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ شەھىدى بولىدىغان شەھىدلەر بولسا جەڭ مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەردۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ شەھىدلىرىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە.

1 ـ مۇسۇلمان بولۇشى كېرەك.

2 ـ كاپىرلار بىلەن، مۇرتەدلەر بىلەن بولغان جەڭدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا الله ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرىغان جەڭ مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولۇش كېرەك. بۇنىڭغا ئالىملار بىرلىككە كەلگەن.

3 ـ مۇرتەس بولماسلىقى كېرەك.

مۇرتەس دېگەن [مۇسىبەت يەتكەندىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىشنىڭ ئالدىدا ھايات كىشىلەر قىلىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى مەسىلەن؛ ئورنىدىن تۇرغان، ھەرىكەت قىلغان، بىر كېچە ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك قونغان، ئېلىم ـ سېتىم ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلغان كىشىلەردۇر. ھەقىقەتەن بەزى ساھابە ﷺ لار جاراھەتلىرى سەۋەبىدىن بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن ئۆلار شۇ ۋاقىتتا ھاياتلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى قىلىپ ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولۇپ، سەئد ئىبنى مۇئاز ﷺ، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ﷺ ۋە ئەلىي ئىبنى ئەبىي تالىب ﷺ قاتارلىقلار بۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. سەئد ﷺ خەندەك كۈنى ياردار بولغان جاراھىتى سەۋەبىدىن ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، رەسۇلۇللاھ ﷺ سەئد ﷺ نى يۇيدى ۋە نامىزىنى ئوقۇدى. شۇنىڭدەك ساھابە ﷺ لار يۇقىرىدا بىز زىكرى قىلغان كىشىلەرنى يۇيدى ۋە نامىزىنى ئوقۇدى.]

بۇ مەسىلە ئەھمىيەتلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەققىدە سادىر بولغان خاتالىقلار ۋە مۇجاھىدلار تەرىپىدىن قويۇلغان سوئاللارمۇ كۆپ بولغاچقا تۆۋەندە بىز ئۇنى شەرھلەپ ئۆتىمىز.

4 ـ ئۆلتۈرۈلگۈچى الله نىڭ ھەدلىرىدىن بىرەر ھەدتە ياكى شەرئىي تەزىرلەردە ئۆلتۈرۈلگەن بولماسلىقى لازىم، چۈنكى بۇ ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ شېھىد بولمايدۇ.

# مۇرتەس (ئېغىر دەرىجىدە ياردار بولغان كىشى) نىڭ ھۆكمى

مۇجاھىدلارنىڭ كۆپىنچىسى، جەڭ مەيدانىدا مۇسىبەتكە ئۇچرىغان كىشى بەزى ۋاقىتتا ئۇزۇن ياكى قىسقىغىنە ياشايدۇ، بەزى ۋاقىتتا باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىدۇ، ھايات كىشىلەر سۆزلىگەندەك سۆزلەيدۇ ۋە بەزى ۋاقىتلاردا يەيدۇ ياكى ئىچىدۇ ئاندىن كېيىن ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق كىشى يۇيۇلامدۇ؟ كېفەنلىنەمدۇ؟ ۋە باشقا ئۆلۈكلەرگە ئوخشاش نامىزى ئوقۇلامدۇ؟ ياكى بۇ كىشىمۇ يۇيۇلمايدىغان، كېفەنلەنمەيدىغان ۋە نامىزى ئوقۇلمايدىغان دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ شېھىدلىرىنىڭ ھۆكمىدە بولامدۇ؟ دېگەن سوئالنى سورايدۇ.

سەھىھ دەلىللەر توغرا ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغىنى؛ كىمكى يۇقارقى كىشىگە ئوخشاش بولغان بولسا ئۇ كىشىگە ئاخىرەتتىكى شېھىدلىكنىڭ مەنزىلى بار. بىراق ئۇنىڭ دۇنيادىكى ھۆكمى، ئۇرۇش مەيدانىدا ۋاپات تاپقان ياكى گەرچە سۆزلىگەن بولسىمۇ ئۆز ئورنىدا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن شېھىدلەردىن باشقا ئۆلۈكلەرنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى:ـ سەئدىبنى مۇئاز ﷺ نىڭ شېھىدلىكىنىڭ قىسسىسىدە كەلگەن نەرسە بۇنىڭ دەلىللىرىنىڭ قاتارىدىن بولۇپ ـ سەئدىبنى مۇئاز ﷺ خەيبەر كۈنى مۇسىبەتكە ئۇچرىغان بولۇپ لېكىن ئۇ بەنۇ قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىغا ھۆكۈم قىلغانغا قەدەر قېلىپ قالدى. (مۇسلىم، تىرمىزىي ۋە ئەھمەد رىۋايىتى)

ئۆمەر ﷺ غا ئەبۇ لۇئلۇئە لەنەتى نەيزە سانچىغاندىن كېيىن ئۆيىگە ئاپىرىلدى ۋە ئىككى كۈن ياشاپ ۋاپات تاپقاندىن كېيىن ساھابىلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ ھازىر بولىشى بىلەن يۇيۇلدى. شۇنىڭدەك ئەلىي ﷺ نەيزە سانچىلغاندىن كېيىن تىرىك ھالەتتە يۆتكەپ كېتىلدى، ئاندىن كېيىن يۇيۇلدى. (ئەھلى سۈنەنلەر رىۋايىتى)

ئەمما ئوسمان ﷺ يېقىلغان ئورنىدا قەتلى قىلىندى ۋە يۇيۇلمىدى. بىز بۇنىڭدىن تىرىك ھالەتتە چېدىرىغا ياكى ئۆيىگە ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن يۆتكەلمەستىن يېقىلغان ئورنىدا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن شېھىدنىڭ يۇيۇلمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيمىز.

ئەبى يۇسۇف رەھىمەھۇللاھدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:« ئەگەر ئېغىر ياردار بولغان كىشى ئەقلى ـ ھۇشى بار ھالەتتە بىر ۋاخ نامازنىڭ كامىل ۋاقتىچىلىك ھەتتا شۇ ناماز ئۇ كىشىنىڭ زىممىسىدە قەرز بولغانغا قەدەر تۇرۇپ قالغان بولسا مۇرتەس بولىدۇ. ئەگەر ئورنىدا ئەقلى ـ ھۇشىنى بىلمەي قېلىپ قالغان بولسا مۇرتەس بولمايدۇ.»

مۇرتەس گەرچە دۇنيا ھۆكمىدە شېھىد بولمىغان بولسىمۇ ئەجىردە شېھىد بولىدۇ.

( ئەلھىدايە شەرھۇل بىدايە 1ـ توم 94ـ بەت، ئەلبەھرۇر رائىق 2ـ توم 13ـ بەت ۋە ئەلجامىئۇسسەغىير 1ـ توم 119ـ بەت)

ئىمامى شاپىئىي رەھىمەھۇللاھنىڭ ھەمراھلىرى [ئەگەر جەڭ ھالىتىدە ۋاپات تاپقان بولسا يۇيۇلمايدۇ ھەم نامىزى ئوقۇلمايدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا يۇيۇلىدۇ ۋە نامىزى ئوقۇلىدۇ] دېدى. ۋاقىتنىڭ ئۇزارغانلىقى ياكى يىگەنلىكى بىلەن يۇقارقىدەك بېكىتىش توغرىدۇر، چۈنكى يىيىش ھايات كەچۈرگەن كىشىلەردىلا بولىدۇ، ۋاقىتنىڭ ئۇزارغانلىقى شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئېتىبارغا ئېلىش كۆپلىگەن ئورۇنلاردا ئىسپاتلاندى.

ئەمما سۆزلەش، ئىچىش ۋە جەڭ ھالىتى قاتارلىقلاردىن بىرەرسى بىلەن بەلگىلىمە چىقىرىش توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئوھۇد كۈنى «سەئد ئىبنى رەبىيئىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ باقىدىغان ئادەم بارمۇ؟» دېدى. بىر كىشى ئى رەسۇلۇللاھ! مەن قاراپ باقاي دېدى ۋە ئۇنى جاراھەتلىنىپ ئاخىرقى تىنىقلىرى قالغان ھالەتتە تاپتى. ئۇ كىشى؛ ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنى سەن شېھىد قىلىنغانلار ئىچىدىمۇ ياكى ھاياتلار ئىچىدىمۇ قاراپ بېقىشىمغا بۇيرىدى،ـ دېدى. سەئد: مەن شېھىد قىلىنغانلارنىڭ ئىچىدە، مەندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە سالام يەتكۈزۈپ قويغىن،ـ دېدى. ئۇ كىشى: ئاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشماستىنلا ۋاپات تېپىپ كەتتى،ـ دېدى.

ئۇسەيرىم ئىبنى ئابدۇل ئەشھەل ئوھۇد كۈنى يېقىلغان ھالەتتە تېپىلدى ۋە ئۇنىڭغا سېنى نېمە ئېلىپ كەلدى؟ـ دېيىلدى. ئۇ:[ ئىسلام كەلتۈردۈم ئاندىن كېيىن كەلدىم،]ـ دېدى. ئۇ ئىككىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇلارنى قانلىرى ۋە كىيىملىرى بىلەن كېفەنلەڭلار دېگەن ئومۇمى سۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئوھۇد شېھىدلىرىنىڭ قاتارىدىن بولۇپ ئۇلارنى يۇمىدى ۋە نامىزىنى ئوقۇمىدى. ئۇ ئىككىسى سۆزلىگەن ۋە جەڭ توختىغاندىن كېيىن ۋاپات تاپقان ئىدى.

ئىبنى ئۆمەر ؓ دىن رىۋايەت قىلىنغان يەمامە ئەھلىنىڭ قىسسىسىدە «ئىبنى ئۆمەر ؓ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ئايلىنىپ ئابا ئۇقەيلىل ئەنەفىينى تاپتى. ئىبنى ئۆمەر ؓ؛ مەن ئۇنىڭغا سۇ ئىچكۈزدۈم، ئۇنىڭ 14 يېرى جاراھەتلەنگەن بولۇپ ۋاپات بولۇشقا ئازلا قالغان ئىكەن، سۇ ئۇنىڭ ھەممە جاراھەتلىرىدىن چىقىپ كەتتى ۋە ئۇ يۇيۇلمىدى،ـ دېدى.»

شام پەتھلىرى ھەققىدە بىر ئادەم مۇنداق دەيدۇ:« ئەگەر مەن تاغامنىڭ ئوغلىنى ھايات تاپالىسام سۇغىرىپ قۇياي دەپ سۇ ئالدىم،ـ دە، ھارىس ئىبنى ھىشامنى ئۇچراتتىم، ئۇنى سۇغۇرىشنى ئويلىدىم، شۇ چاغدا بىر ئادەم ئۇنىڭغا قارىدى، ھارىس ماڭا ئۇ كىشىنى سۇغۇرىشىمغا ئىشارەت قىلدى، مەن ئۇنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن بارسام يەنە بىر ئادەم ئۇنىڭغا قارىدى، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى سۇغۇرىشىمغا ئىشارەت قىلدى، مەن ئۇنىڭ يېنىغا بارماستىنلا ئۇلارنىڭ

ھەممىسى ۋاپات تېپىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھېچ بىرى يۇيۇلمىدى ھەم نامىزى ئوقۇلمىدى ۋە ئۇلار جەڭ توختىغاندىن كېيىن ۋاپات تاپقان ئىدى.» (ئەلمۇغنىي 2- توم 206-208- بەت)

كۆچلۈك كۆز قاراش جەڭ مەيدانىدا يارلىنىپ يۆتكەش جەريانىدا ھاياتىدىن ئايرىلغانلار يۇيۇلمايدىغان شېھىدلەردىن سانىلىدۇ. ئەمما يارلىنىپ بىر مۇددەتتىن كېيىن داۋالىنىش جەريانىدا ھاياتىدىن ئايرىلغانلار شېھىد بولىدۇ ۋە شېھىدنىڭ ئەجرىنى ئالىدۇ. ئەمما يۇيىلىدۇ ۋە نامىزى ئوقۇلىدۇ.

## كېفەنلەش، يۇيۇش ۋە دەپنە قىلىش

شېھىدلارنى شېھىد بولغان كىيىمىدىن باشقا كىيىملەرگە كېپەنلىمەسلىك، باشقا ئۇلۇكلەرنى، ئاخىرەت شېھىدلىرىنى يۇيغانغا ئوخشاش يۇيماسلىق ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ئورنىغىلا دەپنە قىلىش توغرىسىدا دەلىللەر كەلگەن:

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رضي الله عنهما مۇنداق دەيدۇ: كان النبي ﷺ يجمع بين الرجلين من قتلى أحد في ثوب واحد ثم يقول «أيهم أكثر أخذا للقرآن» فإذا أشير له إلى أحدهما قدمه في اللحد وقال: «أنا شهيد على هؤلاء يوم القيامة» وأمر بدفنهم في دمائهم ولم يغسلوا ولم يصل عليهم.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئوھۇد شېھىدلىرىدىن ھەر ئىككى كىشىنى بىر كىيىمگە سالاتتى، ئاندىن كېيىن «ئۇلارنىڭ قايسىسى قۇرئاننى كۆپرەك يادقا ئالغان» دەيتتى، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۇلارنىڭ بىرەرسى كۆرسىتىلسە شۇنى يەرلىككە باشتا قوياتتى، «قىيامەت كۈنى مەن بۇلارغا گۇۋاھ بولىمەن» دەيتتى ۋە ئۇلارنى قانلىرى بىلەن دەپنە قىلىشقا بۇيرىدى. ئۇلار يۇيۇلمىدى ۋە نامىزى ئوقۇلمىدى. (بۇخارىي رىۋايىتى)

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ادفنوهم في دمائهم» يعني يوم أحد ولم يغسلهم. رەسۇلۇللاھ ﷺ : «(ئوھۇد كۈنى) ئۇلارنى قانلىرى بىلەن دەپنە قىلىڭلار» دېدى ۋە ئۇلارنى يۇيمىدى.

ئىبنى ئابباس ﷺ مۇنداق دەيدۇ: أن رسول الله ﷺ «أمر بقتلى أحد أن ينزع عنهم الحديد والجلود وأن يدفنوا في ثيابهم بدمائهم».

رەسۇلۇللاھ ﷺ : «ئوھۇد شېھىدلىرىدىن تۆمۈر ۋە تېرىلەرنى سالدۇرۇۋېلىشقا ۋە ئۇلارنى قان كىيىملىرى بىلەن دەپنە قىلىشقا» بۇيرىدى. (ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى)

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ﷺ رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: قال ﷺ في قتلى أحد: «لا تغسلوهم، فإن كل جرح أو كل دم يفوح مسكا يوم القيامة» ولم يصل عليهم

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئوھۇد شېھىدلىرى توغرىسىدا: « ئۇلارنى يۇيماڭلار، شۇبھىسىزكى ھەرقانداق جاراھەت ياكى ھەرقانداق قان قىيامەت كۈنى ئىپارەدەك خۇش- پۇراق چېچىپ كېلىدۇ» دېدى ۋە ئۇلارنىڭ نامىزىنى ئوقۇمىدى. (ئەھمەد رىۋايىتى)

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ خىرەقىينىڭ (والشهيد إذا مات في موضعه لم يغسل ولم يصل عليه) (شېھىد ئۆز ئورنىدا ۋاپات تاپقان بولسا يۇيۇلمايدۇ ۋە نامىزى ئوقۇلمايدۇ) دېگەن سۆزىنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دەيدۇ:[ يەنى بىر رىۋايەتتە جەڭ مەيدانىدا ۋاپات تاپقان بولسا يۇيۇلمايدۇ، بۇ كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ سۆزلىرى بولۇپ بۇ توغرىسىدا ئىختىلاپ بارلىقىنى بىلمەيمىز. پەقەتلا ھەسەن ۋە سەئىيد ئىبنى مۇسەييەبلەر: جۇنۇب ھالەتتە ۋاپات تاپقان شېھىد يۇيۇلىدۇ، شېھىدلارنى يۇيماسلىقتا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ۋە ساھابىلىرىگە ئەگىشىش ئەۋزەلراقتۇر،]- دەيدۇ.

خۇلاسە: جەڭ مەيداندا شېھىد بولغان كىشىلەر يۇيۇلمايدۇ. كېفەنلەنمەيدۇ ۋە ئۆز كىيىمى بىلەن دەپنە قىلىنىدۇ.

شېھىدلەر ھاياتىدىن ئايرىلغان ئورۇنلارغا دېنە قىلىنىدۇ. بىراق مەنپەئەت بولسا باشقا ئورۇنلارغا يۆتكەلسە بولىدۇ.

مەسىلەن: شېھىد بولغان كىشى دۈشمەن ئورۇنلىرىدا شېھىد بولغان بولسا ئورنىدىن يۆتكەپ كېلىپ دۈشمەنلەردىن يىراقراق جايغا دەپنە قىلىنسا بولىدۇ.

ئەمما يارلىنىپ بىر مۇددەتتىن كېيىن (يەنى يارلانغاندىن كېيىن سۇ ئىچىش، تاماق يېيىش ۋە كىيىم كىيىش... قاتارلىق ھايات ئادەم قىلىدىغان ئىشلارنى قىلغان بولسا) ھاياتىدىن ئايرىلغان شېھىدلەر يۇيۇلىدۇ، كېفەنلىنىدۇ ۋە نامىزى ئوقۇلىدۇ.

## شېھىدلارغا ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ﷺ نىڭ يۇقارقى ھەدىسىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئوھۇد كۈنى شېھىدلارنىڭ نامىزىنى ئوقۇمىغانلىقى ئىسپاتلاندى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جەڭلەردىمۇ شېھىدلارنىڭ نامىزىنى ئوقۇغانلىقى يېتىپ كەلمىدى.

بەزى ئالىملار:[ شېھىدنىڭ باشقا ئۆلۈكلەرگە ئوخشاش نامىزى ئوقۇلىدۇ.]- دېدى. شۇنىڭغا ئىبنى ئابباس ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنى ھۆججەت قىلدى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: (بِهِمْ رَسُولَ

اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَوْمَ أُحُدٍ فَجَعَلَ يُصَلِّي عَلَى عَشَرَةٍ عَشَرَةٍ وَحَمْزَةُ هُوَ كَمَا هُوَ يُرْفَعُونَ وَهُوَ كَمَا هُوَ مَوْضُوعٌ)

(ئۇلار ئوھۇد كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئېلىپ كېلىندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئوندىن ـ ئوندىن نامىزىنى ئوقۇشقا باشلىدى، ھەمزە ﷺ نىڭ جەسىتى بولسا شۇ پېتى تۇراتتى (يەنى ھەر 10 شېھىدنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەندە ھەمزە ﷺ نىڭ نامىزىمۇ ئوقۇلاتتى). لېكىن ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەمزە ﷺ دىن باشقىلارنىڭ نامىزىنى ئوقۇمىغانلىقىنى زىكرى قىلدى. ( ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

ھەدىسنىڭ دەلىللىرىنىڭ يەكۈنىگە ئاساسەن بۇ ھەمزە ﷺ نىڭ خۇسۇسىيىتى بولۇپ ئۇنىڭدا باشقىلار ئۇنىڭغا شېرىك بولالماسلىقى مۇمكىن. ئەگەر شېھىدلارغا ئومۇمىي ھۆكۈمدە ناماز ئوقۇلىدىغان بولسا ئىزلەرگە ئوھۇد شېھىدلىرىنىڭ ھەممىسىگە ۋە باشقا جەڭ مەيدانلىرىدىكى ئۆلاردىن باشقا كۆپلىگەن شېھىدلارغا ناماز ئوقۇلغانلىقى ئەلۋەتتە نەقىل قىلىنغان بولاتتى. سەھىھۇل بۇخارىيدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىر كۈنى چىقىپ ئوھۇد شېھىدلىرىنىڭ نامىزىنى ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىندى ۋە ھەدىستە ئاشۇنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان نەرسىلەر كەلگەن بولۇپ شۇبھىسىزكى ئۆلۈكلەرگە ھاياتلارغا ۋەدە قىلىنغانغا ئوخشاش ۋەدە قىلىنىدۇ. بۇ ناماز ھەدىسنىڭ بەزى رىۋايەتلىرىدە كەلگىنىدەك سەككىز يىلدىن كېيىن بولغان بولۇپ ئەگەر ئۇلارنىڭ نامىزىنى ئوقۇش باشقا ئۆلۈكلەرنىڭ نامىزىنى ئوقۇشقا ئوخشاش ۋاجىب بولغان بولسا رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەرگىزمۇ بۇ ۋاقىتقىچە كېچىكتۈرمىگەن بولاتتى. ئەگەر شېھىدلارغا ناماز ئوقۇش كەسكىن سۈننەت بولغان بولسا ئىزلەرگە، خۇسۇسەن جەڭلەر ۋە شېھىدلارنىڭ ئەھۋالى تولۇق سەۋەبلىرى بىلەن نەقىل قىلىنغان بولاتتى.

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ خىرەقىينىڭ (شېھىد ئۆز ئورنىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا يۇيۇلمايدۇ ۋە نامىزى ئوقۇلمايدۇ) دىگەن سۆزىنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دەيدۇ:[ توغرا قاراشقا ئاساسەن شېھىدنىڭ نامىزى ئوقۇلمايدۇ، بۇ مالىك، شاپىئىي ۋە ئىسھاق قاتارلىق ئىماملارنىڭ سۆزىدۇر.]

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھتىن قىلىنغان بىر رىۋايەتتە [شېھىدنىڭ نامىزى ئوقۇلىدۇ. خىلالمۇ بۇنى تالللىغان بولۇپ بۇ سەۋرى ۋە ئەبۇ ھەنىف رەھىمەھۇللاھلارنىڭمۇ سۆزىدۇر، ئىمام ئەھمەدرەھىمەھۇللاھنىڭ بۇ رىۋايەتتىكى سۆزى شېھىدنىڭ نامىزىنى ئوقۇشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. ئۇ بىر ئورۇندا ئەگەر نامىزى ئوقۇلسا چاتاق يوق،ـ دېدى. يەنە بىر ئورۇندا ناماز ئوقۇلىدۇ، ھىجازلىقلار شېھىدنىڭ نامىزىنى ئوقۇمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ناماز ئوقۇش قېيىنچىلىق بولمىسىلا ناماز ئوقۇشتا چاتاق يوق دېدى.]

بۇ ھەقتە ئالىملار ھەر خىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرغا قويغان. بەزى ئالىملار نامىزى ئوقۇلىدۇ دېسە، يەنە بەزى ئالىملار نامىزى ئوقۇلمايدۇ.- دەيدۇ.

بۇ ھەقتىكى ئۆلىمالارنىڭ سۆزىنىڭ خۇلاسىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1- سۆز شېھىدلەرنىڭ نامىزى ئوقۇلمايدۇ.

2- سۆز شېھىدلەرنىڭ نامىزى ئوقۇلىدۇ. بۇ جۇمھۇر ئالىملارنىڭ كۆز قارشى ( ئەلئىنساق 2- توم 500- بەت)

3- سۆز شېھىدلەرنىڭ نامىزىنى ئوقۇش بولسا، ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاللىشىغا قارىلىدۇ. كىمكى رەسۇلۇللاھ ﷺ شېھىدلەرنىڭ نامىزىنى ئوقۇغانلىقىغا ئاساسەن شېھىدلەرنىڭ نامىزىنى ئوقۇشنى خالىسا ئوقۇيدۇ. كىمكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ شېھىدلەرنىڭ نامىزىنى ئوقۇمىغانلىق يولىغا ئاساسەن شېھىدلەرنىڭ نامىزىنى ئوقىمايدۇ،- دېگەن دەلىلنى تۇتسا ئوقۇمايدۇ.

كۆچلۈك كۆز قاراش جەڭ مەيدانىدا شېھىد بولغانلارنىڭ نامىزى ئوقۇلمايدۇ. يارلىنىش سەۋەبى بىلەن كېيىن ھاياتىدىن ئايرىلغانلارنىڭ نامىزى ئوقۇلىدۇ.

## الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شېھىدنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

بىلگىنكى، شېھىدلىك كاتتا مەرتىۋە ھەمدە ئالىي مەنزىلدۇر. ئۇنىڭغا كاتتا نېسىۋە ئىگىسى ئۇچرىشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك ئۇتۇق بىلەن تەقدىرى ئىلگىرى قىلىنغان كىشىلا يېتەلەيدۇ. شېھىدلەر جەننەتتە پەيغەمبەرلەر بىلەن بىللە بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿وَمَن يُطِعِ الله وَالرَّسُولَ فَأُوْلَئِكَ مَعَ الَّذِينَ أَنْعَمَ الله عَلَيْهِم مِّنَ النَّبِيِّينَ وَالصِّدِّيقِينَ وَالشُّهَدَاء وَالصَّالِحِينَ وَحَسُنَ أُولَئِكَ رَفِيقًا﴾ ﴿كىملەركى الله قا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) الله نىڭ نېئمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىدلەر)، شېھىدلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار!﴾ (نىساء: 69)

مانا بۇ شېھىدلەر الله يولىدا ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك جانلىرىنى ساتقۇچى كىشىلەردۇر.

﴿إِنَّ الله اشْتَرَى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُم بِأَنَّ لَهُمُ الجَنَّةَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ الله فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ وَعْدًا عَلَيْهِ حَقًّا فِي التَّوْرَاةِ وَالإِنجِيلِ وَالْقُرْآنِ وَمَنْ أَوْفَى بِعَهْدِهِ مِنَ الله فَاسْتَبْشِرُواْ بِبَيْعِكُمُ الَّذِي بَايَعْتُم بِهِ

**وَذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾** ﴿شۇبھىسىزكى، الله مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار الله نىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىد بولىدۇ)، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (الله نىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە الله دىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى الله دىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر﴾ (تەۋبە)

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَلَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاءٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ (169) فَرِحِينَ بِمَا آتَاهُمُ اللَّهُ مِنْ فَضْلِهِ وَيَسْتَبْشِرُونَ بِالَّذِينَ لَمْ يَلْحَقُوا بِهِمْ مِنْ خَلْفِهِمْ أَلَّا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ (170) يَسْتَبْشِرُونَ بِنِعْمَةٍ مِنَ اللَّهِ وَفَضْلٍ وَأَنَّ اللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ الْمُؤْمِنِينَ (171)﴾** ﴿ الله نىڭ يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن - ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ). ئۇلار الله نىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شېھىت بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ. ئۇلار الله تەرىپىدىن بېرىلگەن نېمەت ۋە پەزلنى، مۇئمىنلەرنىڭ ئەجرىنى الله نىڭ بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ﴾ (سۈرە ئال ئىمران 169 ـ 171 ئايەت)

ئىبنى ئابباس ﵄ دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن؛ « عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَمَّا أُصِيبَ إِخْوَانُكُمْ بِأُحُدٍ جَعَلَ اللَّهُ عَزَّ وَجَلَّ أَرْوَاحَهُمْ فِي أَجْوَافِ طَيْرٍ خُضْرٍ تَرِدُ أَنْهَارَ الْجَنَّةِ تَأْكُلُ مِنْ ثِمَارِهَا وَتَأْوِي إِلَى قَنَادِيلَ مِنْ ذَهَبٍ فِي ظِلِّ الْعَرْشِ فَلَمَّا وَجَدُوا طِيبَ مَشْرَبِهِمْ وَمَأْكَلِهِمْ وَحُسْنَ مُنْقَلَبِهِمْ قَالُوا يَا لَيْتَ إِخْوَانَنَا يَعْلَمُونَ بِمَا صَنَعَ اللَّهُ لَنَا لِئَلَّا يَزْهَدُوا فِي الْجِهَادِ وَلَا يَنْكُلُوا عَنِ الْحَرْبِ فَقَالَ اللَّهُ عَزَّ وَجَلَّ أَنَا أُبَلِّغُهُمْ عَنْكُمْ فَأَنْزَلَ اللَّهُ عَزَّ وَجَلَّ هَؤُلَاءِ الْآيَاتِ عَلَى رَسُولِهِ **{ وَلَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاءٌ }**»

«الله تائالا ئوهۇد ئۇرۇشىدا شېھىد بولغان قېرىنلاشلىرىڭلارنىڭ جانلىرىنى يېشىل قۇشلارنىڭ پوكانلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ قۇشلار جەننەت ئۆستەڭلىرىنىڭ بويىغا بېرىپ، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن يەيدۇ. كېيىن ئەرشنىڭ سايىسىگە ئېسىلغان ئالتۇن قونداقلاردىن جاي تۇتىدۇ. ئۇ شېھىدلەر ئەڭ مېزىلىك يېمەكلىكلەرنى يەپ، ئەڭ تاتلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچىپ، ئەڭ گۇزەل جايلاردا دەم ئالغاندىن كېيىن: "بىزنىڭ جەننەتتە تىرىك ئىكەنلىكىمىزنى، رىزىقلاندۇرۇلۇپ تۇرىۋاتقانلىقىمىزنى بىزدىن كېيىنكى قېرىنداشلىرىمىزغا كىم يەتكۈزىدۇ؟ كاشكى، ئۇلار بۇنى بىلسە ئىدى، جىھادتىن قاچماس، ئۇرۇشتىن چېكىنمەس ئىدى دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: بۇنى سىلەرنىڭ نامىڭلاردىن مەن يەتكۈزەي دەيدۇ ۋە: الله نىڭ يولىدا شېھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن - ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ) دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى». (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

ئىبنى ئاbباس ﵁ دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە،رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «شېھىدلەر جەننەت دەرۋازىسىنىڭ قېشىدىكى نۇر چېچىپ تۇرغان دەريا ئۇستىدىكى يېشىل گۇمبەز ئىچىدە تۇرىدۇ، ئۇلارغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا جەننەتتىن رىزىق چىقىپ تۇرىدۇ.» (ئەھمەد، ھاكىم ۋە ئىبنى شەيبە رىۋايىتى)

ئۆلىمالار شېھىدلەرنىڭ ھايات ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: [شېھىدلەر جەننەتتە بولمىسىمۇ، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن رىزىقلىنىدۇ، ئۇنىڭ خۇشبۇيىنى تاپىدۇ.]

ئۆلىمالارنىڭ كۆپىنچىسى:[شېھىدلەرنىڭ ھاياتلىقى ھەقىقەتتۇر، ئۇلار الله خەۋەر قىلغاندەك، جەننەتتە رىزىقلىنىپ تۇرىدۇ]ـ دېگەن. شېھىدلەر بۇ دۇنيادىن ۋاپات بولۇپ كەتتى، لېكىن، ئۇلار جەننەتتىكى رىزىق بىلەن ھەتتا مەڭگۇ ھاياتتەك، باشقا كىشىلەردىن ئارتۇقچىلىققا ئىگە.

ئەبى ھۇرەيرە ﵁ رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ؛ ذكر الشهداء عند النبي ﷺ فقال: لا تجف الأرض من دم الشهيد حتى تبتدره زوجتاه كأنهما ظئران أضلتا فصيليهما في براح من الأرض وفي يد كل واحدة منهما حلة خير من الدنيا وما فيها «ذُكِرَ الشَّهِيدُ عِنْدَ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ لَا تَجِفُّ الْأَرْضُ مِنْ دَمِ الشهيد حَتَّى تَبْتَدِرَهُ زَوْجَتَاهُ كَأَنَّهُمَا ظِئْرَانِ أَضَلَّتَا فَصِيلَيْهِمَا فِي بَرَاحٍ مِنْ الْأَرْضِ بِيَدِ أَوْ قَالَ فِي يَدِ كُلِّ وَاحِدَةٍ مِنْهُمَا حُلَّةٌ هِيَ خَيْرٌ مِنْ الدُّنْيَا وَمَا فِيهَا»

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىدا شېھىدلارنىڭ گېپى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى: «شېھىدنىڭ يەر يۇزىدىكى قېنى تېخى قۇرىماستىن، ئۇنى جەننەتتىكى ئىككى جۇپتى خۇددى ئېمىتىۋاتقان بالىلىرىنى مەلۇم جايدا يۇتتۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن ئۇلارنى تېپىۋالغان ئىككى ئانىدەك ھاياجان ئىلكىدە قارشى ئالىدۇ. ھەربىر جۇپتىنىڭ قولىدا دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى پۈتۈن نەرسىلەردىن قىممەتلىك تون بولىدۇ». (ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

عَنْ الْمِقْدَامِ بْنِ مَعْدِي كَرِبَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لِلشَّهِيدِ عِنْدَ اللهِ سِتُّ خِصَالٍ يُغْفَرُ لَهُ فِي أَوَّلِ دَفْعَةٍ وَيَرَى مَقْعَدَهُ مِنْ الْجَنَّةِ وَيُجَارُ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَيَأْمَنُ مِنْ الْفَزَعِ الْأَكْبَرِ وَيُوضَعُ عَلَى رَأْسِهِ تَاجُ الْوَقَارِ الْيَاقُوتَةُ مِنْهَا خَيْرٌ مِنْ الدُّنْيَا وَمَا فِيهَا وَيُزَوَّجُ اثْنَتَيْنِ وَسَبْعِينَ زَوْجَةً مِنْ الْحُورِ الْعِينِ وَيُشَفَّعُ فِي سَبْعِينَ مِنْ أَقَارِبِهِ.

مىقدام ئىبنى مەئدىكەرىب ﵁ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:«الله نىڭ دەرگاھىدا شېھىدنىڭ مۇنداق ئالتە خىل ئارتۇقچىلىقى بار: دەسلەپكى قېنى تۆكۈلۈشى بىلەنلا ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ؛ ئۇ جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرىدۇ؛ قەبرە ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ؛ قىيامەت كۈنىدىكى ئەڭ چوڭ قورقۇنچتىن ئەمىن بولىدۇ؛ ھۆرمەت تاجى كىيدۈرۈلىدۇ، بۇ تاجنىڭ بىر تال ياقۇتى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىنمۇ قىممەتلىكتۇر؛ شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەردىن 72 سى جۈپتى قىلىپ بېرىلىدۇ؛ تۇغقانلىرىدىن 70 كىشىگە شاپائەت قىلىش ھوقوقى بېرىلىدۇ». (تىرمىزى: 1663)

عن ابي الدَّرْدَاءَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُشَفَّعُ الشَّهِيدُ فِي سَبْعِينَ مِنْ أَهْلِ بَيْتِهِ.

ئەبۇ دەرداﺋ ﵁ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:«شېھىدكە ئائىلىسىدىكىلەردىن 70 كىشىگە شاپائەت قىلىش ھەققى بېرىلىدۇ». (ئەبۇ داۋۇد: 2522)

ئاتا- ئانا ۋە ئۇرۇق تۇققانلارغا كۆيۈنگۈچىلەر الله نىڭ يولىدىكى شېھىدلىكنى ئىختىيار قىلىڭلار! چۈنكى، الله يولىدىكى شېھىدلىك ھېچ نەرسە ئەسقاتمايدىغان كۈنلەردە ئۇرۇق تۇققانلاردىن 70 كىشىگە شاپائەت قىلىش نېئمىتىگە مۇيەسسەر قىلىدۇ.

عن عُمَرَ بْنَ الْخَطَّابِ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ الشُّهَدَاءُ أَرْبَعَةٌ رَجُلٌ مُؤْمِنٌ جَيِّدُ الْإِيمَانِ لَقِيَ الْعَدُوَّ فَصَدَقَ اللهَ حَتَّى قُتِلَ فَذَلِكَ الَّذِي يَرْفَعُ النَّاسُ إِلَيْهِ أَعْيُنَهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ هَكَذَا وَرَفَعَ رَأْسَهُ حَتَّى وَقَعَتْ قَلَنْسُوَتُهُ قَالَ فَمَا أَدْرِي أَقَلَنْسُوَةَ عُمَرَ أَرَادَ أَمْ قَلَنْسُوَةَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ وَرَجُلٌ مُؤْمِنٌ جَيِّدُ الْإِيمَانِ لَقِيَ الْعَدُوَّ فَكَأَنَّمَا ضُرِبَ جِلْدُهُ بِشَوْكِ طَلْحٍ مِنْ الْجُبْنِ أَتَاهُ سَهْمٌ غَرْبٌ فَقَتَلَهُ فَهُوَ فِي الدَّرَجَةِ الثَّانِيَةِ وَرَجُلٌ مُؤْمِنٌ خَلَطَ

عَمَلًا صَالِحًا وَآخَرَ سَيِّئًا لَقِيَ الْعَدُوَّ فَصَدَقَ اللهَ حَتَّى قُتِلَ فَذَلِكَ فِي الدَّرَجَةِ الثَّالِثَةِ وَرَجُلٌ مُؤْمِنٌ أَسْرَفَ عَلَى نَفْسِهِ لَقِيَ الْعَدُوَّ فَصَدَقَ للهَ حَتَّى قُتِلَ فَذَلِكَ فِي الدَّرَجَةِ الرَّابِعَةِ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ﷺ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:«شېھىد مۇنداق تۆت تۈرلۈك بولىدۇ: ئىمانى كۈچلۈك بىر مۇئمىن بولۇپ، دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىدۇ. الله نىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، شېھىد بولغۇچە ئۇرۇشىدۇ. ئىنسانلار قىيامەت كۈنى ئەنە شۇ شېھىدكە قاراش ئۈچۈن كۆزلىرىنى يۇقىرىغا تىكىدۇ (ئىنسانلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن: مانا مۇنداق دەپ بېشىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈۋېدى، دوپپىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى). (راۋىيلاردىن بىرى: بۇ ھەدىستە ئۆمەرنىڭ دوپپىسى كۆزدە تۇتۇلدىمۇ ياكى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دوپپىسى كۆزدە تۇتۇلدىمۇ، بۇنى بىلمەيمەن، - دېگەن). ئىمانى كۈچلۈك يەنە بىر مۇئمىن بولۇپ، دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىدۇ. لېكىن ئۇ خۇددى بەدىنىگە تىكەن كىرىپ كەتكەن كىشىدەك قورقۇنچ ئىچىدە ئۇرۇش قىلىدۇ. شۇ ئارىدا ئۇنىڭغا غايىبانە بىر ئوق تېگىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. ئۇ ئىككىنچى دەرىجىلىك شېھىدتۇر. ياخشى ئەمەل بىلەن يامان ئەمەلنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلىدىغان بىر مۇئمىن بولۇپ، دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىدۇ. الله نىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، شېھىد بولغۇچە ئۇرۇشىدۇ. ئۇ ئۈچىنچى دەرىجىلىك شېھىدتۇر. گۇناھلارغا پاتقان بىر مۇئمىن بولۇپ، دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىدۇ. الله نىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، شېھىد بولغۇچە ئۇرۇشىدۇ. ئۇ تۆتىنچى دەرىجىلىك شېھىدتۇر». (تىرمىزى: 1644)

6126 - عَنْ عُتْبَةَ بْنِ عَبْدٍ السُّلَمِيِّ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْقَتْلَى ثَلَاثَةٌ مُؤْمِنٌ جَاهَدَ بِنَفْسِهِ وَمَالِهِ فِي سَبِيلِ اللهِ إِذَا لَقِيَ الْعَدُوَّ قَاتَلَ حَتَّى يُقْتَلَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِيهِ فَذَلِكَ الشَّهِيدُ الْمُمْتَحَنُ فِي خَيْمَةِ اللهِ تَحْتَ عَرْشِهِ لَا يَفْضُلُهُ النَّبِيُّونَ إِلَّا بِدَرَجَةِ النُّبُوَّةِ وَمُؤْمِنٌ خَلَطَ عَمَلًا صَالِحًا وَآخَرَ سَيِّئًا جَاهَدَ بِنَفْسِهِ وَمَالِهِ فِي سَبِيلِ للهِ إِذَا لَقِيَ الْعَدُوَّ قَاتَلَ حَتَّى يُقْتَلَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِيهِ مُمَصْمِصَةٌ مَحَتْ ذُنُوبَهُ وَخَطَايَاهُ إِنَّ السَّيْفَ مَحَّاءٌ لِلْخَطَايَا وَأُدْخِلَ الْجَنَّةَ مِنْ أَيِّ أَبْوَابِ الْجَنَّةِ شَاءَ وَمُنَافِقٌ جَاهَدَ بِنَفْسِهِ وَمَالِهِ فَإِذَا لَقِيَ الْعَدُوَّ قَاتَلَ حَتَّى يُقْتَلَ فَذَاكَ فِي النَّارِ إِنَّ السَّيْفَ لَا يَمْحُو النِّفَاقَ.

6126 - ئۇتبە ئىبنى ئابدۇسسۇلەمى ﷺ رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:«الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، جېنى ۋە مېلى بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلغان مۇئمىن بولۇپ، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقاندا تاكى ئۆلۈپ كەتكىچە ئۇرۇش

قىلىدۇ. ئەنە شۇ سىناقتىن ئۆتكەن، الله نىڭ ئەرشى ئاستىدىكى چېدىردا بولىدىغان كىشىدۇر. پەيغەمبەرلەرمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا پەقەت پەيغەمبەرلىك ئۇنۋانى بىلەن ئۆتەلەيدۇ. يەنە بىرى، ياخشى ئەمەل بىلەن يامان ئەمەلنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلىدىغان، الله يولىدا جېنى ۋە مېلى بىلەن جىهاد قىلغان مۇئمىن بولۇپ، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقاندا ئۆلۈپ كەتكىچە ئۇرۇش قىلىدۇ. ئەسلىدە بۇ مۇئمىن گۇناھلىرى ۋە خاتالىقلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ گۇناھلىرى ۋە خاتالىقلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، قىلىچ خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ جەننەتنىڭ قايسى دەرۋازىسىدىن كىرىشنى خالىسا، شۇ دەرۋازىدىن كىرىدۇ. ئۈچىنچىسى، جېنى ۋە مېلى بىلەن جىهاد قىلغان مۇناپىق بولۇپ، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇمۇ ئۆلۈپ كەتكىچە ئۇرۇش قىلىدۇ. بىراق ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ. چۈنكى قىلىچ مۇناپىقلىقنى يۇيالمايدۇ». (دارىمى: 2411)

6127 – عن الْبَرَاء رَضِيَ الله عَنْهُ قَالَ أَتَى النَّبِيَّ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ رَجُلٌ مُقَنَّعٌ بِالْحَدِيدِ فَقَالَ يَا رَسُولَ الله أُقَاتِلُ أَوْ أُسْلِمُ قَالَ أَسْلِمْ ثُمَّ قَاتِلْ فَأَسْلَمَ ثُمَّ قَاتَلَ فَقُتِلَ فَقَالَ رَسُولُ الله صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَمِلَ قَلِيلًا وَأُجِرَ كَثِيرًا.

6127 ـ بەرا ﷺ مۇنداق دەيدۇ: تولۇق قورال‌لانغان بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇرۇش قىلامدىمەن ياكى ئىسلامغا كىرەمدىمەن؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ : ئالدى بىلەن ئىسلامغا كىرگىن، ئاندىن ئۇرۇش قىلغىن! ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئالدى بىلەن ئىسلامغا كىردى، ئاندىن ئۇرۇشقا چىقىپ، جەڭدە ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ : بۇ ئادەم ناھايىتى ئاز ئەمەل قىلىپ، ناھايىتى جىق ئەجىر ئالدى، ـ دېدى. (بۇخارى: 2808)

6128 – عَنْ رَاشِدِ بْنِ سَعْدٍ عَنْ رَجُلٍ مِنْ أَصْحَابِ النَّبِيِّ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّ رَجُلًا قَالَ يَا رَسُولَ الله مَا بَالُ الْمُؤْمِنِينَ يُفْتَنُونَ فِي قُبُورِهِمْ إِلَّا الشَّهِيدَ قَالَ كَفَى بِبَارِقَةِ السُّيُوفِ عَلَى رَأْسِهِ فِتْنَةً.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ دىن: ئى رەسۇلۇللاھ! شېھىدتىن باشقا مۇئمىنلەردەك قەبرىدە (ئىككى پەرىشتىنىڭ سوئال سورىشى ئارقىلىق) ئىمتىھان ئېلىنمايدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: ئۇنىڭ بېشىدا ئوينىتىلغان قىلىچلارنىڭ يالت ـ يۇلتلىرى ئۇنىڭغا يېتەرلىك، ـ دېدى. (نەسائى: 2053)

6129 – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَا يَجِدُ الشَّهِيدُ مِنْ مَسِّ الْقَتْلِ إِلَّا كَمَا يَجِدُ أَحَدُكُمْ مِنْ مَسِّ الْقَرْصَةِ.

ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:« شېھىد ئۆلتۈرۈلگەندە، بىرىڭلارنىڭ چىمدالغان يېرىنىڭ ئاغرىقىنى ھېس قىلغىنىچىلىك ئاغرىق ھېس قىلىدۇ». (تىرمىزى: 1668)

6130 - عَنْ عَبْدِ للهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ للهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَجِبَ رَبُّنَا عَزَّ وَجَلَّ مِنْ رَجُلٍ غَزَا فِي سَبِيلِ للهِ فَانْهَزَمَ يَعْنِي أَصْحَابَهُ فَعَلِمَ مَا عَلَيْهِ فَرَجَعَ حَتَّى أُهَرِيقَ دَمُهُ فَيَقُولُ اللهُ تَعَالَى لِمَلَائِكَتِهِ انْظُرُوا إِلَى عَبْدِي رَجَعَ رَغْبَةً فِيمَا عِنْدِي وَشَفَقَةً مِمَّا عِنْدِي حَتَّى أُهَرِيقَ دَمُهُ.

6130 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:« الله يولىدا جىھادقا چىققان، سەپداشلىرى مەغلۇب بولغان، ئۆزىنىڭمۇ ئۆلۈمدىن باشقا يولى يوق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە جەڭ مەيدانىغا قايتىپ بېرىپ، قېنى تۆكۈلگىچە ئۇرۇش قىلغان بىر ئادەمدىن پەرۋەردىگارىمىز الله تەئالا مەمنۇن بولىدۇ ۋە پەرىشتىلىرىگە: "ئاۋۇ بەندەمگە قاراڭلار! ئۇ دەرگاھىمدىكى مۇكاپاتقا ئىنتىلگەن، ئازابتىن قورققان ھالدا جەڭ مەيدانىغا قايتىپ بېرىپ، قېنى تۆكۈلگىچە ئۇرۇش قىلدى "دەيدۇ». (ئەبۇ داۋۇد: 2536)

مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم! ئەگەر الله يولىدا شېھىد بولغان كىشىلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپات ۋە پەزىلەتلەر بايان قىلىنسا بىز كىتابنى ئوقۇۋېتىپ تۇرۇپ دەرھاللا، الله يولىدا شېھىد قىلىنىشنى ئارزۇ قىلىمىز. شېھىدلىكنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئارزۇ قىلغان. شۇنداقلا ساھابىلار ھەم ئارزۇ قىلغان ۋە ھەتتاكى ئۇلار شېھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ ئۆز يۇرتلىرىدىن يىراق ـ يىراق جايلارغا يول ئالغان. بۇ شېھىدلىك بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بىزلەرنى يۇرتلىرىمىزدا كۈتمۇاتىدۇ.

ئى الله بىزلەرگە سەن رازى بولىدىغان ۋە سەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان شاھادەت نېئمەتلىرىنى نېسىپ قىلغىن!

# 5 ـ باب غەنىمەت توغرىسىدا

غەنىمەت دېگىنىمىز ـ كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ۋە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ ئالغان مال ـ مۈلۈكتۇر.

الله بۇ مال ـ مۈلۈكنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھالال قىلىپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن چىن ـ كۆڭلىدىن الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان مۇجاھىدلار ھەرگىزمۇ كاپىرلارنىڭ تەشۋىقات تۇزاقلىرىغا چۈشۈپ قالماسلىقى، ئىقتىسادنى قولغا كەلتۈرۈشتە پەقەت ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل ئەقىدىۋى مەنبەسىگە (يەنى الله قۇرئاندا ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەدىستە كۆرسەتكەن يوللارغا) تايىنىشى لازىم. مۇجاھىدلارنىڭ ئىقتىسادى مەنبەسىنىڭ ئەڭ مۇھىمى دۈشمەنلەردىن ئالغان غەنىمەت بولۇشى كېرەك، شۇنىڭدەك ھەرقانداق ئىسلامى جامائەت ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن دۈشمەندىن غەنىمەت ئېلىشقا ھەرىكەت قىلىشى لازىم.

مەن بارلىق جىھادى جامائەتلەرنى كاپىرلاردىن چوڭ ـ چوڭ غەنىمەتلەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە گۇرۇپپىلارنى تەشكىللەشنى ۋە كاپىرلارنىڭ ئىقتىسادىنى پاچاقلاپ تاشلاشقا مەخسۇس كۈچلەرنى ئاجرىتىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. چۈنكى، كاپىرلارنىڭ ئىقتىسادى سۇنسا ئۇلار مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بولغان زىيانكەشلىكلىرىنى قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. چۈنكى ئىقتىساد بولسا ئۇرۇشنىڭ ئاساسى مەنبەلىرىدىن سانىلىدۇ.

كاپىرلاردىن ئېلىنغان غەنىمەتلەرنىڭ شەرئى دەلىلىرى توغرىسىدا الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَإِذْ يَعِدُكُمُ الله إِحْدَى الطَّائِفَتَيْنِ أَنَّهَا لَكُمْ وَتَوَدُّونَ أَنَّ غَيْرَ ذَاتِ الشَّوْكَةِ تَكُونُ لَكُمْ وَيُرِيدُ الله أَنْ يُحِقَّ الْحَقَّ بِكَلِمَاتِهِ وَيَقْطَعَ دَابِرَ الْكَافِرِينَ (7) لِيُحِقَّ الْحَقَّ وَيُبْطِلَ الْبَاطِلَ وَلَوْ كَرِهَ الْمُجْرِمُونَ (8)﴾**

﴿ ئۆز ۋاقتىدا الله ئىككى گۇرۇھ (بىرى مۇشرىكلار كارۋىنى ، يەنى بىرى مۇشرىكلار قوشۇنى) دىن بىرىنىڭ قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ۋەدە قىلدى، سىلەر قورالسىز گۇرۇھنىڭ (يەنى كارۋاننىڭ) قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ياقتۇردۇڭلار. الله ئۆز سۆزلىرى ئارقىلىق ھەقنى ھەق قىلىشنى (يەنى ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىشنى)، كاپىرلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشنى خالايدۇ [7]. الله گۇناھكار ئادەملەرنىڭ ياقتۇرمىغىنىغا قارىماي، ھەقنى ھەق (يەنى ئىسلامنى ئاشكارا) قىلىدۇ، باتىل (يەنى كۇفرى) نى بەربات قىلىدۇ [8].﴾

پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئۇ زاتنىڭ ساھابىلىرى بەدىر كۈنىسى ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدىكى قۇرەيش كارۋىنىنى غەنىمەت ئېلىشنى مەقسەت قىلىپ چىققان ئىدى. كارۋان مىڭ تۆگە، پۇل - مال ئەللىك مىڭ دىنار ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار خېلى بېيىپ قالاتتى، لېكىن الله تەئالا كارۋاننىڭ قېچىپ كېتىشىنى ۋە ساھابىلەرنىڭ دۈشمەن قوشۇنى (يەنى ماللىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كەلگەن قۇرەيش قوشۇنى) بىلەن ئۇچرىشىشىنى خالىدى، ئاندىن جەڭ بولدى، كېيىن غەلىبە نۇسرەت ۋە غەنىمەت قولغا كەلدى. («فەتھۇل بارى» 7- جىلد 286- بەت)

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ فُضِّلْتُ عَلَى الْأَنْبِيَاءِ بِسِتٍّ أُعْطِيتُ جَوَامِعَ الْكَلِمِ وَنُصِرْتُ بِالرُّعْبِ وَأُحِلَّتْ لِيَ الْغَنَائِمُ وَجُعِلَتْ لِيَ الْأَرْضُ طَهُورًا وَمَسْجِدًا وَأُرْسِلْتُ إِلَى الْخَلْقِ كَافَّةً وَخُتِمَ بِيَ النَّبِيُّونَ (رواه مسلم)

6174 ـ بۇرەيدە ﵁ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىرەر قوشۇنغا ياكى ئەترەتكە ئەمىر تەيىنلىسە، ئۇنىڭ تەقۋادار بولۇشىنى، قوماندانلىقى ئاستىدىكى مۇسۇلمانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىنى تەۋسىيە قىلاتتى. ئاندىن مۇنداق دەيتتى: «اﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن، اﷲ يولىدا غازاتقا يۈرۈڭلار. اﷲ نى ئىنكار قىلغانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار، جەڭ قىلىڭلار. غەنىمەتلەرگە خىيانەت قىلماڭلار، دۈشمەن جەسەتلىرىنىڭ ئەزالىرىنى كەسمەڭلار، كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. مۇشرىكلاردىن ئىبارەت دۈشمىنىڭگە ئۇچراشساڭ، ئۇلارنى ئۈچ شەرتكە چاقىرغىن. ئۇلار بۇ ئۈچ شەرتنىڭ قايسىسىنى قوبۇل قىلسا، سەنمۇ ئۇلار تاللىغان شەرتنى قوبۇل قىلغىن ۋە ئۇلارغا چېقىلمىغىن. ئالدى بىلەن ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرغىن. ئەگەر ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلسا، سەنمۇ ئۇلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغىن ۋە ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىدىن مۇھاجىرلارنىڭ يۇرتلىرىغا ھىجرەت قىلىشقا چاقىرغىن. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار بۇنى ئورۇندىسا، مۇھاجىرلار بىلەن ھەق ـ ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتتە ئورتاق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىدىن ھىجرەت قىلغىلى ئۇنىمىسا، ئۇلارغا ئېيتىپ قويغىنكى، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەئرابىلىرىغا ئوخشاش بولىدۇ. اﷲ نىڭ مۇئمىنلەر ئۈستىگە يۈكلىگەن ھۆكمى ئۇلارنىڭمۇ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە جىھاد قىلمىغىچە، ئۇلارغا غەنىمەت ۋە ئولجىلاردىن ھېچ نەرسە بېرىلمەيدۇ. ناۋادا ئۇلار بىرىنچى شەرتنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇلارغا جىزيە تۆلەش شەرتىنى قويغىن. ئەگەر ئۇلار جىزيە تۆلەشنى قوبۇل قىلسا، سەنمۇ ئۇلاردىن جىزيە ئالغىن، ئۇلارغا چېقىلمىغىن. ئەگەر جىزيە تۆلەشنىمۇ رەت قىلسا، اﷲ تىن ياردەم تىلەپ، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغىن. بىرەر سېپىل ئىچىگە كىرىۋالغانلارنى قورشاۋغا ئالغان چېغىڭدا، ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە اﷲ نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئامانلىقىنى بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا اﷲ نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئامانلىقىنى بەرمەستىن، ئۆزەڭنىڭ ۋە سەبداشلىرىڭنىڭ ئامانلىقىنى بەرگىن. چۈنكى (ئاراڭلاردىن بىرەرسى بىلمەستىن بەرگەن ئامانلىقنى بۇزۇپ سالسا) ئۆزەڭلار بەرگەن ئامانلىقنى بۇزۇشۇڭلار اﷲ نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ نامىدىن بېرىلگەن ئامانلىقنى بۇزۇشقا قارىغاندا يەڭگىلرەك. بىرەر سېپىل ئىچىگە كىرىۋالغانلارنى قورشاۋغا ئالغان چېغىڭدا، ئەگەر ئۇلار ساڭا ئۆزلىرىنى اﷲ نىڭ (ئۇلار ھەققىدىكى) ھۆكمىگە ئۇيغۇن ھالدا بىتەرەپ قىلىشىڭنى شەرت قىلسا، سەن ئۇلارنىڭ بۇ شەرتىگە قوشۇلماي، ئۇلارنى ئۆزەڭنىڭ چىقارغان ھۆكمىگە ئۇيغۇن بىر تەرەپ قىلغىن. چۈنكى

سەن ئۇلارنى الله نىڭ ئۇلار ھەققىدىكى ھۆكمىگە ئۇيغۇن بىر تەرەپ قىلالىغان ياكى قىلالمىغانلىقىڭنى بىلمەيسەن (چۈنكى ساڭا الله نىڭ ئۇلار ھەققىدىكى ھۆكمى ماۋۇ دەپ ۋەھيي كەلمەيدۇ)». (مۇسلىم: 1731)

پەيغەمبەر ﷺ مۇئاز ﵁ غا ئۇنى يەمەنگە ئەۋەتكەن ۋاقىتتا مۇنداق دېگەن: «إِنَّكَ تَأْتِي قَوْمًا مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ فَلْيَكُنْ أَوَّلَ مَا تَدْعُوهُمْ إِلَيْهِ شَهَادَةَ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللَّهِ» «ھەقىقەتەن سەن ئەھلى كىتابتىن بولغان بىر قەۋمنىڭ قېشىغا بارىسەن، سېنىڭ ئۇلارغا قىلىدىغان بىرىنچى دەۋىتىڭ ‹بىر الله دىن باشقا ھېچبىر ھەقىقىي ئىلاھ يوق› دەپ گۇۋاھلىق بەرگۈزۈش بولسۇن». (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:[ كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرىش ياكى چاقىرماسلىق ئالىملار ئىختىلاپلاشقان مەسىلىدۇر.]

ئالىملارنىڭ بىر قىسمى [ كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرىش شەرتتۇر دەيدۇ.]

ئەمما كۆپ ساندىكى ئالىملار [ كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرىش بولسا ئىسلام دەۋىتى ھەممە جايغا يېتىپ بارمىغان مەزگىللەردە ئېلىپ بېرىلغان ئىشتۇر دەيدۇ] (فەتھۇلبارى6 ـ توم 108 ـ بەت)

قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ ھەقنى كېڭەيتىش جىھادى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: [ئىمامغا (يەنى ئەمىر ياكى خەلىپىگە) پەرز بولغان جىھادنىڭ ئىككىنچى بىر قىسمى، بىر تائىپە كىشىنى دۈشمەن تەرەپكە ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش، ئۇلارنى خار قىلىش، ئۇلارنىڭ ئەزىيىتىدىن ساقلىنىپ قىلىش ۋە الله نىڭ دىنىنى ئۇلار ئۈستىدىن تاكى ئۇلار ئىسلام دىنىغا كىرگەن ياكى جىزيە بەرگەنگە قەدەر غالىب قىلىش ئۈچۈن يىلدا بىر قېتىم ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ چىقىپ ۋە ياكى ئۆزى ئىشەنچ قىلىدىغان بىر كىشى بىلەن چىقارتىپ غازاتقا سېلىشى پەرز. جىھادنىڭ ئىچىدە نەفلە جىھادمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ ئىمامنىڭ (يەنى ئەمىر ياكى خەلىپىنىڭ) بىر تائىپىدىن كېيىن يەنە بىر تائىپە مۇجاھىدنى چىقارتىشى، دۈشمەن خەۋرسىز قالغان ۋە پۇرسەت چىققان ۋاقىتلاردا قوشۇن ئەۋەتىشى، ئۇلارنى قورقىتىشى ھەمدە كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئاشكارا قىلىش ئورۇنلىرىدا رىباتتا تۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى كۆزىتىشى قاتارلىقلاردۇر.]

مەن دەيمەن، قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھنىڭ «دەۋەت قىلماي تۇرۇپ» دېگەن سۆزى، دەۋەت ئىلگىرى يەتكەن كىشىلەرگە دېگەنلىكتۇر. ﴿وَاقْعُدُوا لَهُمْ كُلَّ مَرْصَدٍ﴾ «ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان

يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار﴾ دېگەن بۇ ئايەتتە دۈشمەننى كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭغا جاسۇسلۇق قىلىشنىڭ يولغا قويۇلىشىغا دەلىل بار.

ئەمما، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كەئب ئىبنى ئەل ئەشرەپ ۋە ئەبى راپىئ ئىبنى ئەبى ھۆقەيىق قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغانلىقى. ئۇ ئىككىلىسى يەھۇدىيلاردىن ئىدى.

ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئىكرەمەنىڭ مۇرسەل تەرىقىسىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە: يەھۇدىيلار چۆچىگەن ھالەتتە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دېيىشتى، بىزنىڭ سەييىدىمىز ئالدامچىلىق بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارغا پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ قىلمىشىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر ﷺ گە قارشى (كىشىلەرنى) قۇتراتقانلىقى ۋە مۇسۇلمانلارغا ئازار بەرگەنلىكىنى ئەسلەتتى. (ئۇلار قورقۇپ ھېچقانداق سۆز قىلمىدى).]

ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: [بۇ ھەدىستە ئەگەر ئۇمۇمىي دەۋەت مۇشرىكقا يەتكەن بولسا، دەۋەت قىلمايلا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، شۇنداقلا جەڭدە ئېھتىياجلىق بولغان سۆزنى ئۇنىڭ دېگۈچىسى ئۇنىڭ ھەقىيقىتىنى مەقسەت قىلماستىن دېيىشنىڭ دۇرۇسلىقى بار.]

مەن دەيمەن، كىمكى الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا قارشى چىققۇچى كاپىرلارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنى خىيانەت ياكى ئىسلام دىنى بۇنى ھارام قىلىدۇ. دەپ سۈپەتلەيدىكەن، ئۇ ئازغۇندۇر، قۇرئان ۋە ھەدىسنى يالغانغا چىقارغۇچىدۇر. ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: [قازى ئىياز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن، ھېچبىر كىشىنىڭ ئۇنى (يەنى كەئب ئىبنى ئەشرەفنى) ئۆلتۈرۈش خىيانەت دېيىشى ھالال ئەمەس. بۇنى بىر ئىنسان ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ﵁ نىڭ مەجلىسىدە دېگەن ۋاقىتتا، ئۇ زات ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى، ئۇنىڭ گەدىنىگە ئۇرۇلدى.

بۇ ئاخىرقى قىسىمغا ئىمام قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ الله تەئالانىڭ: ﴿فَقَاتِلُوا أَئِمَّةَ الْكُفْرِ﴾ ﴿كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئۇرۇش ئېچىڭلار﴾ دېگەن سۆزىنىڭ تەپسىرىدە ئىشارە قىلغان.

ئۇنى ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ «ئەسسارىمۇل مەسلۇل ئەلاشاتىمىررەسۇل» ناملىق كىتابىدا كەلتۈرگەن ھەمدە مۇئاۋىيە ﵁ بىلەن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ﵁ نىڭ قىسسىسىنى بايان قىلدى. (ئابدۇلقادىر ئىبنى ئابدۇئەزىزنىڭ جىھاد ھەققىدە شەرئى ئاساس ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى)

ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: [بۇ ھەدىستە دەۋەت يەتكەن بولسىمۇ، (كۇفرىدا) چىڭ تۇرغان مۇشرىكنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە قارشى قولى ياكى ئىقتىسادى ياكى تىلى بىلەن ھەمكارلاشقان ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ دۇرۇسلىقى،

ئۇرۇش ئەھلى بولغان كاپىرلارغا جاسۇسلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ غاپىل ھالەتتە ئارقىسىغا چۇشۇشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، مۇشرىكلارغا قارشى تۇرۇشتا قاتتىق قول بولۇش، مەنپەئەت يۈزىسىدىن سۆزنى مۇجمەل قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى ۋە ئاز مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ مۇشرىكلارغا ھۇجۇم قىلىشىنىڭ دۇرۇسلۇقى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان پايدىلار بار.]

كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرىشنى بەزى ئەھلى ئىلىملەر ۋاجىب دەپ قارايدۇ. بەزى ئەھلى ئىلىملەر: بۇ مۇستەھەپتۇر،- دەيدۇ.

ئۇرۇشقا كىرىشتىن ئىلگىرى دەۋەت يەتمىگەن، ئىسلامنى بىلمەيدىغان كاپىرلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا يۈزلىنىش ۋاجىب.

ئەمما ئىلگىرى ئۇلارغا دەۋەت يەتكەن بولسا، ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۇلارغا ئىككىنچى قېتىم دەۋەت قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ. دەۋەت قىلسا ياخشى، (بۇنداق قىلغاندا) ئۇلارنىڭ ئىسلام كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى ئۇرۇش ۋە دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇشى ئۇمىدلىك.

دۇشمەنلەر ھۇجۇم ۋە ئۇرۇشنى باشلىغاندا، ئۇلارغا دەۋەت قىلىش ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن تەلەپ قىلىنغان مۇددىئا رەت قىلىنىدى.

سۈننەتنىڭ زاھىرىسى-مۇجاھىدلاردىن تەشكىللەنگەن، مۇئەييەن نىشان ئۈچۈن ئاتلانغان كىچىك ئەترەتلەرگە نىسبەتەن، دەۋەتنى يەتكۈزۈشى ئەمەلدىن قالىدۇ. ئۇ-ئىبنۇ ئەبىل ھۇقەيق ۋە كەئب ئىبنى ئەشرەپ قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن يۈزلەنگەن ئەترەتلەردە سادىر بولغاندەك.

خۇلاسە: كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارغا ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزۈش كېرەك، چۈنكى، جىھاد كاپىرلارنى ئىسلامغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئىبادەتتۇر. ئەمما، بۇ دەۋەت كاپىرلارنىڭ چوڭ-كىچىك ھەممىسىگە يېتىش شەرت ئەمەس، بەلكى كاپىرلارنىڭ چوڭلىرىغا يەتكەن بولسا كۇپايە.

بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە بولسا ئىسلام دەۋىتى زېمىننىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگىچە يەتكەن، شۇنداقلا ئىنتېرنېت ۋە رادىئو..... غا ئوخشاش يەتكۈزۈشنىڭ ھەرخىل يوللىرى پەيدا بولغان.

ئاخبارات ۋاستىلىرىغا تولۇپ كەتكەن بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرىش لازىم ئەمەس. بەلكى ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋېرىش كېرەك.

ئەسكەرتىش: پەقەت ئۇرۇش ئاچمىغان دۆلەتكە، ئۇرۇش ئېچىشتىن ئىلگىرى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇرۇش باشلاش كېرەك. ئۇندىن كېيىن ئۇرۇش نەچچە يىللار داۋاملىشىپ كەتسۇن، دەۋەت قىلمىسىمۇ بولىدۇ.

# ئۇرۇشتا كاپىرلاردىن ياردەم سوراش توغرىسىدا

كاپىرلاردىن ئۇرۇشتا ياردەم سوراش ئالىملار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بولغان مەسىلىدۇر.

ئۆلىمالار ئۇرۇشتا مۇشرىكلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

بەزىلىرى:[ئۇلارنىڭ خىيانەت قىلىشىدىن ئەمىن بولۇش شەرتى بىلەن ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىش جائىز]- دەيدۇ. (نەيلۇل ئەۋتار 7-توم 237- بەت ۋە ئەلمۇغنى 8-توم 414 -بەت)

يەنە بەزىلىرى: [ئۇلاردىن پەقەت خىزمەت ۋە تۆۋەن ئىشلاردىلا ياردەم تەلەپ قىلىنىدۇ]- دەيدۇ.

يەنە بەزىلەر: [ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىش- مۇتلەق جائىز ئەمەس]- دەيدۇ. (نەيلۇل ئەۋتار 7-توم 237- بەت ۋە ئەلمۇغنى 8-توم 414 -بەت)

ئەگەر جىھاد قىلىش ئۈچۈن كاپىرلاردىن ياردەم سوراشقا ئېھتىياج توغۇلسا ياردەم سوراش جائىز. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ خەيبەر ئۇرۇشىدا قەينۇقا جەمەتىدىن بولغان بىر يەھۇدىيدىن، ھۇنەيىن ئۇرۇشىدا سەپۋان ئىبنى ئۇمەييەدىن ياردەم تەلەپ قىلغان. سەپۋان ئۇ ۋاقىتتا تېخى ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان ئىدى.

بىراق، بۇ يەردە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كاپىرلاردىن مەن يادەم سورىمايمەن دېگەن بىر ھەدىسى ھەم بار.

عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النَّبِيِّ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَتْ خَرَجَ رَسُولُ الله صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قِبَلَ بَدْرٍ فَلَمَّا كَانَ بِحَرَّةِ الْوَبَرَةِ أَدْرَكَهُ رَجُلٌ قَدْ كَانَ يُذْكَرُ مِنْهُ جُرْأَةٌ وَنَجْدَةٌ فَفَرِحَ أَصْحَابُ رَسُولِ الله صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حِينَ رَأَوْهُ فَلَمَّا أَدْرَكَهُ قَالَ لِرَسُولِ لله صَلَّى لله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ جِئْتُ لِأَتَّبِعَكَ وَأُصِيبَ مَعَكَ قَالَ لَهُ رَسُولُ لله صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تُؤْمِنُ بالله وَرَسُولِهِ قَالَ لَا قَالَ فَارْجِعْ فَلَنْ أَسْتَعِينَ بِمُشْرِكٍ قَالَتْ ثُمَّ مَضَى حَتَّى إِذَا كُنَّا بِالشَّجَرَةِ أَدْرَكَهُ الرَّجُلُ فَقَالَ لَهُ كَمَا قَالَ أَوَّلَ مَرَّةٍ فَقَالَ لَهُ النَّبِيُّ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَمَا قَالَ أَوَّلَ مَرَّةٍ قَالَ فَارْجِعْ فَلَنْ أَسْتَعِينَ بِمُشْرِكٍ قَالَ ثُمَّ رَجَعَ فَأَدْرَكَهُ بِالْبَيْدَاءِ فَقَالَ لَهُ كَمَا قَالَ أَوَّلَ مَرَّةٍ تُؤْمِنُ بالله وَرَسُولِهِ قَالَ نَعَمْ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ الله صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَانْطَلِقْ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بەدىر تەرەپكە قاراپ ئاتلاندى. بەرە سايلىقىغا بارغاندا، ئارقىسىدىن قەيسەرلىكى ۋە جەددىي پەيتلەرگە ياراملىقى بىلەن تونۇلغان بىرى يېتىشىپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرى ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشتى.

ئۇ كىشى پەيغەمبەر ﷺ گە يېقىنلاپ كېلىپ: مەن ساڭا ئەگىشىپ ئولجىغا ئېرىشكىلى كەلدىم.- دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن:« الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىشىنەمسەن؟ - دەپ سورىدى، ئۇ: ياق.»- دېدى. پەيغەمبەر ﷺ : « ئۇنداقتا، قايتىپ كەتكىن، چۈنكى مەن مۇشرىكتىن ياردەم ئالمايمەن.» - دېدى. ئۇ ئادەم قايتىپ كەتتى. كېيىن، يول ئۈستىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىغا بارغاندا، ھېلىقى ئادەم ئارقىدىن يېتىشىپ بېرىپ، بايىقى سۆزلىرىنى تەكرارلىدى. پەيغەمبەر ﷺ مۇ ئۇنىڭدىن بايىقى سۆزلەرنى سورىدى، ئاندىن:« ئۇنداقتا، قايتىپ كەتكىن، چۈنكى مەن مۇشرىكتىن ياردەم ئالمايمەن.» - دېدى. ئۇ قايتىپ كېتىپ، بەيدائ دېگەن جايدا يەنە يېتىشىپ كەلدى ۋە ئۇ سۆزنى يەنە تەكرارلىدى. پەيغەمبەر ﷺ مۇ ئۇنىڭدىن:« الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىشىنەمسەن؟» - دەپ سورىدى، ئۇ: ھەئە، دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ :« ئۇنداقتا، (بىز بىلەن) ئاتلانغىن!» - دېدى. (مۇسلىم: 1817)

بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەن كاپىرلاردىن ياردەم سورىمايمەن دېگەن سۆزى ئېھتىياج يوق ھالەتلەرگە قارىتىلىدۇ.

ھەنەفى مەزھىبىدىكى ئالىملاردىن ئىمام جەسساس رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:[ئەگەر ئىسلام ھۆكۈمى غالىب بولسا، كاپىرلاردىن كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇشتا ياردەم سوراش جائىزدۇر].

مالىكى مەزھىبىدىكى ئالىملاردىن ئىمام قاسىم ۋە ئىمام قۇرتەۋبى رەھىمەھۇمۇللاھلار مۇنداق دەيدۇ:[ كاپىرلاردىن كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇشتا ياردەم سوراش جائىزدۇر]. (تەفسىر قۇرتۇبى 8-توم 100-بەت)

شافىئى مەزھىبىدىكى ئالىملاردىن رەملى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:[ ئېھتىياج بولغاندا كاپىرلاردىن كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇشتا ياردەم سوراش جائىزدۇر]. (نىھايەتۇل مۇھتاج 8- توم 58- بەت)

ھەنبەلى مەزھىبىدىكى ئالىملاردىن ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:[ كاپىرلاردىن كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇشتا ياردەم سوراش جائىزدۇر]. (ئەلمۇغنى 8- توم 414- بەت)

ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:[ ئېھتىياج بولغاندا كاپىرلاردىن ياردەم سوراش شەرتلەر ئاستىدا جائىزدۇر]. (ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ ئەددىفائ ئەن ئەرازىل مۇسلىمىين 35- بەت)

ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار، يۇقاردا بايان قىلىنغانلاردەك ھەر خىل نەسلەر بولغاچقا ئەھلى ئىلىملەر بۇ مەسىلىدە كۆپ ئىختىلاپ قىلغان.

خۇلاسە: بۈگۈنكى زامانىمىزدا بولسا، ھەممىمىزگە مەلۇمكى ئىلغار تېخنىكىلىق ھەر خىل ئۇرۇش قوراللىرى ئاساسەن كۇفرى دۆلەتلەردە ياسىلىۋاتىدۇ. بۇنى ئىسلامى دۆلەتلەردە ئۆزىمىز ياساش ئۈچۈن جىھاد قىلىپ ئىسلامى دۆلەت بەرپا قىلىشىمىز كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن قورال-

ياراقلار ياردەم سوراش ۋە سېتىۋېلىشىمىز دۇرۇس. شۇنداقلا، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يول يۇرۇقلىرىغا ئاساسەن، بىز ئېھتىياج بولغاندا كاپىرلاردىن ياردەم سوراشنى شەرتلەر ئاستىدا جائىز دەيمىز.

1 ـ كاپىرلار بىز سىلەرگە ئۇرۇش قوراللىرىدا ياردەم بېرىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر بىزگە پالانچى مۇسۇلمانلارنى يوقىتىشقا ياردەم بېرىسىلەر دېگەنگە ئوخشاش شەرتلەر بولماسلىقى كېرەك.

2 ـ سىلەر بەزى ئىشلاردا بىزلەر بىلەن مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەمكارلىق ئۆتكۈزىسىلەر دېگەنگە ئوخشاش شەرتلەر بولماسلىقى كېرەك.

3 ـ كاپىرلار بىز سىلەرگە ياردەم بېرىمىز، سىلەر غەلبە قىلغاندىن كېيىن بىزگە قارشى ئۇرۇش قىلمايسىلەر دېگەنگە ئوخشاش شەرتلەر بولماسلىقى كېرەك.

4 ـ فەتھى بولغان دىيارلاردا شەرىئەت ئورناتمايسىلەر دېگەنگە ئوخشاش شەرتلەر بولماسلىقى كېرەك.

5 ـ  مۇسۇلمانلار شۇ ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان بولۇشى ۋە شۇ ياردەم سوراش ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولغان بولسا كاپىرلاردىن ياردەم سورىشى جائىز.

6 ـ كاپىرلاردىن ئالغان ياردەملەردە باشقا جىھادى جامائەتلەرنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش كېرەك، يەنى بۇ ياردەم پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا پايدىلىق بۇلۇپ، باشقا جامائەتلەرنىڭ زىيىنىغا بولماسلىقى كېرەك.

ئەسكەرتىش:

1 ـ مۇسۇلمانلار بىر دۆلەتتىن ياردەم سوراپ باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولغاندا، كاپىرلارنىڭ خىيانەت قىلىپ قويىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش كېرەك،

2 ـ مۇسۇلمانلار مەلۇم دۆلەتتىن ياردەم سوراپ باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولغاندا، بىز ئەمدى چوقۇم غەلبە قىلىمىز بىزنىڭ چوڭ تاياىچىمىز بار دېگەنگە ئوخشاش پىكىرلەردىن بەكمۇ ساقلىنىشى كېرەك. بەلكى، بۇ بىر سەۋەپ بىزنىڭ ياردەمچىمىز الله دەپ تۇرۇپ ئېتقادىنى رۇسلاپ ئۇرۇش قىلىش كېرەك.

3 ـ ئىسلامى جامائەت ئەمىرلىرى ئۇرۇشتا كاپىرلاردىن ۋە كۇفرى دۆلەتلەردىن ياردەم سورىماقچى بولغاندا، جامائەتنىڭ بىرلىكىنى بەكمۇ لازىم تۇتىشى ۋە بۇنىڭ شەرئىي دەلىللىرى توغرىسىدا جامائەت ئەزالىرىغا ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا تەپسىلى چۈشەنچىلەرنى بېرىشى لازىم. چۈنكى بۇ توغرىدا ئىختىلاپ بولغاچ، بەزى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز بىر دەلىلنىلا بىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ كاپىرلاردىن ياردم سورىمايمەن دېگەن، بىزنىڭ جامائەت خاتا كېتىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ سەپلەر ئايرىلىپ كېتىپ قېلىشى مۇمكىن.

4ـ ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار! يۇقارقىلاردىن بىزگە شۇ ئايدىڭ بولدىكى كاپىرلاردىن كاپىرلارغا قارشى ياردەم ئېلىش ۋە ياردەم سوراش بولسا ئىختىلاپى (يەنى ئىجتىھادى) مەسىلىدۇر. ياردەم سوراش جائىز دەيدىغان دەلىللەر ۋە جائىز ئەمەس دەيدىغان دەلىللەر ھەم بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلىدە جائىز ئەمەس دېگەن دەلىللەررنى تۇتۇپلا، باشقىلار خاتا قىلىۋاتىدۇ دېيىش ۋە ھەتتاكى ئۇلارنى مۇرتەدكە چىقىرىش قەتئىي توغرا ئەمەس. ئىجتىھادى مەسىلىلەردە مۇخالىفكە قەتئىي ھۆكۈم قىلىنمايدۇ.

# كاپىرلار بىلەن سۈلھى قىلىش توغرىسىدا

كاپىرلار بىلەن سۈلھى قىلىش دېگىنىمىز- كاپىرلار بىلەن ۋاقىتلىق ئۇرۇش توختىتىش ئۈچۈن كېلىشىم ئىمزالاشنى كۆرسىتىدۇ.

كاپىرلار بىلەن سۈلھى قىلىشنىڭ پايدىلىرى ۋە زىيانلىرى ھەم بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامى جامائەتلەر كاپىر ۋە مۇرتەدلەر بىلەن سۈلھى قىلىشتا ئىنتايىن ھوشيار بولىشى لازىم.

ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى ئاجىز بولسا ۋاقىتلىق سۈلھى قىلىپ تۇرۇپ تەييارلىق قىلىۋېلىشى زۆرۈردۇر. ياكى مۇسۇلمانلار بىر دۆلەت بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولسا، باشقا بىر دۆلەت بىلەن مۇسۇلمانلار مەنپەتى ئۈچۈن سۈلھى قىلىشى جائىز بولىدۇ.

مۇسۇلمانلاردا كۈچ ـ قۇۋۋەت بولۇپ ئۇلار دۈشمىنىدىن ئۈستۈنلا بولىدىكەن، سۈلھى تۈزۈشكە بولمايدۇ، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا پىتنە تۈگەپ دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلىش پەرز. بۇنداق بولۇشى جىھاد ھەققىدە نازىل بولغان ئايەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى الله تەئالانىڭ: **﴿فَاقْتُلُوا الْمُشْرِكِينَ حَيْثُ وَجَدْتُمُوهُمْ وَخُذُوهُمْ وَاحْصُرُوهُمْ وَاقْعُدُوا لَهُمْ كُلَّ مَرْصَدٍ فَإِنْ تَابُوا وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ فَخَلُّوا سَبِيلَهُمْ إِنَّ الله غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾** ﴿مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم قىلغۇچىدۇر﴾ دېگەن سۆزى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ ئايەت ۋە مۇشۇ سۈرىنىڭ ئۆزىدىكى جىزيە ئايىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ ئايەت قۇرئان كەرىمنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ

ئاخىرىدا نازىل بولغان ئايەتلەردىن بولۇپ، بۇنى ھېچبىر ئەمەلدىن قالدۇرۋەتكۈچى ئايەت يوق. پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئۇ زاتتىن كېيىنكى خەلىپىلەر، مۇشرىكلار ۋە ئەھلى كىتابلارغا قارشى ئۇرۇشتا شۇنداق قىلغان ئىدى.

بۇ ئۇرۇشتىن پەقەتلا ئاجىزلىق توسۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى قورالغا ئېرىشىپ قىلىشىدىن توسۇشتا نەقەدەر تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرىسىز. بۇھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَدَّ الَّذِينَ كَفَرُوا لَوْ تَغْفُلُونَ عَنْ أَسْلِحَتِكُمْ وَأَمْتِعَتِكُمْ فَيَمِيلُونَ عَلَيْكُمْ مَيْلَةً وَاحِدَةً﴾ «كاپىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىن، ئەشيالىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا (تۇيۇقسىزدىن) ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.»

مەن بۇ كىتابتا شۇنى بايان قىلدىمكى، ئەگەر جىھاد قىلىشتىن ئاجىزلىق توسۇپ قالسا الله تەئالانىڭ: «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى تەييارلاڭلار» دېگەن سۆزىگە ئاساسەن تەييارلىق كۆرۈش پەرز. ئىمام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھمۇ مۇشۇنداق دېگەن ئىدى.

يۇقىرىقى سۆزلەردىن سىز مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدىكى ئاساسىنىڭ ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن مۇستەسنا بولغان تىنچلىق ھالىتىنىڭ كېلىشىم ئىمزالىغان ياكى سۈلھى تۈزگەن سۈرەتتە بولىدىغانلىقىنى، تىنچلىقتىن ئىبارەت بۇ مۇستەسنا ھالەتكە پەقەت ئاجىزلىق ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىنلا بېرىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايسىز. بۇنىڭ دەلىلى الله تەئالانىڭ: ﴿فَلَا تَهِنُوا وَتَدْعُوا إِلَى السَّلْمِ وَأَنْتُمُ الْأَعْلَوْنَ﴾ «(كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلغان چېغىڭلاردا) بوشاپ قالماڭلار، (كاپىرلارنى) سۈلھكە چاقىرماڭلار، ھالبۇكى، سىلەر غالىبتۇر سىلەر» دېگەن سۆزىدۇر. (جىھاد ھەققىدە شەرئى ئاساس)

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: [«كېلىشىم ئىمزالاش» دېگەننىڭ مەنىسى كاپىرلار بىلەن بىر مۇددەت بەدەل بىلەن ۋە بەدەلسىز ئۇرۇش قىلماسلىققا كېلىشىم تۈزۈشتۇر. بۇ كېلىشىم تۈزمەك، ئۇرۇش توختاتماق ۋە ئەھدىلەشمەك دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دۇرۇسدۇر، بۇ نىڭ دەلىلى الله تەئالانىڭ: ﴿بَرَاءَةٌ مِنَ اللهِ وَرَسُولِهِ إِلَى الَّذِينَ عَاهَدْتُمْ مِنَ الْمُشْرِكِينَ﴾ «(بۇ) الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلارغا قاراتقان ئادا-جۇدا بولۇش (يەنى مۇئاھىدىنى بىكار قىلىش) ئېلانىدۇر» دېگەن سۆزىدۇر. الله تەئالا مۇنداق

دېدى ﴿وَإِنْ جَنَحُوا لِلسَّلْمِ فَاجْنَحْ لَهَا...﴾ ﴿ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن.﴾

مەرۋان ۋە مىسۋەر ئىبنى مەخرىمە رەھىمەھۇمۇللاھ قاتارلىق ئالىملار مۇنداق رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر ﷺ ھۇدەيبىيىدە سۇھەيل ئىبنى ئەمرى بىلەن ئون يىل ئۇرۇش توختىتىشقا كېلىشىم تۈزگەن. بەزىدە مۇسۇلمانلاردا ئاجىزلىق بولسا كۇچەيگەنگە قەدەر ئۇلار (يەنى دۈشمەنلەر) بىلەن كېلىشىم تۈزىدۇ، بۇ پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسىنى كۆزلەپلا دۇرۇس بولىدۇ. ياكى مۇسۇلمانلار كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇشۇشتىن ئاجىز كېلىدۇ ياكى ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇش، بولمىغاندا جىزيە تاپشۇرۇپ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى لازىم تۇتۇشى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مەنپەئەتلەر كۆزلىنىدۇ. ئەگەر بۇ ئىش ئىسپاتلانغان بولسا، مۇددەت بەلگىلىمەستىن مۇتلەق كېلىشىم تۈزۈش دۇرۇس ئەمەس چۈنكى ئۇ جىھادنى پۈتۈنلەي تەرك ئېتىشكە ئېلىپ بارىدۇ.]

يۇقىرىدا ئىبنى قۇدام رەھىمەھۇللاھنىڭ [سۈلھى تۈزۈشۈش پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈنلا دۇرۇس] دېگىنىدەك، «ئەلمەجمۇئ» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ھەم مۇنداق دەيدۇ: [بىرەر ئىقلىم ياكى بىرەر رايوننىڭ ئۆز ئالدىغا كېلىشىم تۈزۈشى دۇرۇس ئەمەس. پەقەت ئىمامنىڭ (يەنى ئەمىر ياكى خەلىپىنىڭ) ياكى ئىمام ئۇنىڭغا بۇ ھوقۇقنى تاپشۇرغان كىشىنىڭلا كېلىشىم تۈزۈشى دۇرۇس. چۈنكى، بۇنداق كېلىشىم تۈزۈش ھوقۇقى ئەگەر ھەربىر كىشىگە بېرىلسە، بىر ئادەمنىڭ بىرەر رايون خەلقى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ قويىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ھالبۇكى مەنپەئەت ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتۇر. ئاقىۋەتتە زىيان چوڭ بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېلىشىم تۈزۈش پەقەت ئىمامغا ياكى ئۇنىڭ ئورۇن باسارىغىلا خاس. ئەگەر ئىمام غالىب ھالەتتە بولسا قارايدۇ، ئەگەر كېلىشىمدە پايدا بولمىسا ئۇنى تۈزۈش دۇرۇس ئەمەس. بۇنىڭ دەلىلى الله تەئالانىڭ: ﴿فَلَا تَهِنُوا وَتَدْعُوا إِلَى السَّلْمِ وَأَنْتُمُ الْأَعْلَوْنَ وَاللهُ مَعَكُمْ﴾ ﴿(كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلغان چېغىڭلاردا) بوشاپ قالماڭلار، (كاپىرلارنى) سۈلھكە چاقىرماڭلار، ھالبۇكى، سىلەر غالىپتۇرسىلەر، الله سىلەر بىلەن بىرگىدۇر﴾ دېگەن سۆزىدۇ.]

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ الله تەئالانىڭ: ﴿فَلَا تَهِنُوا وَتَدْعُوا إِلَى السَّلْمِ وَأَنْتُمُ الْأَعْلَوْنَ وَاللهُ مَعَكُمْ﴾ ﴿(كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلغان چېغىڭلاردا) بوشاپ قالماڭلار، (كاپىرلارنى) سۈلھكە چاقىرماڭلار، ھالبۇكى، سىلەر غالىپتۇرسىلەر، الله سىلەر بىلەن بىرگىدۇر﴾ دېگەن

سۆزىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: دۈشمەنلەردىن ئاجىزلاپ قالماڭلار (ھالبۇكى سىلەر سۈلھىگە چاقىرىسىلەر). يەنى سىلەر كۈچلۈك، سانىڭلار ۋە تەييارلىقىڭلار كۆپ ھالەتتە تۇرۇپ سىلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈلھىلىشىش ۋە ئۇرۇش توختىتىشقا چاقىرىسىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تەئالا: ﴿فَلا تَهِنُوا وَتَدْعُوا إِلَى السَّلْمِ وَأَنْتُمُ الأَعْلَوْنَ﴾ ﴿(كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلغان چېغىڭلاردا) بوشاپ قالماڭلار، (كاپىرلارنى) سۈلھىگە چاقىرماڭلار، ھالبۇكى، سىلەر غالىپتۇرسىلەر﴾ دېگەن. يەنى بۇ يەردە سىلەر دۈشمىنىڭلاردىن ئۈستۈن ھالەتتە تۇرۇپ دېمەكچى.

ئەمما كۇففارلار جىمى مۇسۇلمانلارغا سېلىشتۇرغاندا كۈچلۈك ۋە كۆپ بولسا، ئىمام (يەنى ئەمىر ياكى خەلىپە) ئۇرۇش توختىتىش ۋە كېلىشىم تۈزۈشتە پايدا بار دەپ قارىسا، خۇددى پەيغەمبەر ﷺ نى قۇرەيش كۇففارلىرى مەككىگە كىرىشتىن توسۇپ، ئۇ زاتنى سۈلھىگە ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئون يىل ئۇرۇش توختىتىشقا چاقىرغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇلارنىڭ ئاشۇ تەلىپىگە قوشۇلغىنىدەك، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىش ھوقۇقى بار. الله تەئالانىڭ: ﴿الله سىلەر بىلەن بىللىدۇر﴾ دېگەن سۆزىدە دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە-نۇسرەت بېرىش بىلەن كاتتا بىر بىشارەت بېرىش بار.

بەزى كىشىلەر، بولۇپمۇ يېقىندىن مەيدانغا كەلگەنلەر شۇ كۆز قارشقا بارىدۇكى، مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدىكى ئاساس بولسا تىنچلىقتۇر. بۇنىڭدىن مۇستەسنا ھالەت بولسا، زورۇرىيەت تېپىلغاندا ئۇرۇش قىلىشتۇر. ئۇلار بۇ سۆزگە الله تەئالانىڭ: ﴿وَإِنْ جَنَحُوا لِلسَّلْمِ فَاجْنَحْ لَهَا وَتَوَكَّلْ عَلَى الله ﴾ ﴿ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، الله قا تەۋەككۇل قىلغىن﴾ دېگەن سۆزىنى دەلىل كەلتۈرىدۇ. مانا بۇ پىكىر دۈشمەننى ئۆزىنىڭ دىيارىدا يوقىتىشتىن ئىبارەت ھەقنى كېڭەيتىش جىھادىنى پۈتۈنلەي بىكارچى قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ ۋە جىھادنى پەقەت مۇداپىئە جىھادىدىلا چەكلەپ قويىدۇ.

ئەمما (يۇقىرىدا ئۇلار) دەلىل كەلتۈرگەن ئايەتتە (ئۇلارنىڭ سۆزىگە) دەلىل يوق. چۈنكى، ئۇ ئايەت مۇسۇلمانلارنىڭ كېلىشىم تۈزۈشكە ئېھتىياجىنىڭ چۈشۈش شەرتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈشنىڭ دۇرۇسلىقىغا قارىتىلغان. بۇ شەرتنى بىرىنچى ئايەت بايان قىلىپ بېرىدۇ: ﴿ فَلا تَهِنُوا وَتَدْعُوا إِلَى السَّلْمِ وَأَنْتُمُ الأَعْلَوْنَ﴾ ﴿(كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلغان چېغىڭلاردا) بوشاپ قالماڭلار، (كاپىرلارنى) سۈلھىگە چاقىرماڭلار، ھالبۇكى، سىلەر غالىبتۇر سىلەر.﴾

سۈرە ئەنفالنىڭ ئايىتى مۇسۇلمانلارنىڭ سۇلھى تۈزۈشكە ئېھتىياجى چۈشكەن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسىغا بولغان بولۇشىدىن ئىبارەت بىرلا ھالەتكە خاس. ئەمما، سۈرە مۇھەممەدنىڭ ئايىتى بولسا سۇلھى تۈزۈشنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسىغا بولمىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنىگە بېسىم قىلغۇدەك كۈچى بولغان يەنە بىر ھالەتكە خاس. بۇ چاغدا مۇشۇ ئايەتكە ئاساسەن سۇلھى تۈزۈش دۇرۇس ئەمەس. بۇ ھالەتتە سۇلھى تۈزگەنلىك ئىسلام دىنىنى باشقا دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسى مەقسەتتىن چەتنىگەنلىكدۇر. بۇنىڭ دەلىلى الله تەئالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدۇر: ﴿**وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ لِلَّهِ**﴾ ﴿پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار﴾، ﴿**هُوَ الَّذِي أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَقِّ لِيُظْهِرَهُ عَلَى الدِّينِ كُلِّهِ وَلَوْ كَرِهَ الْمُشْرِكُونَ**﴾ ﴿الله ھەق دىن (ئىسلام) نى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تولۇق) ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى، مۇشرىكلار ئۇنىڭ (ئۈستۈن بولۇشىنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ﴾ مانا بۇ ئاساسىي مەقسەتتۇر.

يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿**إِنَّ الَّذِينَ يُحَادُّونَ الله وَرَسُولَهُ أُوْلَئِكَ فِي الأَذَلِّينَ**﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، الله بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقۇچىلار ئەڭ خار ئىنسانلار قاتارىدىدۇر.﴾

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ سۈرە ئەنفالدىكى ﴿**وَإِنْ جَنَحُوا لِلسَّلْمِ فَاجْنَحْ لَهَا**﴾ ﴿ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: [ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، زەيىد ئىبنى ئەسلەم، ئەتائۇل خۇراسانى، ئىكرەمە، ھەسەن ۋە قەتادە قاتارلىق ئۆلىمالار مۇنداق دېگەن ــ [شۈبھىسىزكى بۇ ئايەت سۈرە تەۋبىدىكى ﴿**قَاتِلُوا الَّذِينَ لاَ يُؤْمِنُونَ بالله وَلاَ بِالْيَوْمِ الآخِرِ**﴾ ﴿سىلەر ئەھلى كىتابتىن الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار﴾ دېگەن قىلىچ ئايىتى بىلەن ئەمەلدىن قالغۇچىدۇ.] ئۇ سۆزنىمۇ ئويلىنىش كېرەك. چۈنكى سۈرە تەۋبىنىڭ ئايىتىدە ئەگەر ئۇرۇش قىلىش مۇمكىن بولسا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇق بار. ئەگەر دۈشمەن كۆپ بولسا، ئۇلار

بىلەن كېلىشىم تۈزۈش دۇرۇس. ئۇنىڭغا يۇقىرىقى ئايىتى كەرىمە ھەمدە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇدەيبىيە كۈنىدە كېلىشىم تۈزگەنلىكى دالالەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن (ئۇ ئىككى ئايەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا) زىتلىق يوق، نە (بىر-بىرىنى) ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتمەيدۇ ۋە نە (بىر-بىرىنى) خاسلاشتۇرمايدۇ. اللە ياخشى بىلگۈچىدۇر].

ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ: ﴿وَإِنْ جَنَحُوا لِلسَّلْمِ فَاجْنَحْ لَهَا﴾ ﴿ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن﴾ دېگەن ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: [بۇ ئايەت مۇشرىكلار كۈچلۈك ۋە سانى كۆپ بولسا ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشنىڭ يولغا قويۇلىشىغا دالالەت قىلىدۇ. ئايەتتىكى شەرتنىڭ مەنىسى شۇكى، سۈلھى تۈزۈشكە بۇيرۇش سۈلھى تۈزۈشنىڭ ئىسلامغا پايدىلىق بولۇشى بىلەن قەيت قىلىنغان. ئەگەر ئىسلام كۇفرى ئۈستىدىن غالىب بولۇپ كېلىشىم تۈزۈشتە پايدا ئېنىق بولمىسا، كېلىشىم تۈزۈشكە بولمايدۇ.] دەلىل كەلتۈرۈلگەن ئايەت ھاجەت چۈشكەندە كېلىشىم تۈزۈشنىڭ يولغا قويۇلىشىغا دالالەت قىلىدۇكى، كېلىشىم تۈزۈشنىڭ ۋاجىبلىقىغا دالالەت قىلمايدۇ.

يۇقىرىقى سۆزلەردىن ئىسلام دىنى تىنچلىققا چاقىرمايدۇ دەپ چۈشۈنۈشكە بولمايدۇ. بەلكى، ئىسلام دىنى تىنچلىققا چاقىرىدۇ. لېكىن، ئۆزىنىڭ خاس مەپكۇرىسىغا تايىنىپ تۇرۇپ چاقىرىدۇ. ھەمدە بۇ تىنچلىقنى بارلىق مەخلۇقلارغا خالايدۇ. بۇ ھەقتە اللە تەئالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلا رَحْمَةً لِلْعَالَمِينَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾. ﴿اللهُ وَلِيُّ الَّذِينَ آمَنُوا يُخْرِجُهُمْ مِنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ﴾ ﴿اللە مۇئمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇ، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمىتىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ﴾. ﴿وَلَا تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ بَعْدَ إِصْلَاحِهَا﴾ ﴿اللە (پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ) يەر يۈزىنى تۈزگەندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلماڭلار﴾. ﴿إِنَّ اللهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالإِحْسَانِ وَإِيتَاءِ ذِي الْقُرْبَى وَيَنْهَى عَنْ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنكَرِ وَالْبَغْيِ﴾ ﴿اللە ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش-ئەقرىبالارغا سىلە-رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز-ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ.﴾

مانا بۇ ئىسلام چۈشەنچىسىدىكى تىنچلىقدۇر. مەخلۇقلارغا رەھىم-شەپقەت قىلىشنىڭ مەنىسى ئۇلارنى قاراڭغۇلۇقلاردىن يورۇقلۇققا چىقىرىش، گۈزەل ئەخلاقلارغا قىزىقتۇرۇش، ئۇلارنى ئىنسانلارغا قۇلچىلىق قىلىشتىن ئازاد قىلىش، ﴿وَلَا يَتَّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضًا أَرْبَابًا مِنْ دُونِ اللهِ ﴾ ﴿ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) اللە نى قويۇپ بىر-بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالمايلى.﴾

ئۇلارنى زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىشتىن توسۇش قاتارلىق بۇ ئىشلار ۋۇجۇتقا چىقمايدىكەن، ﴿حَتَّى لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ لِلَّهِ﴾ ﴿پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي اللە ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار﴾ ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىش پەرز.

خۇلاسە: ئەگەر مۇسۇلمانلار كاپىرلار بىلەن سۈلھى قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسا شەرتلەر ئاستىدا سۈلھى قىلىش جائىز بولىدۇ.

1- مۇسۇلمانلار كاپىرلار بىلەن سۈلھى قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇلار بىلەن سۈلھى قىلىش جائىز.

2- سۈلھىدە مۇسۇلمانلارنى قورال-ياراقلارنى تاشلاشقا مەجبۇرلىماسلىقى كېرەك.

3- سۈلھىدە كاپىرلار مۇسۇلمانلارنى ھارام ئىشلارغا مەجبۇرلىماسلىقى كېرەك.

4- سۈلھى جامائەت ئىچىدە بۆلۈنۈش پەيدا قىلىشقا سەۋەپ بولماسلىقى كېرەك.

5- سۈلھىدە مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارغا تاپشۇرۇپ بېرىش دېگەنگە ئوخشاش شەرتلەر بولماسلىقى كېرەك.

6- سۈلھى ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن بولۇش كېرەك.

7- ئىسلام دىيارلىرىدىن بىر غېرىچ مىقداردىكى جاينى كاپىرلارغا بېرىپ تۇرۇپ سۈلھى قىلىشقا بولمايدۇ.

8- سۈلھى ۋاقىتلىق بولۇش كېرەك.

ئەسكەرتىش:

1- مۇجاھىدلار ئەمىرلىرى بۇ سۈلھىدە مۇسۇلمانلارغا خىيانەت قىلىپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىشى كېرەك. ئەگەر جامائەت ئەمىرى ئۇممەتكە خىيانەت قىلىدىغان سۈلھى قىلغان بولسا، بۇنداق كىشىلەردىن ئادا-جۇدا بولۇش كېرەك.

2ـ بۇ سۈلھى كاپىرلارنىڭ پايدىسىغا مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى كۆپلىگەن سۈلھىلەر ئۇزاق تارىختا ۋە يېقىن تارىختا ھەم ئۇممەتنىڭ جىھادىنىڭ مېۋىلىرىنى يوقىتىپ تاشلىدى.

3ـ ئىسلامى جامائەت ئەمىرلىرى ئۇرۇشتا كۇفرى دۆلەتلەر بىلەن سۈلھى قىلماقچى بولغاندا، جامائەتنىڭ بىرلىكىنى بەكمۇ لازىم تۇتىشى ۋە بۇنىڭ شەرئىي دەلىللىرى توغرىسىدا جامائەت ئەزالىرىغا، ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا تەپسىلى چۈشەنچىلەرنى بېرىشى لازىم. چۈنكى بۇ توغرىدا ئىختىلاپ بولغاچ، بەزى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز بىر دەلىلنىلا بىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ جامائەت خاتا كېتىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ سەپلەر ئايرىلىپ كېتىپ قېلىشى مۇمكىن.

4ـ ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئىسلام ئۇممىتى كاپىر دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا، بەزى ۋاقىتتا يەنە بىر دۆلەت بىلەن سۈلھى قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۈلھىنى جىھاد ئۇستازلىرى ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرگە رىئايە قىلغان ھالدا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

5ـ دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا كۈچى يەتمىدىغان تۇرۇپ سۈلھى قىلىپ قويۇش قەتئى جائىز ئەمەس. بەلكى ھارام ۋە ئىسلام ئۇممىتىگە بولغان چوڭ خىيانەتلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

6ـ ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇرۇشقا بولغا تاقەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىۋالماسلىقى بەلكى، ئىسلام شەرئىتىنىڭ ئۆلچەملىرى بىلەن ئۆلچەش كېرەك.

7ـ بىزنىڭ دەۋرىمىزدىكى ئۇرۇش رەسۇلۇللاھ ﷺ دەۋرىدىكىگە ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ سانىمىز ئاز، بۇ ئۇرۇشتىن توختاپ تۇرساق بولىدۇ دېگەندەك باھانىلارنى تاشلىشىمىز لازىم. بەلكى ھەر خىل تاكتىكىلار بىلەن بىر نەچچە مۇجاھىد بىر دۆلەتتىكى كاپىرلارنى چۆچىتىشى ۋە ئۇلارغا ئەجەللىك زەربىلەرنى بېرىشى لازىم. بۇ ھەقتە مالامەتچىلەردىن قورقماسلىقى الله قا بەكمۇ تەقۋالىق قىلىشى كېرەك. الله ئىسلام ئۇممىتىگە ياردەم بەرسۇن.

8ـ بۇ سۈلھىنى خالىغان ئادەم قىلىۋالماسلىقى، بەلكى خەلىفە ۋە ياكى ئىسلامى جامائەتلەرنىڭ ئەمىرلىرى قىلىشى لازىم. شۇنداقلا شۇرا ئەزالىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قىلىشى لازىم. ئەمما خالىغانچە بىر نەچچە ئادەم چىقىپ بىز بۇ دۆلەت بىلەن سۈلھى قىلدۇق دېسە بۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى بۇ بولسا ئىختىلاپنى كۆپەيتىدۇ ۋە خائىنلارغا يول ئېچىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرئەت دىنغا چاقچاق قىلىدىغان يوللارنى ھەممىنى ئېتىپ قويغان. الله ئىسلام ئۇممىتىنى خائىنلارنىڭ شەررىدىن ساقلىسۇن.

9 ـ ئىسلامى جامائەت ئەمىرلىرىگە بولغان تەۋسىيەلىرىم: ـ مۇسۇلمانلار كاپىر دۆلەتلەر بىلەن سۇلھى قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان ۋاقىتتا، جامائەتنىڭ بىرلىكىنى بەكمۇ لازىم تۇتىشى ۋە بۇنىڭ شەرئىي دەلىللىرى توغرىسىدا جامائەت ئەزالىرىغا، ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا تەپسىلى چۈشەنچىلەرنى بېرىشى لازىم.

يۇقارقى ئەسكەرتمىلەر، مەن جىهاد مەيدانىدا تۇرۇپ كۆپ ئىزدىنىپ هاسىل قىلغان چۈشەنچىلىرىمدۇر. الله هەممىدىن ياخشى بىلگۈچى

# ئۇرۇش قىلماسلىققا سۇلھى تۈزۈلمىگەن كاپىرلارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ دۇرۇسلۇقى

مۇهارىب كاپىر دېگەن ـ (ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىق توغرىسىدا) كېلىشىم تۈزۈلمىگەن كاپىردۇر. يەنى بۇلارنى بىز تاجاۋۇزچى كاپىر دەپ ئاتايمىز. الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە قاتتىق ئەزىيەت بەرگەن كاپىرلارنى (قەستلەپ ئۆلتۈرۈش) بىلەن هەدىستىن دەلىل كەلگەن. يەنى بۇنىڭغا الله تەئالانىڭ: ﴿ فَاقْتُلُوا الْمُشْرِكِينَ حَيْثُ وَجَدْتُمُوهُمْ وَخُذُوهُمْ وَاحْصُرُوهُمْ وَاقْعُدُوا لَهُمْ كُلَّ مَرْصَدٍ﴾ ﴿مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار﴾ دېگەن سۆزىدە ئىشارەت كەلگەن. قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: [﴿ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار﴾ دېگەن، يەنى ئۇلارنى كۆزىتىش ئۈچۈن، غەپلەت ئورنىدا ئولتۇرۇڭلار. مانا بۇ دەۋەت قىلماي تۇرۇپ ئۇلارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.]

مەن بۇ مەسىلىدە ئايرىم توختىلىشىمدىكى مەقسەت: بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا،شۇنداقلا مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىكى كۆپ بولۇپ كەتكەن كاپىرلار ئىنتايىن كۆپ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بىرىنچى بولۇپ، شۇنداق كاپىرلارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش خىزمىتىنى بەكمۇ لازىم تۇتىشىمىز كېرەك. ئىسلامغا زىيىنى كۆپ بولغان كاپىرلارغا ئەڭ ئەۋۋەل جىهاد قىلىش كېرەك. مەن بۇ هەقتە ئىلگىركى بابلاردا هەم توختالغان. شۇ ئورۇنلارغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

# ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلار توغرىسىدا

مۇجاھىد قېرىنداشلار! الله جىھاد ئىبادىتىنى بىزلەرگە پەرز قىلىپ بىكىتتى. شۇنداقلا بۇ ئىبادەتكە نۇرغۇنلىغان ئەھكاملارنى بىكىتتى. ئەگەر بىز جىھادنى شۇ يۇسۇندا ئادا قىلساق، بۇ ئىبادەت ئادا بولىدۇ ۋە ئەجىرلەرگە ئېرىشەلەيمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن جىھاد ئىبادىتىنىڭ ئەھكاملىرىدىن ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلار توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

الله قۇرئان كەرىمدە بەزى ئايلاردا جىھاد قىلىشنى هارام قىلغان.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَسْأَلُونَكَ عَنِ الشَّهْرِ الْحَرَامِ قِتَالٍ فِيهِ قُلْ قِتَالٌ فِيهِ كَبِيرٌ وَصَدٌّ عَنْ سَبِيلِ الله وَكُفْرٌ بِهِ وَالْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَإِخْرَاجُ أَهْلِهِ مِنْهُ أَكْبَرُ عِنْدَ الله وَالْفِتْنَةُ أَكْبَرُ مِنَ الْقَتْلِ وَلَا يَزَالُونَ يُقَاتِلُونَكُمْ حَتَّى يَرُدُّوكُمْ عَنْ دِينِكُمْ إِنِ اسْتَطَاعُوا وَمَنْ يَرْتَدِدْ مِنْكُمْ عَنْ دِينِهِ فَيَمُتْ وَهُوَ كَافِرٌ فَأُولَئِكَ حَبِطَتْ أَعْمَالُهُمْ فِي الدُّنْيَا وَالْآَخِرَةِ وَأُولَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ (217)**﴾ (سۈرە بەقەر)

﴿ (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن: «هارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر؛ الله نىڭ يولىدىن توسۇش، الله قا كۇفرىلىق قىلىش، مەسجىدى ھەرەمدا (ئىبادەت قىلىشتىن) توسۇش ۋە مەسجىدى ھەرەمدىن ئاھالىنى ھەيدەپ چىقىرىش الله نىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر، پىتنە (يەنى مۇئمىنلەرگە زىيانداشلىق قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر». ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر [217].﴾ سۈرە بەقەر)

﴿ **إِنَّ عِدَّةَ الشُّهُورِ عِنْدَ الله اثْنَا عَشَرَ شَهْرًا فِي كِتَابِ الله يَوْمَ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ مِنْهَا أَرْبَعَةٌ حُرُمٌ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ فَلَا تَظْلِمُوا فِيهِنَّ أَنْفُسَكُمْ وَقَاتِلُوا الْمُشْرِكِينَ كَافَّةً كَمَا يُقَاتِلُونَكُمْ كَافَّةً وَاعْلَمُوا أَنَّ الله مَعَ الْمُتَّقِينَ (36)** ﴾

﴿شۇبھىسىزكى، ئاسمان ۋە زېمىن يارىتىلغاندىن تارتىپ (قەمەرى) ئايلارنىڭ سانى الله نىڭ دەرگاھىدا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) 12 دۇر, ئۇلاردىن تۆتى (يەنى زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم، رەجەپ) ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلاردۇر, بۇ توغرا دىندۇر (يەنى مەزكۇر تۆت ئايدا ئۇرۇشنىڭ ھارام قىلىنىشى الله نىڭ توغرا دىنىدۇر)، بۇ ئايلاردا (ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق بىلەن، الله چەكلىگەن گۇناھ ئىشلارنى قىلىش بىلەن) ئۆزۈڭلارغا زىيان سالماڭلار، مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، الله تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى الله نىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش، مەنئى قىلغان ئىشلاردىن چەكلىنىش بىلەن الله تىن قورققۇچىلارغا الله نىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىدە بولۇڭلار) [36] ﴾ (سۈرە تەۋبە)

ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلار قايسىلار؟

ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلار بولسا مۇھەررەم، رەجەب، زۇلقەئدە، زۇلھەججە ئايلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش قىلماسلىق دېگەن، الله نىڭ ھۆكمى ھازىرمۇ ئەمەل قىلىنامدۇ؟

ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش قىلماسلىق توغرىسىدا ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرى ھەر خىل بولغان.

ئۆلىمالارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئومۇمىي كۆز قاراشلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ جۇمھۇر ئالىملار ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش قىلماسلىق توغرىسىدىكى ھۆكۈم مەنسۇخ دەيدۇ. (مەسائىل مىن فىقھۇل جىھاد ۋە تەفسىر قۇرتۇبى 3 ـ توم 43 ـ بەت)

2 ـ ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش قىلماسلىق توغرىسىدىكى ھۆكۈم ئەمەل قىلىنىدۇ.

3 ـ ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش قىلماسلىق توغرىسىدىكى ھۆكۈم جىھاد پەرز كۇپايە بولغان ھالەتكە قارىتىلىدۇ. ئەمما جىھاد پەرز ئەيىن بولغان ھالەتتە ھەممە ئايلاردا دۇشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىنىدۇ. (كەششافۇل قىنائ 3 ـ توم 37 ـ بەت)

4ـ ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش قىلماسلىق توغرىسىدىكى هۆكۈملەر بولسا، ئىلگىرىدىن باشلاپ بۇ ئايلاردا ئۇرۇش هارام قىلىنغان دەپ بىلىدىغان ۋە بۇ ئايلارنىڭ هۆرمىتىنى ساقلايدىغان كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا ئەمەل قىلىنىدۇ. ئەمما بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكىگە ئوخشاش ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلارنىڭ هۆرمىتىنى ساقلىمايدىغان كاپىرلار، يەهۇدىي ـ نەسارلار ۋە مۇرتەدلەر بىلەن هەر زامان هەر ۋاقىتتا ئۇرۇش قىلىنىدۇ. (مەسائىل مىن فىقهۇل جىهاد)

كۈچلۈك كۆز قاراش 4ـ قاراشتۇر. الله هەممىدىن ياخشى بىلگۈچى.

# 7 ـ باب كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى قالقان قىلىۋېلىش مەسىلىسى توغرىسىدا

قالقان قىلىش دېگىنىمىز ـ كاپىرلار مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئەسىرلەرنى ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھلى ـ پەرزەنتلىرىنى ياكى ئەھلى ـ ئىلىم قارى ـ قۇرئانلىرىنى جەڭ مەيدانلىرىدا سەپنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ شۇلار بىلەن ئۆزىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئەزىز مۇھاجىر ۋە مۇجاھىد بۇرادەرلەر، ھەممىمىزگە مەلۇمكى بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ جىھادىي ئەمەلىيەتلىرىمىز كىلاشنىكوفلار بىلەن، يىراقتىن ئاتىدىغان توپ قوراللىرى بىلەن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىستىشھادىي ئەمەلىيەتلەر ۋە مىنا ئەمەلىيەتلىرى بىلەن بولىۋاتىدۇ. ئىنشائاللاھ، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا مۇجاھىدلارغا نۇسرىتىنى تېخىمۇ كۆپلەپ بەرسە باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار قولىمىزغا چۈشسە باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار، بومباردىمانچى ئايروپىلانلار بىلەن ھەم بۇ جىھادىي ئەمەلىيەتلەر داۋاملىشىدۇ. مۇجاھىدلار مانا مۇشۇنداق ھالەتتە جىھاد قىلىۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، كاپىرلارغا يىراقتا تۇرۇپ ئوق ئاتسا بۇ ئوقلار مۇسۇلمانلارغا تېگىپ قېلىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى تۆكىلىشى، زىيان زەخمەت يېتىپ قېلىشى، ياكى شۇ جايدىكى مۇسۇلمانلار ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىلىشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ قالقان مەسىلىسى شەرئىي ھۆكمىنى ھەممەيلەن ياخشى بىلىۋېلىش كېرەك بولغان مۇھىم مەسىلە، ئەگەر بۇنى ياخشى بىلىۋالمىساق، بۇ ھەتتا مۇجاھىدلارنىڭ جىھادنى تەرك قىلىپ قويىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى شەرئىي بىلىملەرنى بىلىشى بەكمۇ مۇھىم.

مەن قالقان مەسىلىسى توغرىسىدا توختىلىشتىن ئىلگىرى ئىككى مۇھىم مەسىلە ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈشنى توغرا تاپتىم.

**1 ـ مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنىڭ ھۆرمىتى ئىنتايىن چوڭ.**

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ﷲ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى مۇھەممەد ﷺ مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنىڭ ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭغا چېقىلىشنىڭ چوڭ گۇناھلاردىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. شۇنداقلا كىمدە كىم مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى ناھەق تۆكسە شۇ كىشىگە نۇرغۇنلىغان تەھدىدلەرنىڭ بارلىقىنى بايان قىلدى.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يَقْتُلْ مُؤْمِنًا مُتَعَمِّدًا فَجَزَاؤُهُ جَهَنَّمُ خَالِدًا فِيهَا وَغَضِبَ الله عَلَيْهِ وَلَعَنَهُ وَأَعَدَّ لَهُ عَذَابًا عَظِيمًا (93) ﴾

﴿كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، الله نىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. الله ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ [93].﴾

عن أبي الدَّرْدَاءِ قال سَمِعْتُ رَسُولَ الله صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ كُلُّ ذَنْبٍ عَسَى لله أَنْ يَغْفِرَهُ إِلَّا مَنْ مَاتَ مُشْرِكًا أَوْ مُؤْمِنٌ قَتَلَ مُؤْمِنًا مُتَعَمِّدًا.

ئەبۇ دەردا ﷺ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «الله ھەرقانداق گۇناھنى مەغپىرەت قىلىدۇ، پەقەت مۇشرىك ھالەتتە ئۆلگەن كىشىنى ياكى بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن مۇئمىننىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. (ئەبۇ داۋۇد: 4270)

عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصَّامِتِ أَنَّهُ سَمِعَهُ يُحَدِّثُ عَنْ رَسُولِ الله صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ قَالَ مَنْ قَتَلَ مُؤْمِنًا فَاعْتَبَطَ بِقَتْلِهِ لَمْ يَقْبَلْ لله مِنْهُ صَرْفًا وَلَا عَدْلًا.

ئۇبادە ئىبنى سامىت ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:«كىمكى بىر مۇئمىننى ناھەق ئۆلتۈرىۋەتسە، الله ئۇنىڭ نە پەرز ئەمەلىينى، نە نەپلە ئەمەلىينى قوبۇل قىلمايدۇ».(ئەبۇ داۋۇد: 4270)

عَنْ عَبْدِ الله بْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ الله صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَتْلُ الْمُؤْمِنِ أَعْظَمُ عِنْدَ الله مِنْ زَوَالِ الدُّنْيَا

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە ﷺ دادىسىدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:«بىر مۇئمىننى ئۆلتۈرۈش الله نىڭ دەرگاھىدا پۈتۈن دۇنيانى يوق قىلىۋەتكەندىنمۇ چوڭ گۇناھتۇر.» (نەسائى: 3990)

عن أبي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ وأبي هُرَيْرَةَ يَذْكُرَانِ عَنْ رَسُولِ الله صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَوْ أَنَّ أَهْلَ السَّمَاءِ وَأَهْلَ الْأَرْضِ اشْتَرَكُوا فِي دَمِ مُؤْمِنٍ لَأَكَبَّهُمْ الله فِي النَّارِ.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى ﷺ بىلەن ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:« بىر مۇئمىنىنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە پۈتۈن ئاسمان ئەھلى بىلەن زېمىن ئەھلى شېرىك بولغان تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە، الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى دوزاخقا دۈم چۈشۈرگەن بولاتتى.» (تىرمىزى: 1398)

**2 ـ ئەقىدىنى ساقلاپ قېلىش بولسا جاننى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.**

الله بىزلەرگە قوغداش ئەڭ مۇھىم بولغان بەش تۈرلۈك نەرسىنى بايان قىلدى. بۇلارنىڭ رەت تەرتىۋى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ دىن يەنى ئەقىدە

2 ـ جان

3 ـ ئەقىل

4 ـ يۈز ئابروي

5 ـ مال

مانا بۇ بەش تۈرلۈك نەرسىلەرنى قوغداشنى الله بىزلەرگە ۋاجىب قىلدى. شۇنداقلا دىننى قوغداپ قېلىشنى بولسا ھەممىنىڭ ئالدىدا قىلدى.

ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار! الله مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنىڭ ھۆرمىتىنى ئىنتايىن يۇقىرى قىلدى. ئەمما شۇ جاننى، دىننى قوغداش ئۈچۈن قۇربان قىلىشنى ھەم بىزلەرگە بايان قىلىپ بەردى.

مانا شۇ ئەقىدىنىڭ مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلىرىمىز، سەلەف سالىھلىرىمىز ۋە مۇجاھىدلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىنى ئەقىدە ئۈچۈن قۇربان قىلىدى.

مانا شۇ ئەقىدىنى ساقلاپ قېلىش ھەممىدىن مۇھىم بولغاچقا، الله جىھاد ئىبادىتىنى پەرز قىلدى.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ لِلَّهِ فَإِنِ انْتَهَوْا فَإِنَّ اللهَ بِمَا يَعْمَلُونَ بَصِيرٌ (39) ﴾

﴿پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) يانسا، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرىدۇ [39].﴾ (سۈرە ئەنفال)

ئەمدى مەن قالقان مەسىلىسى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمەن.

ئىلگىرىدىن باشلاپ قورقۇنچاق ۋە چىدىماس كاپىرلار، ھەر دائىم ھىيلە-مىكىرلەرنى ئويلاپ مۇجاھىدلارنىڭ جىھادىنى توختىتىشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە. لېكىن ئۇلار ھەرگىز جىھادنى توختىتالمايدۇ.

**﴿يُرِيدُونَ أَن يُطْفِؤُواْ نُورَ الله بِأَفْوَاهِهِمْ وَيَأْبَى الله إِلاَّ أَن يُتِمَّ نُورَهُ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ﴾**

**﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار، يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) الله نىڭ نۇرىنى (يەنى ئىسلام دىنىنى) ئېغىزلىرى (يەنى يالغان - ياۋىداق بوھتانلىرى) بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ، الله ئۆز نۇرىنى ئۈستۈن قىلماي قالمايدۇ، كاپىرلار (بۇنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ [32].﴾** (سۈرە تەۋبە)

عن جَابِرَ بْنَ عَبْدِ الله قال سَمِعْتُ النَّبِيَّ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ لَا تَزَالُ طَائِفَةٌ مِنْ أُمَّتِي يُقَاتِلُونَ عَلَى الْحَقِّ ظَاهِرِينَ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە ھەق ئۈستىدە تۇرۇپ، تاكى قىيامەتكىچە داۋاملىق جىھاد قىلىدۇ.» (مۇسلىم)

كاپىرلارنىڭ ھىيلە مىكىرلىرىدىن بىرى قالقان مەسىلىسىدۇر.

**قالقان مەسىلىسى مۇنداق ئىككى خىل ھالەتتە ئۇچرايدۇ.**

1 - كاپىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسىرلىرىنى ۋە ياكى ئەھلى ئائىللىرىنى جەڭ مەيدانىدا سەپنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ ئۆزلىرىنى قوغدىۋالىدۇ. بىزنىڭ بۇگۈنكى دەۋرىمىزدە بولسا كاپىرلار مۇجاھىدلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنى ئۆلتۈرىۋېتىشنى تەھدىد قىلىپ مۇجاھىدلارنى جىھادنى توختىتىشقا مەجبۇرلايدۇ.

2 - كاپىرلار ئەسكىرى ئورگانلىرىنى، ج.خ ئىدارىلىرىنى ۋە مۇجاھىدلار ھۇجۇم قىلىدىغان ئورۇنلىرىنى، مۇسۇلمانلار توپلىشىۋاتقان بازارلارغا ئورۇنلاشتۇرىۋالىدۇ. كاپىرلار بۇ ئارقىلىق مۇجاھىدلار مۇسۇلمانلار توپلىشىۋاتقان ئورۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلمايدۇ، بىز كۈپرىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇسۇلمانلارنى ئىسلامدىن ئۇنۇملۇك توسىيالايمىز دەپ ئويلايدۇ ۋە شۇنى مەقسەت قىلىدۇ.

مەن تۆۋەندە قالقان مەسىلىسىنىڭ بۇ ئىككى خىل كۆرۈنىشى ھەققىدە ئۇستازلىرىمىزنىڭ پەتىۋالىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

1 ـ كاپىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسىرلىرىنى ۋە ياكى ئەھلى ئاياللىرىنى جەڭ مەيدانىدا سەپنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ ئۆزلىرىنى قوغدىۋالىدۇ. كاپىرلار بۇ ئارقىلىق مۇجاھىدلارنىڭ جىھادىنى توختىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ ياكى ئوق بىزگە تەگمەي مۇسۇلمانلارغا تەگسۇن بىز ساق قالايلى دېگەن مەقسەتلەرنى قىلىدۇ.

ئىمام جەسساس رەھىمەھۇللاھ، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، ئەبۇ يۇسۇف ۋە زۆھرى رەھىمەھۇمۇللاھ قاتارلىق ئالىملارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ:[ كاپىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسىرلىرىنى ۋە ياكى ئەھلى ئاياللىرىنى جەڭ مەيدانىدا سەپنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ قالقان قىلىۋالغان بولسا، بۇ ھالەتتە مۇجاھىدلار كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ ئوق ئاتسا جائىز.] (ئەھكامۇل قۇرئان 5ـ توم 273ـ بەت)

بەزى ئالىملار [ ئەگەر كاپىرلار جەڭ مەيدانىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسىرلىرىنى ۋە ياكى ئەھلى ئاياللىرىنى قالقان قىلىۋالغان بولسا ۋە ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ كاپىرلارنى ئۆلتۈرمىسە مۇسۇلمانلارغا زىيان يېتىدىغان ھالەت بولسا، مۇسۇلمانلارنى مەقسەت قىلماستىن كاپىرلارنى مەقسەت قىلىپ ئوق ئاتسا بولىدۇ، بۇنىڭغا ئالىملار بىرلىككە كەلگەن دەپ بايان قىلىدۇ.]

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ ئەگەر كاپىرلار جەڭ مەيدانىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسىرلىرىنى، ياكى ئەھلى ئاياللىرىنى قالقان قىلىۋالغان بولسا ۋە ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ كاپىرلارنى ئۆلتۈرمىسە مۇسۇلمانلارغا زىيان يېتىدىغان ھالەت بولسا، مۇسۇلمانلارنى مەقسەت قىلماستىن كاپىرلارنى مەقسەت قىلىپ ئوق ئاتسا بولىدۇ. بۇنىڭغا ئالىملار بىرلىككە كەلگەن دەپ بايان قىلىدۇ.] (مەجمۇئۇل فەتىۋا 28ـ توم 537ـ بەت)

پەيغەمبەر ﷺ ، كاپىرلارنىڭ ئايال ـ باللىرىنى ئۆلتۈرۈشتىن توسقان، ئەمما كاپىرلار ئايال ـ باللىرى بىلەن ئارلىشىپ تۇرىۋاتقاندا ئايال ـ باللىرى بار ھالەتتە مەنچاناق ئاتقان. (ئەلمۇغنى 9 ـ توم231 ـ بەت)

ئىمام ئەبۇ يۇسۇف مۇنداق دەيدۇ:[ پەيغەمبەر ﷺ كاپىرلار قورغانلىرىغا مەنچاناق (يەنى بوگۇنكى دەۋرىمىزدىكى توپ قورالليرىغا ئوخشاش قوراللار) ئاتقان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆلتۈرۈشتىن چەكلەنگەن كىشىلەر ۋە تىجارەتچىلەر ۋە مۇسۇلمانلىقىنى مەخپى تۇتىۋاتقان مۇسۇلمانلارمۇ بار ئىدى.]

ئەگەر كاپىرلار جەڭ مەيدانىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسىرلىرىنى، ياكى ئەھلى ئاياللىرىنى قالقان قىلىۋالغان بولسا ۋە ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ كاپىرلارنى ئۆلتۈرمىسە مۇسۇلمانلارغا زىيان

يېتىدىغان ھالەت بولسا، مۇسۇلمانلارنى مەقسەت قىلماستىن كاپىرلارنى مەقسەت قىلىپ ئوق ئاتسا بولىدۇ. (بەدائىئۇسسە نائىئ 7 ـ توم 101 ـ بەت، ئەئۇم 4 ـ توم 259 ـ بەت ۋە ئەلھاۋى 4 ـ توم 188 ـ بەت)

بىز بۇ ھەقتە كەلگەن دەلىللەرنى كەلتۈرسەك ئايرىم بىر كىتابلار تۈزلىپ چىققۇدەك كۆپ دەلىللەر ۋە مەسىلىلەر بار. ئەمما مەن يۇقارقى دەلىللەردىن شۇنى خۇلاسە قىلىمەنكى:

كاپىرلار جەڭ مەيدانىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسىرلىرىنى ياكى ئەھلى ئاياللىرىنى قالقان قىلىۋالغان بولسا ۋە ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ كاپىرلارنى ئۆلتۈرمىسە مۇسۇلمانلارغا زىيان يېتىدىغان ھالەت بولسا، مۇسۇلمانلارنى مەقسەت قىلماستىن كاپىرلارنى مەقسەت قىلىپ ئوق ئاتسا بولىدۇ.

چۈنكى كاپىرلار مۇسۇلمانلارنى قالقان قىلىۋاپتۇ دەپ ئۇلارغا قارىتا ئوق ئاتماسلىق بولسا، جىھاد ئىبادىتىنى توختىتىشقا ئېلىپ بارىدۇ، شۇنداقلا كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن تېخىمۇ كۆپ زۇلۇملارنى قىلىشىغا ئېلىپ بارىدۇ.

قېرىنداشلار! ئەگەر بىز كاپىرلارنىڭ يېنىدا قالقان قىلىنغان مۇسۇلمانلار بار دەپ كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلمىساق ۋە ئۇلارغا ئوق ئاتمىساق كاپىرلار ئىسلامى دىيارلارغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدۇ. الله قا ۋە الله نىڭ مۆمىن بەندىلىرگە قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ ۋە الله نىڭ شەرىئىتىگە جەڭ قىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن قالقان قىلىنغان مۇسۇلمانلارنى بەربىر ئۆزلىرى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز، كاپىرلار مۇسۇلمانلارنى قالقان قىلىۋالغان بولسا مۇسۇلمانلارنى مەقسەت قىلماستىن، كاپىرلارنى مەقسەت قىلىپ ئۇلارغا ئوق ئېتىشىمىز ۋە جىھادنى توختاتماسلىقىمىز كېرەك.

قېرىنداشلار! ئىسلام شەرىئىتىدە ئالىملار بىرلىككە كەلگەن چوڭ بىر فىقھى قائىدە بار. ئۇ بولسىمۇ ئىككى زىيان كېلىپ قالسا، بۇنىڭ زىيىنى كىچىكرەكىگە دەسسەپ تۇرۇپ زىيىنى ئەڭ چوڭراقى يوق قىلىنىدۇ.

كاپىرلار جەڭ مەيدانىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسىرلىرىنى ۋە ياكى ئەھلى ئاياللىرىنى قالقان قىلىۋېلىش مەسىلىسىدە ھەم مۇسۇلمانلار مۇنداق ئىككى زىيانغا دۇچ كېلىدۇ.

1 ـ كاپىرلار مۇسۇلمانلارنى قالقان قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئاتقان ئوقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا تېگىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، كاپىرلارغا قارىتىپ ئوق ئاتماسلىق. مانا بۇ مەسىلە بولسا ئىلگىرى بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك جىھاد ئىبادىتىنى توختىتىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

2 ـ كاپىرلار مۇسۇلمانلارنى قالقان قىلىۋالغان بولسا مۇسۇلمانلارنى مەقسەت قىلماستىن، كاپىرلارنى مەقسەت قىلىپ ئۇلارغا ئوق ئېتىش. مانا بۇ خىل ھالەتتە بولسا قالقان قىلىنغان مۇسۇلمانلار ھەم ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا قانداق قىلىش كېرەك؟

بۇ خىل ھالەتتە بىز ئىسلام دىنىمىزدىكى فىقھى قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىپ تۇرۇپ، ئىككى زىياننىڭ كىچىكرەكىگە دەسسەپ تۇرۇپ چوڭ زىياننى دەپئى قىلىشىمىز لازىم.

يۇقارقى فىقھى قائىدىنى شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مەجمۇئۇل پەتىۋا 20ـ توم 52ـ بەتلەردە بايان قىلغان. ۋە قالقان قىلىنغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىشى يەڭگىل زىيان دەپ كەلتۈرگەن.

2ـ كاپىرلار ئەسكىرى ئورگانلىرىنى، ج، خ ئىدارىلىرىنى ۋە مۇجاھىدلار ھۇجۇم قىلىدىغان ئورۇنلىرىنى مۇسۇلمانلار توپلىشىۋاتقان بازارلارغا ئورۇنلاشتۇرىۋالىدۇ. كاپىرلار بۇ ئارقىلىق مۇجاھىدلار مۇسۇلمانلار توپلىشىۋاتقان ئورۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلمايدۇ بىز كۆپرىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇسۇلمانلارنى ئىسلامدىن ئۇنۇملۇك توسىيالايمىز دەپ ئويلايدۇ ۋە شۇنى مەقسەت قىلىدۇ. كاپىرلار بۇگۈنكى دەۋرىمىزدە ئۆزلىرىنىڭ ئەسكىرى ئورۇنلىرىنى ئىنسانلار توپلىشىۋاتقان ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرىۋاتىدۇ. شۇ ئورۇنلاردا تۇرۇپ قالغان مۇسۇلمانلارنى كاپىرلار مەجبۇرى ھالەتتە شۇ جايدا تۇرغۇزغان بولسۇن ۋە ياكى شۇ جايدىكى مۇسۇلمانلار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تۇرۇپ قالغان بولسۇن ھەر ئىككى خىل ھالەت قالقان مەسىلىسىگە كىرىدۇ.

مانا بۇ خىل ھالەتلەر بولسا ھەم ئىلگىرى بايان قىلىپ ئۆتكەن مەسىلىگە ئوخشاشلا جائىز. چۈنكى ھەم بۇ مەسىلە زامانىمىزدىكى قالقان كۆرۈنىشلىرىنىڭ بىرى.

مۇجاھىدلار ئۇستازى ئەبۇ يەھيا لىبىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:[ مەن ئابدۇللاھ ئىبنى قەئۇد رەھىمەھۇللاھقا مۇنداق سۇئال سوراپ خەت يازدىم. ئەگەر كاپىرلار ئەسكىرى ئورۇنلىرىنى ئىنسانلار توپلىشىۋاتقان ئورۇنلارغا قۇرىۋېلىپ بۇ ئارقىلىق مۇجاھىدلارنىڭ شۇ ئورۇنلارغا ئەمەلىيەتلەرنى ئېلىپ بارسا ئەمەلىيەت قىلىش جەريانىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش خەۋپى بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ مەسىلە ئىلگىرىكى ئالىملىرىمىز بايان قىلغان قالقان مەسىلىسىگە كىرەمدۇ؟

ئۇستاز ئابدۇللاھ ئىبنى قەئۇد رەھىمەھۇللاھ مۇنۇ جاۋابنى بەردى:[ بۇ خىل ھالەت ھەم ئالىملار ئىجازەت بەرگەن قالقان مەسىلىسىگە كىرىدۇ.]

مۇجاھىدلار قېرىنداشلار! قالقان مەسىلىسىنىڭ بۇ كۆرۈنۈشى ھەم زامانىمىزدىكى كەڭرى تارقالغان كۆرۈنىشلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

ھازىرقى رىئاللىقلارنى ياخشى تونۇپ يەتكەن قېرىنداشلىرىمىزغا مەلۇمكى، كاپىرلار ئىسلامى دىيارلارغا باستۇرۇپ كىرگەن ۋە مۇسۇلمانلار ئىختىيارى-مەجبۇرى ھالەتتە كاپىرلارنىڭ ئەسكىرى ئورۇنلىرىغا يېقىن تۇرۇپ قالدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كىتىپ بولالمايدۇ.

تۈركىستاندا ھەم ئەسكىرى ئورۇنلار، تۈرمىلەر ۋە ج خ ئىدارىلىرى مۇسۇلمانلار تۇرىۋاتقان جايلارغا، بەزىلىرى بازارلارغا جايلاشقان. بىز كاپىرلارغا ئىستىشھادىي ئەمىلىيەتلەرنى ۋە ياكى ئۇزاق مۇساپىلىك توپ قوراللىرى بىلەن ئەمىلىيەت قىلغاندا، مۇسۇلمانلارغا ھەم زىيان زەخمەت يېتىپ قېلىشى مۇمكىن. بەزى مۇسۇلمانلار ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتساق: بۇ خىل ھالەتلەر قالقان مەسىلىسىگە كىرىدۇ. چۈنكى ئىلگىرى بىز بايان قىلغان بىرىنچى خىل كۆرۈنۈشتە بولسا، مۇجاھىدلار قالقان قىلىنغان مۇسۇلمانلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ ئاتىدۇ. شۇ ھالەتتە ھەم ئالىملار بۇنىڭ جائىزلىق توغرىسىدا پەتىۋا بەرگەن. ئەمما قالقان مەسىلىسىنىڭ ئىككىنچى خىل كۆرۈنىشىدە بولسا، مۇجاھىدلار مۇسۇلمانلارنى كۆرمەستىن ئۇرۇش قىلىدۇ ۋە پىدائى ئەمىلىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. (شەيخ ئەبۇ يەھيا لىبىي رەھىمەھۇللاھنىڭ قالقان مەسىلىسى دېگەن رىسالىدىن ئېلىندى.)

شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ خىل ھالەتلەردە مۇجاھىدلار الله قا تەقۋالىق قىلغان ۋە ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋالىرىغا رىئايە قىلغان ھالدا جىھادى ئەمىلىيەتلەرنى قىلىشى كېرەك.

# قالقان مەسىلىسىدە ئالىملار ئوتتۇرغا قويغان شەرتلەر

ئۆلىمالار بايان قىلغان شەرتلەر تولۇق بولغاندا، قالقان پەتىۋاسىغا ئەمەل قىلسا بولىدۇ.

1- قالقان قىلىنغانلارغا قارىتىپ ئوق ئېتىش جەڭگە كىرىشىپ كەتكەندە بولىشى كېرەك.

2- قالقان قىلىنغان مۇسۇلمانلارغا ئوق ئاتماي تۇرۇپ كاپىرلارغا ئوق ئاتقىلى بولمايدىغان ھالەت بولۇش لازىم.

3- مۇجاھىدلار ئىمكان بار، قالقان قىلىنغان مۇسۇلمانلارغا ئوق تېگىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تولۇق ئىمكانىيەتلىرىنى سەرپ قىلىشى كېرەك.

4- مۇجاھىدلار ئوق ئاتقاندا، مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلماستىن كاپىرلارنى مەقسەت قىلىپ ئوق ئېتىشى لازىم.

5 ـ قالقان قىلىنغان مۇسۇلمانلارغا ئوق ئاتقاندا، مۇسۇلمانلار ئۇچۇن ئېنىق ـ ئاشكارا مەنپەئەتلەر تەلەپ قىلىنغان بولۇشى كېرەك.

6 ـ كاپىرلارغا ئوق ئېتىشقا زۆرۈرىيەت تۇغۇلمىسا، مۇسۇلمانلارنى قوغداش يۈزىسىدىن ئۇلارنى تەرك ئېتىمىز. ئەگەر كاپىرلارغا ئوق ئېتىشقا ھاجەت تۇغۇلغان جەڭ قاينىمى ھالىتىدە، مۇسۇلمانلارنى قالقان قىلىۋالسا، ياكى ئۇلارغا ئوق ئېتىشنى تەرك ئەتسەك ئۇلار بىزنى يېڭىۋالىدىغان، ياكى ئۇلارنىڭ شىددىتى ۋە ئەزىيىتى كۆپىيىدىغان ۋە ياكى ئۇلارنىڭ قەلئەسىنى ئېلىش ئۆزرىسى بولغانغا ئوخشاش شارائىتلاردا ئوق ئېتىش جائىز.

7 ـ كاپىرلارغا ئوق ئاتقاندا، مۇسۇلمانلار تارقاقلاشتۇرۇلىشى، ئىمكان يار بەرگەن دائىرىدە مۇسۇلمان ئەسىرلەر قوغلىدىلىنىشى ۋە يىراقلاشتۇرۇلىشى لازىم.

# مۇجاھىدلار جىھادى ئەمىلىيەتلەرنى ئېلىپ بارغاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان نۇقتىلار

1 ـ مۇجاھىدلار جىھادى ئەمىلىيەتلەرنى ئېلىپ بارغاندا، ئەمىلىيەت قىلماقچى بولغان نىشاننى ياخشى تاللاش كېرەك. بۇ ئورۇنغا ئەمىلىيەت قىلىنسا، بۇنىڭ ئىقتىسادى، سىياسى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن پايدىسى قانچىلىك، زىيىنى قانچىلىك دېگەنگە ئوخشاش ئىشلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

2 ـ مۇجاھىدلار جىھادى ئەمىلىيەتلەرنى ئېلىپ بارغاندا ۋاقىتنى ياخشى تاللاش كېرەك. ئامال بار ئەمىلىيەتلەرنى ئىنسانلار تاراپ كېتىدىغان ۋاقىتقا توغرۇلاش كېرەك.

مەسىلەن مۇجاھىدلار جىھادى ئەمىلىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان ئورۇن كەچلىك بازارلاردا بولسا، مۇجاھىدلار جىھادى ئەمىلىيەتلەرنى كۈندۈزى قىلىشى كېرەك.

3 ـ مۇجاھىدلار جىھادى ئەمىلىيەتلەرنى ئېلىپ بارغاندا، مۇناسىپ ئورۇن تاللاش كېرەك. كاپىرلارنىڭ ئاساسى ئورۇنلىرىنى بىرىنچى ھۇجۇم قىلىدىغان ئورۇنلار قىلىشى لازىم.

4 ـ مۇجاھىدلار جىھادى ئەمىلىيەتلەرنى ئېلىپ بارغاندا شۇ جايدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىشكە قاتتىق سىقىلغان ھالدا كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ ئەمىلىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشى لازىم.

# مۇجاھىدلار جىھادى ئەمەلىيەتلەرنى ئېلىپ بارغاندا قالقان قىلىنغان مۇسۇلمانلار ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىپ قالسا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟

مۇجاھىدلار جىھادى ئەمەلىيەتلەرنى ئېلىپ بارغاندا، قالقان قىلىنغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپ كەتكەنلەر نىيىتىگە يارىشا تىرىلدۈرىلىدۇ.

بۇ ھەقتە ئالىملار ئىككى خىل قاراشنى ئوتتۇرغا قويغان

1ـ شېھىدلەرنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. (مەجمۇئۇل فەتىۋا 28ـ توم)

2ـ نىيىتىگە يارىشا تىرىلدۈرۈلىدۇ.

كۈچلۈك كۆز قاراش ئەگەر مۇسۇلمانلار مەجبۇرى قالقان قىلىنغان بولسا شېھىدنىڭ ھۆكمىدە. ئەمما، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كاپىرلار ئارىسىدا تۇرۇپ قالغان بولسا نىيىتىگە يارىشا تىرىلدۈرىلىدۇ. الله ياخشى بىلگۈچى

بۇنىڭ دەلىلى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى

عَنْ عَبْدِ الله بْنِ الزُّبَيْرِ أَنَّ عَائِشَةَ قَالَتْ عَبَثَ رَسُولُ الله صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي مَنَامِهِ فَقُلْنَا يَا رَسُولَ الله صَنَعْتَ شَيْئًا فِي مَنَامِكَ لَمْ تَكُنْ تَفْعَلُهُ فَقَالَ الْعَجَبُ إِنَّ نَاسًا مِنْ أُمَّتِي يَؤُمُّونَ بِالْبَيْتِ بِرَجُلٍ مِنْ قُرَيْشٍ قَدْ لَجَأَ بِالْبَيْتِ حَتَّى إِذَا كَانُوا بِالْبَيْدَاءِ خُسِفَ بِهِمْ فَقُلْنَا يَا رَسُولَ الله إِنَّ الطَّرِيقَ قَدْ يَجْمَعُ النَّاسَ قَالَ نَعَمْ فِيهِمْ الْمُسْتَبْصِرُ وَالْمَجْبُورُ وَابْنُ السَّبِيلِ يَهْلِكُونَ مَهْلَكًا وَاحِدًا وَيَصْدُرُونَ مَصَادِرَ شَتَّى يَبْعَثُهُمْ الله عَلَى نِيَّاتِهِمْ.

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ﷺ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ئۇخلاۋېتىپ قىمىلداپ كەتتى. ئويغانغاندىن كېيىن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇيقۇڭىزدا بەكمۇ قىمىلداپ كەتتىڭ، ئىلگىرى بۇنداق بولۇپ باقمىغانىدىڭ، ـ دېسەك:« ھەقىقەتەن غەلىتە (چۈش كۆرۈپتىمەن). ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشى بەيتۇللاھقا پاناھلىنىۋالغان قۇرەيشلىك بىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن بەيتۇللاھنى چېقىۋېتىشنى كۆزلەپ يولغا چىققۇدەك. بەيزا دېگەن جايغا كەلگەندە، ھەممىسىنى يەر يۇتۇپ كېتىپتۇ.» ـ دېدى. بىز: ئى رەسۇلۇللاھ! يولدا باشقا ئىنسانلارمۇ بار ئەمەسمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدۇق. ﷺ :« شۇنداق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىلىپ تۇرۇپ قەستەن چىققانلار، مەجبۇري چىققانلار ۋە (ئۇلار بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان) يولۇچىلارمۇ بولۇپ، الله تەئالا ھەممىسىنى بىرلا كۈندە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق تىرىلدۈرىدۇ.» ـ دېدى. (مۇسلىم: 2884)

يۇقارقى ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مەجبۇرلانغانلارنى ياكى نىيىتى بەيتۇللاھنى چېقىش بولمىغانلار نىيىتىگە يارىشا تىرىلدۈرىلىدىغانلىقنى بايان قىلىپ بەردى.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا، ھەر دائىم نىيەتلىرىنى ساپلاپ تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن. بولۇپمۇ ھىجرەتكە چىقىشقا قادىر بولالمايۋاتقان قېرىنداشلار نىيەتلىرىمىز ھەر دائىم ھىجرەت ۋە جىھاد ئىبادەتلىرىگە ئاتلىنىش بولسۇن، مانا شۇ ھالەتتە بىز ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىپ قالساق ئىنشائاللا شېھىدلەرنىڭ ئەجرىگە ئېرىشەلەيمىز.

## قالقان قىلىنغان مۇسۇلمانلار، مۇجاھىدلار ئوقلىرى سەۋەپلىك ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىپ قالسا، ئۇلارنىڭ دىيىتىنى ۋە ياكى كاففارىتىنى بېرىشكە توغرا كېلەمدۇ؟

بۇ ھەقتە ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرى:

1 ـ ئىمام شافىئى رەھىمەھۇللاھ ۋە ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: [قالقان قىلىنغان مۇسۇلمانلار، مۇجاھىدلار ئوقلىرى سەۋەپلىك ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىپ قالسا، دىيىتىنى تۆلەش كېلىدۇ.]

2 ـ ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ :[ قالقان قىلىنغان مۇسۇلمانلار، مۇجاھىدلار ئوقلىرى سەۋەپلىك ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىپ قالسا، دىيەت ۋە كەففارەت كەلمەيدۇ.] (ئەلمۇغنى 9 ـ توم 231 ـ بەت ۋە ھىدايە 2 ـ توم )

ئىبنى نۇجەيم رەھىمەھۇللاھ ھەم مۇنداق دەيدۇ :[ قالقان قىلىنغان مۇسۇلمانلار مۇجاھىدلار ئوقلىرى سەۋەپلىك ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىپ قالسا دىيەت ۋە كەففارەت كەلمەيدۇ.] ( ئەلبەھرۇررائىق 5 ـ توم 82 ـ بەت)

مۇجاھىد قېرىنداشلار! ئەھكامۇل مۇجاھىد، ۋە دەئۋەتۇل مۇقاۋەمە...كىتابلاردا ھەم [دىيەت ۋە كەففارەت كەلمەيدۇ] دەپ بايان قىلىنغان.

كۆپلۈك كۆز قاراش ـ مۇجاھىدلار جىھادى ئەمىلىيەتلەرنى ئېلىپ بارغاندا، قالقان قىلىنغان مۇسۇلمانلار مۇجاھىدلار ئوقلىرى سەۋەپلىك ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىپ قالسا، دىيەت ۋە كەففارەت كەلمەيدۇ.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بۇ ھەقتە سۇرەتلىك دەرس قىلغان ئىدىم. شۇ دەرسكە مۇراجىئەت قىلىڭلار!

# 8- باب مۇرتەدلەر ئەھكاملىرى

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بىز ئىلگىرىكى بابتا كاپىرلارنىڭ ئەسلى كاپىر ۋە مۇرتەد كاپىر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدۇق. شۇنداقلا ئەسلى كاپىرلار ھەققىدىكى ئەھكاملار توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەمدى ئاللاھ خالىسا مۇرتەد كاپىرلار توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

## مۇرتەدلەرنىڭ تونۇشتۇرۇلىشى

مۇرتەد دېگىنىمىز: ئىسلام كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، كۇفرى سۆزنى سۆزلەش ياكى كۇفرىنى ئېتىقاد قىلىش ياكى كۇفرى ئىش-ھەرىكەتلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتكەن كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى ھەزمى رەھىمەھۇللاھ مۇرتەدلىك ۋە مۇرتەد بولغۇچىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: [ئىسلام دىنىدىن يېنىپ ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنغا چىقىپ كەتكەنلىكى ئېنىق بولغان، ئاندىن كېيىن ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كىتابىي دىنغا ياكى كىتابىي دىننىڭ باشقىسىغا ياكى ئىسلام دىنىدىن باشقا نەرسىلەرگە چىقىپ كەتكەنلىكى سابىت بولغان ھەرقانداق ئادەم مۇرتەد بولىدۇ.]

خۇلاسە: ئەھلى ئىلىملەر مۇرتەدلەرنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:[ ئىسلام كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتكەن ياكى ئۆزىنى ئىسلامغا نىسبەت بېرىدىغان ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتى بولۇپ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان كىشىلەردۇر.]

## مۇرتەدلەر «لاإله الا الله » تەۋھىد كەلىمىسىنى دەيدىغان كىشىلەر تۇرسا، ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرىمىز ۋە ھالبۇكى رەسۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن تۇرسا دېگەن شۇبھىگە رەددىيە

وقال رسول لله ﷺ : "أمرت أن أقاتل الناس حتى يشهدوا أن لا إله إلا الله وأن محمداً رسول الله ويقيموا الصلاة ويؤتوا الزكاة فإذا فعلوا ذلك عصموا مني دماءهم وأموالهم إلا بحق الإسلام وحسابهم على الله "

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن كىشىلەرگە قارشى تاكى ئۇلار بىر الله دىن باشقا ئىلاھ يوق، پەيغەمبەر ﷺ الله نىڭ

ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن، نامازنى بەرپا قىلغان، زاكاتنى بەرگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئەگەر ئۇلار ئاشۇنى قىلسا مەندىن ماللىرى ۋە جانلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئىسلامنىڭ ھەققى بىلەن(يەنى ئىسلامدىكى جازا كىلىدىغان شەرئى ھەقلەرنى) ساقلاپ قالالمايدۇ. ئۇنىڭ ھېسابى الله نىڭ ئۈستىگە». (بۇخارى رىۋايىتى)

مەن تۆۋەندە ئىنشا ئاللاھ بۇ شۇبھىگە جاۋاب بېرىپ ئۆتىمەن.

بۇ ھەدىس ئەسلى كاپىرلارغا قارىتا دېيىلگەن. يەنى ئەسلى كاپىرلاردىن كىم تەۋھىد كەلىمىسىنى ئېيتىدىكەن، ئۇ ئۆلتۈرۈلمەيدۇ ۋە ئىسلام چۈشەندۈرۈلىدۇ.

ئەگەر ئىسلامنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئىسلامغا ھەقىقىي ئەمەل قىلىدىكەن. ئۇ بىزنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىمىزغا ئايلىنىدۇ. ئەمما، ئىسلامنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئىسلامغا ھەقىقىي ئەمەل قىلمايدىكەن مۇرتەد دەپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ پەقەت لەبزى ئېيتىلىدىغان ۋە ھەرپى ئوقۇلۇپلا قويۇلىدىغان كەلىمە بولماستىن ئۇنىڭ مەنالىرى، رۇكنىلىرى ۋە شەرتلىرى بولغان كەلىمە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلىش بىلەن تەۋھىد مۇكەممەل بولىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتىمىز.

تەۋھىدنىڭ ئىككى رۇكنىسى بار.

1ـ يوققا چىقىرىش ،يەنى بارلىق ئىلاھلارنى يوققا چىقىرىش.

2ـ ئىسپاتلاش يەنى ئىبادەت قىلىشقا لايىق بولغان ئاللاھنى تەستىقلاش.

بۇنىڭ دەلىلى: ﴿**فَمَنْ يَكْفُرْ بِالطَّاغُوتِ وَيُؤْمِنْ باللهِ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَى لَا انْفِصَامَ لَهَا وَاللهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ (256)**﴾

﴿كىمكى تاغۇت (يەنى الله تىن باشقا بارچە مەبۇد) نى ئىنكار قىلىپ، الله قا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ،الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾.[256] (سۈرە بەقەر)

مۇرتەدلەر تەۋھىدنىڭ بۇ ئىككى رۇكنىغا ئەمەل قىلمىغان، ئۇلار تەۋھىد كەلىمىسىنى ئېيتىدۇ. لېكىن، تاغۇتلارنى، كۇفرى دۆلەتلەرنى ئىنكار قىلماستىن بەلكى ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇلار ئىماننىڭ بۇ رۇكنىلىرىغا ئەمەل قىلمىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئىمان ئېيتقان بولسۇن؟؟؟؟؟؟

**تەۋھىدنىڭ شەرتلىرى يەتتە:**

1 ـ بىلىش، يەنى تەۋھىدنىڭ مەنالىرىنى ھەقىقىي بىلىش.

بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا الله وَاسْتَغْفِرْ لِذَنْبِكَ وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ وَالله يَعْلَمُ مُتَقَلَّبَكُمْ وَمَثْوَاكُمْ﴾

﴿بىلگىنكى، الله تىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، گۇناھىڭ ئۇچۇن، ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەر ئۇچۇن مەغپىرەت تىلىگىن، الله سىلەرنىڭ (بۇ دۇنيادىكى) ھەرىكىتىڭلارنى ۋە (ئاخىرەتتىكى) جايىڭلارنى بىلىدۇ (شۇڭا ئاخىرەتلىك ئۇچۇن تەييارلىنىڭلار) [19].﴾ (سۇرە مۇھەممەد 19 ـ ئايەت)

2 ـ جەزمىيەت، ئاللاھقا ھەقىقىي ئىمان ئېيتىش، ئىماندا شەك قىلماسلىق. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ آمَنُوا بالله وَرَسُولِهِ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُوا وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ الله أُوْلَئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ﴾

﴿شۈبھىسىزكى، (ھەقىقىي) مۇئمىنلەر الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىماندا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر» [15].﴾ سۇرە ھۇجرات 15 ـ ئايەت

3 ـ قوبۇل قىلىش، يەنى تەۋھىدنىڭ تەلىپى بولغان بارلىق بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىش.

بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا كَانَ قَوْلَ الْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوا إِلَى الله وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ أَنْ يَقُولُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ (51) ﴾

﴿ (پەيغەمبەر) مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق دېيىشلىرى كېرەك، مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر [51].》 (سۇرە نۇر)

4 ـ بويسۇنۇش،يەنى ئاللاھنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرىگە بويسۇنۇش.

بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يُسْلِمْ وَجْهَهُ إِلَى الله وَهُوَ مُحْسِنٌ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَى وَإِلَى الله عَاقِبَةُ الْأُمُورِ (22) ﴾

﴿ياخشى ئىش قىلغۇچى بولغان ھالدا ئىخلاس بىلەن اللە قا بويسۇنغان ئادەم مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى اللە قا مەنسۇپتۇر [22].﴾

(سۈرە لوقمان)

5 ـ راستچىللىق،يەنى تەۋھىدكە ئەمەل قىلىش يولىدا سادىق تۇرۇش.

بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الم (1) أَحَسِبَ النَّاسُ أَنْ يُتْرَكُوا أَنْ يَقُولُوا آَمَنَّا وَهُمْ لَا يُفْتَنُونَ (2) وَلَقَدْ فَتَنَّا الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ فَلَيَعْلَمَنَّ الله الَّذِينَ صَدَقُوا وَلَيَعْلَمَنَّ الْكَاذِبِينَ﴾

﴿ئەلىف، لام، مىم [1]. ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ [2]. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، اللە (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ [3].﴾ (سۈرە ئەنكەبۇت)

6 ـ ئىخلاس، يەنى ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن يەككە ـ يېگانە بولغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش.

بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا الله مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ (5)﴾

﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اللە قا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اللە غىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر [5].﴾ (سۈرە بەييىنە)

7 ـ ياخشى كۆرۈش، يەنى ئاللاھنى ھەممە نەرسىدىن بەك ياخشى كۆرۈش.

بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَتَّخِذُ مِنْ دُونِ الله أَنْدَادًا يُحِبُّونَهُمْ كَحُبِّ الله وَالَّذِينَ آَمَنُوا أَشَدُّ حُبًّا لِلَّهِ وَلَوْ يَرَى الَّذِينَ ظَلَمُوا إِذْ يَرَوْنَ الْعَذَابَ أَنَّ الْقُوَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًا وَأَنَّ الله شَدِيدُ الْعَذَابِ (165)﴾

﴿بەزى ئادەملەر اللە تىن غەيرىيلەرنى (يەنى بۇتلارنى) اللە قا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى (مۇئمىنلەرنىڭ) اللە نى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ، (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ). مۇئمىنلەر اللە نى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر،

زالىملار (قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە تەييارلانغان) ئازابنى كۆرگەن چاغدا پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ اللە قا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە اللە نىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى (دۇنيادا اللە قا شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىگە ھەددىدىن زىيادە پۇشايمان قىلاتتى) [165].﴾ (سۈرە لوقمان)

يۇقارقى شەرتلەرنىڭ ھەممىسى بىر كىشىدە مۇكەممەل تېپىلغاندا، ئىمان ئېيتقان بولىدۇ. مۇرتەدلەر تەۋھىد كەلىمىسىنى ئېيتقان بولسىمۇ بۇنىڭ مەنالىرىنى تولۇق بىلمەيدۇ، تەلەپ تەقەززالىرىغا ئەمەل قىلمايدۇ ۋە شېرىكتىن ئادا ـ جۇدا بولمايدۇ. تەۋھىدكە ئەمەل قىلماستىن تىلدا سۆزلەپ قويۇش، قەلبتە تەستىقلاپ قويۇش بىلەنلا بىر كىشى ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.

يۇقاردا دېيىلگەن شۈبھىگە ئەمدى جاۋاب بېرىپ ئۆتىمىز.

تەۋھىد كەلىمىسىنى ئېيتقان ئادەم ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

1 ـ تەۋھىدنى ئېيتقۇچى تەۋھىدكە ھەقىقىي ئەمەل قىلغان مۇسۇلمان كىشى.

2 ـ تەۋھىدنى ئېيتقۇچى ئەسلى كاپىر، بۇ ھالەتتە بۇنىڭ قېنى مېلى ساقلىنىپ قالىدۇ. لېكىن، بىز ئۇنىڭغا تەۋھىد كەلىمىسىنى ئېيتقاندىن كېيىن، تەۋھىدنىڭ رۇكنىلىرىنى، شەرتلىرىنى، مەنالىرىنى ۋە تەلەپ تەقەززالىرىنى چۈشەندۈرىمىز. ئەگەر ئۇ تەۋھىدنىڭ تەلەپ تەقەززارلىغا ھەقىقىي ئەمەل قىلسا ئىسلامغا ھۆكۈم بېرىمىز. ئەگەر تەۋھىد كەلىمىسىنى ئېيتىپ قويۇپ تەلەپ تەقەززالىرىغا ئەمەل قىلمىسا مۇرتەدلىك ھۆكمى بىلەن ئۆلتۈرىمىز.

3 ـ تەۋھىدنى ئېيتقۇچى مۇرتەد بولۇپ، بۇ تەۋھىدنى بىر كېچە كۈندۈزدە نەچچە قېتىم دەيدۇ. لېكىن، تەۋھىد ئۇنىڭغا مەنپەئەت بەرمەيدۇ. بەلكى، ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ، چۈنكى ئۇ تەۋھىد كەلىمىسىنى ئېيتقان بولسىمۇ تەۋھىدنىڭ رۇكنىلىرى، شەرتلىرى ۋە تەلەپ تەقەززالىرىغا ئەمەل قىلمىغان.

مۇرتەدلەر تەۋھىد كەلىمىسىنى ئېيتسىمۇ ئۇلارغا ھەرگىز مەنپەئەت بەرمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار تاجاۋۇزچى كاپىرلارنى دوست تۇتۇش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئالللاھنىڭ قانۇنلىرىنى ئىنسانىي قانۇنلارغا ئالماشتۇرۇش، ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئىسلامنى بۇزۇپ تاشلىغۇچى ئامىللار بىلەن ئىسلامنى بۇزۇپ تاشلىغان كىشىلەر. (شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم نىڭ فەتىۋا ۋە رەسائىل ناملىق كىتاب 6 ـ توم 165 ـ بەت شامىلە نۇسخىسى)

يۇقارقىلاردىن بىز شۇنى خۇلاسىلايمىزكى: كىمكى «لاإله الا الله » دەپ تۇرۇپ كۇفرى ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، بۇ مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ. بەلكى، مۇرتەد ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مەن مۇسۇلمان دەپ

دەۋا قىلسۇن، ناماز ئوقۇسۇن، ھەج قىلسۇن، مەسچىتلەرنى ئاۋات قىلسۇن ئۇ كاپىردۇر. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزلەرگە ئىسلام دىندىن ئايرىلغان كىشىنىڭ قېنى ھالال بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

عَنْ عَبْدِ لله قَالَ قَالَ رَسُولُ لله صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا يَحِلُّ دَمُ امْرِئٍ مُسْلِمٍ يَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا الله وَأَنِّي رَسُولُ الله إِلَّا بِإِحْدَى ثَلَاثٍ الثَّيِّبُ الزَّانِي وَالنَّفْسُ بِالنَّفْسِ وَالتَّارِكُ لِدِينِهِ الْمُفَارِقُ لِلْجَمَاعَةِ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مېنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال ئەمەس، پەقەت توي قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلغان كىشى، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى ۋە دىنىنى تاشلاپ، مۇسۇلمان جامائىتىدىن ئايرىلغان كىشىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال». (مۇسلىم)

ساھابىلار ھاياتىغا قارايدىغان بولساق ئۇلار زاكاتنى بەرمىگەن كىشىلەرگە ئۇلار لاإله الا الله دەپ گۇۋاھلىق بەرسىمۇ، ناماز ئوقۇسىمۇ مۇرتەد دەپ ئۇرۇش قىلغان.

ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار! مۇرتەدلەرنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىش الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقىدۇر. بۇ ئەھكاملارغا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز ئەمەل قىلىمىز دەيدۇ. ئەمما بۈگۈنكى دەۋرىدە ئىسلام ئۈممىتى مۇرتەدلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ۋە ئىماننى بۇزۇپ تاشلىغۇچى ئامىللارنى ھەقىقىي رەۋىشتە بىلىشتىن مەھرۇم قېلىپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا بولغان تەۋسىيەلىرىم-ئىماننى ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن بىلىشكە ۋە ئەمەل قىلىشقا تىرىشايلى، شۇنداقلا ئىسلامنى بۇزۇپ تاشلىغۇچى ئامىللاردىن ساقلىنايلى.

بۇ ھەقتە تەۋھىد كىتابلارغا شۇ جۈملىدىن، تەۋھىد رىسالىسى ناملىق كىتاپ 28- بەتكە مۇراجىئەت قىلىڭ.

## مۇرتەدلەرنى ئۆلتۈرۈشنىڭ شەرئىي ھۆكمى توغرىسىدا

الله بىزلەرگە جىھاد ئىبادىتىنى پەرز قىلىپ بېكىتتى. بىز بۇ ھەقتە ئىلگىرى توختىلىپ ئۆتتۇق. جىھاد ئىبادىتى بولسا ئەسلى كاپىرلار ۋە مۇرتەدلەر بىلەن بولىدىغانلىقىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەمەلىي كۆرسىتىپ بەردى.

ئەسلى كاپىرلار بىلەن بولغان جىھادنىڭ ھۆكمىگە كەلسەك، بەزىدە پەرز كۇپايە بولسا بەزىدە پەرز ئەيىنلىككە ئايلىنىدۇ.

ئەمما، مۇرتەدلەرنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇلارغا قارشى جىهاد قىلىش بولسا مۇرتەدلەر تەۋبە قىلىپ ئىسلام دىنىغا كىرمەيدىكەن ۋە ياكى مۇرتەدلەر تۈگىمەيدىكەن ھەر ۋاقىت پەرز ئەيىن ھالەتتە بولىدۇ.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللە مۇنداق دېگەن: [سۈننەت شۇنى بېكىتتىكى، مۇرتەدنىڭ جازاسى ئەسلى كاپىرنىڭ جازاسىدىن بىر نەچچە سەۋەبتىن ئېغىر.

(1) ئەسلى كاپىرلارنىڭ ئەكسىچە مۇرتەد ھەر ھالەتتە ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭغا جىزيە قويۇلمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا زىممىيلىقمۇ بېرىلمەيدۇ.

(2) ئۇرۇش قىلالمايدىغان ئەسلى كاپىرنىڭ ئەكسىچە مۇرتەد گەرچە ئۇرۇش قىلالمايدىغان ئاجىز بولسىمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇرۇش قىلالمايدىغان ئەسلى كاپىر، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇمۇللاھلارغا ئوخشاش كۆپىنچە ئۆلىمالارنىڭ نەزىرىدە ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. خۇددى ئىمام مالىك، ئىمام شافىئى ۋە ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇمۇللاھ قاتارلىقلارنىڭ مەزھىبىدىكىدەك، جۇمھۇر ئۆلىمالارنىڭ مەزھىبى شۇكى ـ مۇرتەد ئۆلتۈرۈلىدۇ.

(3) مۇرتەد مىراس ئالمايدۇ، مۇرتەد بىلەن تويلىشىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭ بوغۇزلىغان نەرسىسى يېيىلمەيدۇ.

ئەسلى كاپىرنىڭ ئەكسىچە بۇنىڭدىن باشقا ھۆكىملەرمۇ (شۇنداق ئېغىر).

ئۆلىمالارنىڭ بىرلىكى بىلەن مۇرتەدلەرنىڭ جىنايىتى ئەسلى كۇفرىدىن ئېغىر.]

ئىمام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ يەنە بىر ئورۇندا مۇنداق دېگەن: [ئەبۇ بەكرى سىددىيق ۋە باشقا ساھابىلەر ئەھلى كىتابتىن بولغان كۇففارلارغا جىهاد قىلىشتىن بۇرۇن، مۇرتەدلەرگە قارشى جىهادنى باشلىدى، چۈنكى بۇلارغا قارشى جىهاد قىلىش، فەتھى قىلىنغان ئىسلام دىيارلىرىنى ساقلاپ قېلىشتۇر. شۇنداقلا ئىسلام دىيارلىرىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغان كىشىلەرنى ئۇنىڭدا قالدۇرۇشتۇر. مۇشرىكلار ۋە ئەھلى كىتابتىن ئىبارەت بىز بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان كاپىرلارغا قارشى جىهاد قىلىش دىنىنى كۆپرەك غەلبىگە ئېرىشتۈرۈشنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. دەسمايىنى ساقلاپ قېلىش پايدىنىڭ ئالدىدا قويۇلىدۇ.]

مۇرتەدلەرنىڭ جىنايىتىنى الله ئىنتايىن ئېغىر قىلدى.

**﴿إِنَّ الَّذِينَ ارْتَدُّوا عَلَى أَدْبَارِهِمْ مِنْ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ الْهُدَى الشَّيْطَانُ سَوَّلَ لَهُمْ وَأَمْلَى لَهُمْ (25) ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُوا لِلَّذِينَ كَرِهُوا مَا نَزَّلَ الله سَنُطِيعُكُمْ فِي بَعْضِ الْأَمْرِ وَالله يَعْلَمُ إِسْرَارَهُمْ (26) ﴾**

﴿توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن ئارقىسىغا قايتىۋالغانلار (يەنى ئىماندىن كۇفرىغا قايتقانلار)غا (ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىنى) شەيتان چىرايلىق كۆرسەتتى، (شەيتان ئاررۇ ۋە ئەجەلنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن) ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى [25]. بۇ (يەنى شەيتاننىڭ ئۇلارنى ئازدۇرۇشى) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار الله نازىل قىلغان نەرسىنى يامان كۆرگەن كاپىرلارغا: «بىز بەزى ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىمىز» دېدى، الله ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى بىلىدۇ [26].﴾ (سۈرە مۇھەممەد)

﴿وَلَا يَزَالُونَ يُقَاتِلُونَكُمْ حَتَّى يَرُدُّوكُمْ عَنْ دِينِكُمْ إِنِ اسْتَطَاعُوا وَمَنْ يَرْتَدِدْ مِنْكُمْ عَنْ دِينِهِ فَيَمُتْ وَهُوَ كَافِرٌ فَأُولَئِكَ حَبِطَتْ أَعْمَالُهُمْ فِي الدُّنْيَا وَالْآَخِرَةِ وَأُولَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ (217)﴾

﴿ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر [217].﴾ (بەقەرە)

الله نىڭ ھۆكمىدىن چىققان كىشىلەر، مەيلى جامائەت بولمىغان ۋە كۈچ قۇۋۋىتىمۇ بولمىغان ئادەتتىكى كىشىلەر بولسۇن ياكى كۈچ- قۇۋۋەتكە ئىگە كوللىكتىپ كىشىلەر بولسۇن، مۇسۇلمانلارغا نەس ۋە ئىجمالار بىلەن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشى ۋاجىب بولىدۇ.

عَنْ عَبْدِ الله قَالَ قَالَ رَسُولُ الله صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا يَحِلُّ دَمُ امْرِئٍ مُسْلِمٍ يَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا الله وَأَنِّي رَسُولُ الله إِلَّا بِإِحْدَى ثَلَاثٍ الثَّيِّبُ الزَّانِي وَالنَّفْسُ بِالنَّفْسِ وَالتَّارِكُ لِدِينِهِ الْمُفَارِقُ لِلْجَمَاعَةِ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:«بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مېنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال ئەمەس، پەقەت توي قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلغان كىشى، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى ۋە دىنىنى تاشلاپ، مۇسۇلمان جامائىتىدىن ئايرىلغان كىشىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال». (مۇسلىم: 1676)

ۋە مۇئاز ﷺ نىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلدى: أن النبي ﷺ لما أرسله إلى اليمن قال له: «أيما رجل ارتد عن الإسلام فادعه فان عاد وإلا فاضرب عنقه وأيما امرأة ارتدت عن الإسلام فادعها فان عادت وإلا فاضرب عنقها»

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇئازنى ﷺ يەمەنگە ئەۋەتكەن ۋاقىتتا ئۇنىڭغا:«قانداق بىر ئەر ئىسلامدىن مۇرتەد بولسا ئۇنى (ئىسلامغا) چاقىرغىن، ئەگەرقايتسا (ئۇنى تەرك ئەت) ۋە ئەگەر قايتمىسا ئۇنىڭ گەدىنىگە چاپقىن ۋە قانداق بىر ئايال ئىسلامدىن مۇرتەد بولسا ئۇنى (ئىسلامغا چاقىرغىن) ئەگەر قايتسا (ئۇنى تەرك ئەت) ئەگەر قايتمىسا ئۇنىڭ گەدىنىگە چاپقىن»ـ دېدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: « مَنْ بَدَّلَ دِينَهُ فَاقْتُلُوهُ ». «كىمكى دىنىنى ئۆزگەرتسە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار.» (بۇخارى)

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ يۇقارقى ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن [ مۇرتەد كاپىرلار كەسكىن ئۆلتۈرۈلىدۇ،]ـ دەيدۇ. (مەجمۇئۇل فەتىۋا 28 ـ توم 478 ـ بەت)

[مۇرتەد كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئەھلى ئىلىملەر بىرلىككە كەلدى.] (ئەلمۇغنى 9ـ توم 16ـ بەت)

ئىبنى نۇجەيىم رەھىمەھۇللاھ ھەنەفى مۇنداق دەيدۇ:[ مۇرتەدلەرنى قۇل قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇلار پەقەت ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، ئىسلامنى قوبۇل قىلمىسا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش كېرەك.] (ئەلبەھرۇررائىق 5ـ توم 81 بەت)

ئىمام قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ مالىكى مۇنداق دەيدۇ:[ مۇرتەدلەر تەۋبە قىلمىسا ئۆلتۈرۈلىدۇ.] (تەپسىر قۇرتۇبى 2 ـ توم 50 ـ بەت)

ئىمام قازى ئەبۇ يەئلا رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:[ مۇرتەدلەرگە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن پەقەت ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەۋبە قىلمىسا ئەرـ ئايال ھەممە مۇرتەدلەرنى ئۆلتۈرۈش ۋاجىب بولىدۇ.] (ئەلئەھكامۇس سۇلتانىيە 52 ـ بەت )

ئەگەر بىز مۇرتەدلەرنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىش ھەققىدە دەلىللەرنى كەلتۈرسەك ئىنتايىن كۆپ. لېكىن، بىز شۇ دەلىللەر بىلەن كۇپايىلىنىمىز. چۈنكى، بىزگە الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ بىر بۇيرۇقى يېتەرلىك.

## مۇرتەدلەرنىڭ تۈرلىرى

مۇتەدلەرنىڭ تۈرى مۇنداق ئىككى قىسىم بولىدۇ.

بىز مۇرتەدلەرنىڭ تۈرلىرىنى ئېنىق بىلىۋالساق، ئۇلارنى شەرئىي بىر تەرەپ قىلىش يوللىرىنى ئاسان ھەل قىلىۋالالايمىز. چۈنكى زامانىمىزدىكى مۇرتەدلەر ئىلگىرىكى دەۋرىدىكى مۇرتەدلەردىن پەرقلىق ھالەتلەردە مەيدانغا كەلدى.

1 ـ ئىسلامنى بۇزغۇچى ئامىللارنى قىلىش بىلەن مۇرتەد بولغان، لېكىن ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش ئاچمىغان. بۇ تۈردىكى مۇرتەدلەر قولغا چۈشىشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغان بولسا تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ.

2 ـ ئىسلامنى بۇزغۇچى ئامىللارنى قىلىش بىلەن ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتكەن ۋە ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان مۇرتەدلەر. بۇ تۈردىكى مۇرتەدلەر تەۋبىنى دەۋا قىلسىمۇ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئىسلام دىيارىدىن كۆپرى دىيارىغا قوشۇلىۋالغان مۇرتەد كاپىرلارنى ھەم تەۋبە تەلەپ قىلماستىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

مۇرتەدلەردىن تەۋبىسى قوبۇل قىلىنماستىن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىرى بار ۋە تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدىغانلىرى ھەم بار. بىز ئىنشا ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇرتەدلەرنىڭ تەۋبە تەلەپ قىلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

## مۇرتەد كاپىرلار ئۇلارغا كۈچ ـ قۇۋەت يېتىش ئېتىبارى بىلەن ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ:

بىرىنچى قىسىم: قول ئاستىمىزدىكى مۇرتەدلەر.

ئىش ـ ئىگىلىرى ئۇلارنى شەرئىي قازىلارنىڭ ئالدىغا ھازىر قىلىپ ئۇنىڭ جىنايەتلىرىگە ھۆكۈم قىلىشقا قادىر بولالايدىغان مۇرتەدلەر قول ئاستىمىزدىكى مۇرتەدلەر ھېسابلىنىدۇ، ئۆلىمالار بۇ قىسىمدىكى مۇرتەدلەردىن تەۋبە تەلەپ قىلىنىدۇ، ئەگەر تەۋبە قىلسا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، تەۋبە قىلمىسا ئۆلتۈرۈلىدۇ، ـ دەيدۇ.

ئىككىنچى قىسىم: ئۇرۇش قىلماستىن يەتكىلى بولمايدىغان كۈچ ياكى قوراللىق گۇرۇھلارنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشكەن مۇرتەدلەر بولۇپ، بىز بۇ مەسىلىدە مۇشۇ ھەل ـ قىلىش قىيىن بولىدىغان كۈچلەر ھەققىدە سۆزلەيمىز.

بۇ رەت قىلغۇچىلار تەۋبە تەلەپ قىلماستىن ئۆلتۈرىلىدۇ. تەۋبە تەلەپ قىلىش پەقەتلا شەرئىي مەھكىمىگە ھازىر قىلغىلى بولىدىغان كىشىلەرگە بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بەزى شەخسلەر ۋە گۇرۇھلارنىڭ قانلىرىنى بىكار قىلدى ۋە ئۇلار باشقۇرۇش دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن ياكى ئۇلارغا ئىلگىرى ئىسلام دەۋىتى يەتكەن كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىن تەۋبە تەلەپ قىلىشقا بۇيرىمىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبىي سەرھى بۇ كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ ئىبنى ئابباس ﷺ مۇنداق دەيدۇ:

كَانَ عَبْدُ اللَّهِ بْنُ سَعْدِ بْنِ أَبِي سَرْحٍ يَكْتُبُ لِرَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَزَلَّهُ الشَّيْطَانُ فَلَحِقَ بِالْكُفَّارِ فَأَمَرَ بِهِ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنْ يُقْتَلَ يَوْمَ الْفَتْحِ فَاسْتَجَارَ لَهُ عُثْمَانُ بْنُ عَفَّانَ فَأَجَارَهُ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ

ئابدۇللاھ ئىبنى سەئدىبنى ئەبىي سەرھى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە كاتىپلىق قىلاتتى، ئۇنى شەيتان ئازدۇرۇپ كاپىرلارغا قوشۇلۇپ كەتتى، مەككە پەتھى بولغان كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ «ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرىدى،» ئوسمان ﷺ ئۇنىڭ ئۈچۈن پاناھلىق سورىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا پاناھلىق بەردى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى خەتەلنى تەۋبە تەلەپ قىلماستىن ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۇنىڭ كەئبە بىلەن پاناھلىنىپ كەئبىنىڭ پەردىسىگە ئېسىلىۋالغانلىقى زىكىر قىلىنغان بولسىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى.

ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺ دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ مەككە پەتھى يىلى مەككىگە كىردى ۋە ئۇنىڭ بېشىدا دۇبۇلغا بار بولۇپ، ئۇنى ئېلىۋەتكەن ۋاقىتتا بىر ئادەم كېلىپ يا رەسۇلۇللاھ! ئىبنى خەتەل كەبىنىڭ پەردىسىگە ئېسىلىۋالدى،- دېگەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ «اقتلوه» «ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېدى. ئىبنى خەتەل مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن مۇرتەد بولۇپ مۇشرىكلارغا قوشۇلىۋالغان كىشى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ قېنىنى ھالال قىلىپ بەردى. (ئەنۋائۇل جىھاد)

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:[ الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسىگە ئاسىيلىق قىلغان كىشىلەرنى شەرىئەتتىكى جازالاش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى، قادىر بولالايدىغان بىر ۋە ياكى بىر قانچە شەخسلەرنى جازالاش.]

ئىككىنچىسى، پەقەت ئۇرۇش قىلىش بىلەنلا قادىر بولالايدىغان ئىسلام ھۆكۈمىنى رەت قىلغۇچى گۇرۇھلارنى جازالاش. (مەجمۇئۇل فەتىۋا 28- توم 349- بەت)

ئىمام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:[ ئەگەر مۇرتەد كۆپرى دىيارىغا ياكى كۈچ-قۇۋۋىتى بىلەن ئىسلام ھۆكۈمىنى رەت قىلغان مۇرتەدلەرگە قوشۇلۇپ ئىسلام ھۆكۈمىنى رەت

قىلغان بولسا، ئۇ ئىككىلەنمەستىن تەۋبە تەلەپ قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆلتۈرىلىدۇ.] (سارىمۇل مەسلۇل 322- ۋە 325- بەت)

ماۋەردى رەھىمەھۇللاھ مۇرتەدلەرگە ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدىكى سۆزىدە قول ئاستىمىزدىكى مۇرتەدلەر ۋە قول ئاستىمىزدا بولمىغان ئىسلام ھۆكۈمىنى رەت قىلغۇچى مۇرتەدلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى زىكرى قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:[ ھەق دىندىن باشقا دىنلارغا چىقىپ مۇرتەد بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۆلتۈرۈش پەرز بولغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ئىككى ئىشنىڭ بىرىدىن خالىي بولالمايدۇ:

بىرىنچى: ئۇلار مۇسۇلمانلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىرەر دىيارغا ئىگە بولالمىغان دارۇل ئىسلام ئىچىدىكى ئاز ۋە يەككە شەخسلەر بولىدۇ. ئۇلار قول ئاستىمىزدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلارنىڭ مۇرتەدلىك سەۋەبلىرى پاش بولۇپ مۇرتەدلىك ئۈستىدە تۇرغانلار ۋە تەۋبە قىلمىغانلارنى ئەر ياكى ئايال بولسۇن ئۆلتۈرۈش پەرز بولىدۇ.

ئىككىنچى: ئۇ مۇرتەدلەر مۇسۇلمانلاردىن مۇستەقىل تۇرىدىغان بىرەر دىيارغا ئېرىشىپ، ھەتتاكى شۇ دىياردا ئىسلام ھۆكۈمىنى رەت قىلغۇچىلاردىن بولىدۇ. ئۇلار بىلەن مۇنازىرلەشكەندىن كېيىن ئۇلارغا ئۇرۇش قىلىش پەرز بولىدۇ. ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەھلى ھەربكە ئۇرۇش قىلغاندىكى تۈيۈقسىز ھۇجۇم قىلىش ۋە كېچىدە باستۇرۇپ كىرىش قاتارلىق ھۆكۈملەر جارىي بولىدۇ.] (ئەھكامۇل سۇلتانىيە 69- 70- بەت)

## مۇرتەد ئاياللارنىڭ شەرئىي ھۆكمى توغرىسىدا

مۇرتەد- ئەر كىشى ياكى ئايال كىشى بولىدۇ.

مۇرتەد ئەرلەرنىڭ ھۆكمى ئىلگىرى بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك قۇرئان، ھەدىستىكى دەلىللەر ۋە ئۈممەتنىڭ ئىجماسى بىلەن ئۆلتۈرۈش ۋاجىب.

مۇرتەد ئاياللارنىڭ ھۆكمىگە كەلسەك ئۆلىمالارنىڭ بۇ ھەقتە كۆز قارىشى ئوخشاش بولمىغان.

1- ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ [مۇرتەد ئايال ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، بەلكى ئىسلامغا مەجبۇرلىنىدۇ. ئەگەر ئىسلامغا كىرمىسە تۈرمىگە تاشلىنىدۇ.] (فەتھۇل قەدىر 13- توم 225- بەت ۋە بەدائى ئۇسسەنائىئ 15- توم 420- بەت شامىلە نۇسخىسى)

بۇلارنىڭ دەلىلى [ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەسلى كاپىرلارنىڭ ئاياللىرىنى ئۆلتۈرۈشتىن چەكلىگەن مۇرتەدلەرنىڭ ئاياللىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، چۈنكى كاپىرلار بىر قۇتۇبتىكى كىشىلەردۇر] - دەيدۇ.

ئىبنى ئۆمەر ﷺ نىڭ ھەدىسىدۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: « وُجِدَتْ امْرَأَةٌ مَقْتُولَةً فِي بَعْضِ مَغَازِي رَسُولِ اللہ صَلَّى اللہ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَنَهَى رَسُولُ اللہ صَلَّى اللہ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنْ قَتْلِ النِّسَاءِ وَالصِّبْيَانِ » «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ غازاتلىرىنىڭ بەزىسىدە بىر ئايال ئۆلتۈرۈلگەن ھالەتتە تېپىلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئاياللار ۋە ئۇششاق باللارنى ئۆلتۈرۈشتىن توستى.»

2ـ ئەبۇ بەكرى ﷺ ، ئەلى ﷺ ۋە ئۇلاردىن باشقا بىر تۈركۈم ساھابىلار ۋە ئىمامى ھەسەن زۆھرى مالىكى، شافىئى ۋە ھەنبەلى ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپىنچىسى [مۇرتەد ئايال تەۋبە قىلمىسا مۇرتەدلىككە ئاساسەن ئۆلتۈرۈلىدۇ،]ـ دەيدۇ. (زەخىرە 12ـ توم 40ـ بەت، ئەلئۇم 6ـ توم 180ـ بەت، ئەلھاۋىل كەبىر 13ـ توم 332ـ بەت ۋە ئەلمۇغنى 12ـ توم 264ـ بەت) شامىلە نۇسخىسى

بۇلارنىڭ دەلىلى: رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: « مَنْ بَدَّلَ دِينَهُ فَاقْتُلُوهُ ». «كىمكى دىنىنى ئۆزگەرتسە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار.» (بۇخارى)

مۇئاز ﷺ نىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلدى: أن النبي ﷺ لما أرسله إلى اليمن قال له: «أيما رجل ارتد عن الإسلام فادعه فان عاد وإلا فاضرب عنقه وأيما امرأة ارتدت عن الإسلام فادعها فان عادت وإلا فاضرب عنقها».

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى يەمەنگە ئەۋەتكەن ۋاقىتتا ئۇنىڭغا: «قانداق بىر ئەر ئىسلامدىن مۇرتەد بولسا ئۇنى (ئىسلامغا)چاقىرغىن ئەگەر قايتسا (ئۇنى تەرك ئەت) ۋە ئەگەر قايتمىسا ئۇنىڭ گەدىنىگە چاپقىن ۋە قانداق بىر ئايال ئىسلامدىن مۇرتەد بولسا ئۇنى (ئىسلامغا چاقىرغىن) ئەگەر قايتسا (ئۇنى تەرك ئەت) ئەگەر قايتمىسا ئۇنىڭ گەدىنىگە چاپقىن» دېدى.

بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى ھەسەن بولۇپ ئۇ تالاش تارتىش ئۇرۇنلىرىدىكى دەلىلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا قايتىش ۋاجىب بولىدۇ. بۇنى ئەرـ ئاياللارنىڭ زىنا، ئوغورلۇق، ھاراق ئىچىش، تۆھمەت قىلىش ۋە توي قىلغان زىناخورنى ئۆلگەنگە قەدەر تاش بوران قىلىش قاتارلىق ھەدلەردە ئورتاق بولىشى كۈچلەندۈرىدۇ.

ئاياللارنى ئۆلتۈرۈشنى چەكلەشتىن يۇقارقى ھەدلەرگە لايىق بولۇپ قالغان ئاياللار ئىستىسنا قىلىپ چىقىرىۋېلىنمىغانغا ئوخشاش، مۇرتەد ئاياللارنى ئۆلتۈرۈشمۇ ئىستىسنا قىلىپ چىقىرىۋېلىنمايدۇ. (فەتھۇل بارى 2ـ توم 284ـ بەت ۋە تەفسىر قۇرتۇبى 3ـ توم 51ـ 52ـ بەت)

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ « مَنْ بَدَّلَ دِينَهُ فَاقْتُلُوهُ »:«كىمكى دىنىنى ئۆزگەرتسە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار» دېگەن ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دەيدۇ:[ بۇ ھەدىس مۇرتەدـ ئەر بولسۇن ۋە ياكى ئايال بولسۇن ئۆلتۈرۈشكە دەلىل بولىدۇ.]

ئىبنى ئابباس ﷺ [مۇرتەد ئايال ئۆلتۈرۈلىدۇ. دەپ بايان قىلدى.]

ئەبۇ بەكرى ﷺ خىلاپەتلىكىدە، مۇرتەد بولغان ئايالنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندە ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى بار بولۇپ، ئەبۇ بەكرى ﷺ غا ھېچ بىر كىشى ئىتراز بىلدۈرمىگەن. بۇنىڭ ھەممىسىنى ئىبنى مۇنزىر چىقاردى ۋە دارى قۇتنىي ئەبۇ بەكرى ﷺ دىن كەلگەن ئەسەرنى ھەسەن يولدىن چىقاردى.

مۇزەنىي رەھىمەھۇللاھ «مۇختەسەر» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ئىمامى شافىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ (بىرەر قەۋم ئىسلام كەلتۈرگىنىدىن كېيىن ئىسلامدىن مۇرتەد بولۇپ ئىسلام دىيارىدىكى ياكى دارۇل ھەربىتىكى كاپىرلار تەرەپكە كەتكەن بولسا، ئۇلار بويسۇندۇرۇلغۇچى بولسۇن ياكى مۇرتەد بولغان ئۇرۇنلىرىدا بويسۇنغۇچى بولىشىدىن قەتئىينەزەر مۇسۇلمانلارغا پەقەتلا ئىسلام كەلتۈرمىگەن ئەھلى ھەربكە جىھاد باشلاشتىن ئىلگىرى ئۇلارغا جىھاد باشلىشى لازىم بولىدۇ، ئۇلارغا غەلبە قىلغان ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار ئۇلاردىن تەۋبە تەلەپ قىلىدۇ، تەۋبە قىلغانلىرى ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، تەۋبە قىلمىغانلىرى ئەر ـ ئايال ئوخشاش ئۆلتۈرۈلىدۇ).]

خۇلاسە: مۇرتەد ئاياللار سۈننەتتىن، ساھابىلەردىن ۋە ئۈممەتنىڭ سەلەفى ئالىملىرىدىن بولغان دەلىللەر بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

بۇ مەسىلىدە ئالىملار ئوتتۇرىدا ئىختىلاپ بولغان ۋە لېكىن كۆچلۈك كۆز قاراش مۇرتەد ئاياللار تەۋبە قىلمىسا ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## مۇرتەدلەرنىڭ ئاياللىرىنى قۇل قىلىشقا بولامدۇ؟

ماۋەردى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئىمامىي شاپىئىي مۇنداق دەيدۇ: [ ئەگەر مۇرتەدنىڭ ئەۋلادلىرى كۇپرى دىيارىغا قوشۇلغان بولسىمۇ ئەسىر ئېلىنمايدۇ، چۈنكى ئۇلارغا ئىسلامنىڭ ھۆرمىتى سابىت بولغان بولۇپ، دادىلىرىنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتكەنلىكىدە ئۇلارنىڭ گۇناھى يوق. ئەمما مۇرتەدلەر دارۇل ئىسلامدا بولۇپ كۇپرى دىيارىغا قوشۇلمىغان بولسا ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ئىسلامىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇلارنى ئەسىر ئېلىش ۋە قۇل قىلىشنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقىدا ئىختىلاپ يوق. ئۇلارنىڭ قۇربانلىقلىرى يېيىلمەيدۇ، ئۇلار شېرىك ھۆكمىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن توي قىلىنمايدۇ. ئۇلاردىن جىزيە قوبۇل قىلىنمايدۇ ۋە كېلىشىم تۈزۈلمەيدۇ.]

ئەمما مۇرتەدلەر كۇپرى دىيارىغا قوشۇلغان بولسا ياكى ئەھلى ھەربكە ئوخشاش ئۆز دىيارلىرىدا مۇستەقىل تۇرغان بولسا، ساھابىلەر ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئەسىر ئېلىش ۋە قۇل قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھ [مۇرتەد ئايال كۇفرى دىيارلىرىغا قوشىلىۋالسا قۇل قىلىنىدۇ، ئۆلتۈرۈلمەيدۇ.]- دەيدۇ.

ئەلىي ئىبنى ئەبىي تالىب ﷺ [كاپىرلىق ھۆكمىنى ئېتىبارغا ئېلىپ ئۇلارنى ئەھلى ھەربكە ئوخشاش ئەسىر ئېلىش ۋە قۇل قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقىغا باردى.] فىقھىشۇناسلارنىڭ ئاز بىر قىسمىمۇ شۇنداق دېدى. ئەبۇ بەكرى ﷺ [ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ئىسلامىنى ھۆرمەتلەپ داروۇل ئىسلامدا ئۇلارنى ئەسىر ئېلىش ۋە قۇل قىلىشنىڭ ھارام بولىغىنىغا ئوخشاش، ئۇلارنى ئەسىر ئېلىش ۋە قۇل قىلىشنىڭ ھاراملىقىغا باردى.] ئىمامىي شاپىئىي رەھىمەھۇللاھ ۋە فىقھىشۇناسلارنىڭ كۆپچىسى بۇ قاراشنى تۇتتى.

خۇلاسە: مۇرتەد ئاياللارنى قۇل قىلىش قەتئى جائىز ئەمەس (بۇ جۇمھۇر ئۆلىمالارنىڭ كۆز قارشى) . چۈنكى، مۇرتەد ئايال مۇرتەد ئەرگە ئوخشاش ئۆلتۈرىلىدۇ. بۇلارنى قۇل قىلىش رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ « مَنْ بَدَّلَ دِينَهُ فَاقْتُلُوهُ ».«كىمكى دىنىنى ئۆزگەرتسە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار.» بۇ ھەدىسىگە ئەمەل قىلىشنى تەرك ئەتكەنلىك بولىدۇ. الله ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچى.
(ئەلمەبسۇت 10- توم 189- بەت)

# مۇرتەدلەرنىڭ باللىرىنىڭ ئەھكاملىرى

ئۆلىمالار [مۇرتەدلەرنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئاتا-ئانىسى مۇرتەد بولۇشتىن ئىلگىرى توغۇلغان ياكى ھامىلدار بولغانلىرى بولسا مۇسۇلمان بولىدىغانلىقىنى، مۇرتەدلىكتىن كېيىن ھامىلدار بولغان ياكى توغۇلغانلىرىنى ئاتا-ئانىسىنىڭ مۇرتەدلىكىگە ئەگەشتۈرۈپ كاپىرلىق بىلەن ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقىنى زىكىر قىلدى.] بۇ ھۆكۈم دۇنيادىكى زاھىرى ھۆكۈملەردە ۋە ئۇرۇش قىلىش ئەھكاملىرىدا بولىدۇ. ئاشۇنداق قىلىش ئىبنى ئابباس ۋە سەئبە ئىبنى جەسسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ ھەدىسىگە ئەمەل قىلغانلىقتۇر. (ئەنۋائۇل جىھاد)

بۇخارى ئىبنى ئابباس ﷺ دىن ئۇ سەئبە ئىبنى جەسامە ﷺ دىن مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مَرَّ بِيَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِالْأَبْوَاءِ أَوْ بِوَدَّانَ وَسُئِلَ عَنْ أَهْلِ الدَّارِ يُبَيَّتُونَ مِنْ الْمُشْرِكِينَ فَيُصَابُ مِنْ نِسَائِهِمْ وَذَرَارِيِّهِمْ قَالَ هُمْ مِنْهُمْ »، «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۋا ياكى ۋەدان دېگەن جايدا مېنىڭ قېشىمدىن ئۆتكەن ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ دىن مۇشرىكلارغا كېچىدە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ

ئايالـلـىرى ۋە ئۇششاق بالـىلـىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلـىق توغرىلـىق سورالدى، پەيغەمبەر ﷺ : «مۇشرىكلارنىڭ ئايال ـ بالـىلـىرىمۇ شۇلارنىڭ جۈملـىسـىدىن» ـ دېدى.

بۇ يەردە ئاگاھلاندۇرۇش لازىم بولـىدىغان نەرسـىلەردىن: ئـىلگـىرىكى دەلـىلـلەردىكى ۋە ئەھلى ـ ئـىلـىملەرنىڭ سۆزلـىرىدىكى مۇشرىك ۋە مۇرتەدلەرنىڭ ئوغۇللـىرىدىن دادىلـىرىنىڭ مۇرتەدلـىك ھالـىتىدە بولغان ياكى ئۇلارغا زاھىرىدا ئەگەشكەنلـىرى مەقسەت قىلـىنىدۇ، ئەمما مۇرتەدلەرنىڭ ئوغۇللـىرىدىن دادىسـىنىڭ دىنىدا بولمىغانلـىرى مۇسۇلمان بولۇپ ئۇلار دادىسـىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلـىرى ۋە سۆزلـىرىگە قوشۇلمايدۇ. مەيلى ئۇلار دادىسـىنىڭ قىلغان ئـىشـىنى بىلمەيدىغانلـىرى بولسۇن ياكى دادىسـىنىڭ قىلغان ئـىشـىنى پەقەت قەلبى بىلەن بولسىمۇ ئـىنكار قىلغانلـىقى بىلـىنگەنلـىرى بولسۇن ئۇلار كاپىر بولماستىن بەلكى ھىمايە قىلـىنىدىغان مۇسۇلمانلاردۇر، ئۇلارنىڭ دادىلـىرىنى زاھىرەن ئـىنكار قىلماسلـىقى كۇپرىغا چىقارمايدۇ. مۇنكەرنى توسۇش قول ۋە تىل بىلەن بولۇپ، قۇدرەت ئېتىبارى بويىچە بولـىدۇ ۋە ئۇ ھەممە ئادەمگە ئاسان بولمايدۇ، ئەمما دادىسـىنىڭ دىنىدا بولغانلـىرىنىڭ ھۆكمى دادىسـىنىڭ ھۆكمىدە بولۇپ ئوتتۇرىسـىدا ھېچقانداق پەرق يوق. الله ھەممىدىن ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

ئـىبنى نۇجەيىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:[ مۇرتەدنىڭ بالـىسى ئاتا ـ ئانىسى مۇرتەد بولغان ۋاقتىدا مەۋجۇد بولغان بولـىدۇ ياكى مەۋجۇد بولمىغان بولـىدۇ، ئەگەر مەۋجۇد بولغان بولسا ئاتا ـ ئانىسـىنىڭ مۇرتەد بولۇشى بىلەن مۇرتەد بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا ئـىسلامنىڭ ھۆكمى ئەگـىشـىش بىلەن سابىت بولغان بولۇپ ئاتا ـ ئانىسـىنىڭ مۇرتەدلـىكى بىلەن ئـىسلام ھۆكمى يوقاپ كەتمەيدۇ. پەقەتلا ئاتا ـ ئانىسى ياكى ئۇ ئـىككـىسـىنىڭ بىرى ئۇنى كۇپرى دىيارىغا قوشقان بولسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئـىسلام ھۆكمىدىن ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگـىشـىش ياكى كۇپرى دىيارىغا قوشۇلۇش بىلەن چىقىپ كېتىدۇ ۋە ئـىسلام ھۆكمىنىڭ يوقىلـىشى بىلەن ئۇ بالا ئولجا بولـىدۇ، بالاغەتكە يەتكەندە ئانىسى ئـىسلامغا مەجبۇرلانغاندەك ئـىسلامغا مەجبۇرلـىنىدۇ. ئەگەر دادىسى يالغۇز كۇپرى دىيارىغا كېتىپ مۇسۇلمان ئانىسى دارۇلئـىسلامدا بولسا ئۇ ئولجا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئانىسىغا ئەگـىشـىپ مۇسۇلمان ھالـىتىدە قالغان بولـىدۇ.]

مۇرتەدلەرنىڭ پەرزەنتلـىرى ھەققىدە ئۆلىمالار كۆپ سۆزلەرنى بايان قىلغان، مەن بۇلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك كۆز قاراشلـىرىنى قىسقىچە بايان قىلـىپ ئۆتىمەن.

مۇرتەدلەرنىڭ پەرزەنتلـىرىنىڭ ھۆكمى تۆۋەندىكـىدەك ئۈچ خىل ھالەتتە بولـىدۇ.

1 ـ ئاتا ـ ئانىسى مۇرتەد بولۇشتىن ئـىلگـىرى تۇغۇلغان پەرزەنت.

بۇ خىل ھالەتتە بالىغا مۇسۇلمانلىق ھۆكمى بېرىلىدۇ،چۈنكى ئۇ پەرزەنت تۇغۇلغان ۋاقىتتا ئاتا-ئانىسى ئىسلامدا ئىدى.

ئىبنى قۇدامە مۇنداق دەيدۇ:[ مۇرتەدلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئاتا-ئانىسى مۇرتەد بولۇشتىن ئىلگىرى تۇغۇلغان بولسا، ئۇلار تۇغۇلغان ۋاقىتتا ئاتا-ئانىسى ئىسلامدا بولغانلىقى ئۈچۈن پەرزەنت مۇسۇلمان دەپ ھۆكۈم بېرىلىدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭ مۇرتەد بولىشى بىلەن مۇرتەد ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

«الْإِسْلَامُ يَعْلُو وَلَا يُعْلَى »

«ئىسلام ئۈستۈن بولىدۇ. ئىسلامغا ھېچنەرسە ئۈستۈن قىلىنمايدۇ.»] (ئەلمۇغنى 12- توم 282-بەت)

خۇلاسە: ئەگەر مۇرتەدلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئاتا-ئانىسى مۇرتەد بولۇشتىن ئىلگىرى تۇغۇلغان بولسا، ئۇلار بالاغەتكە يېتىپ بولغۇچە مۇسۇلمان دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئۇلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئىسلام ھۆكمى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈلىدۇ، ئەگەر ئۇلار ئىسلام ھۆكمىگە ئەمەل قىلسا مۇسۇلمانلىق ھالىتىدە قالىدۇ، ئەگەر بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن كۇفرى سۆزلەرنى ياكى ئىش-ھەرىكەتلەرنى قىلسا ئۇلارغا مۇرتەدلەرنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ.

2-ئاتا-ئانىسىنىڭ بىرى مۇرتەد بولۇشتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن تۇغۇلغان پەرزەنت.

بۇ خىل ھالەتتە پەرزەنت ئاتا-ئانىسىنىڭ قايسىسى مۇسۇلمان بولسا شۇنىڭغا نىسبەت بېرىلىپ مۇسۇلمانلىق ھۆكمى بېرىلىدۇ. ئەگەر پەرزەنتنىڭ دادىسى مۇسۇلمان ئانىسى مۇرتەد بولسا، دادىسىغا نىسبەت بېرىلىپ مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر پەرزەنتنىڭ ئانىسى مۇسۇلمان دادىسى مۇرتەد بولسا، ئانىسىغا نىسبەت بېرىلىپ مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ

3-ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىككىلىسى مۇرتەد بولۇپ كەتكەندىن كېيىن تۇغۇلغان پەرزەنت.

بۇ خىل ھالەتتە پەرزەنتكە ئەسلى كاپىر ھۆكۈمى بېرىلىدۇ. (ئەلمۇغنى 12- توم 282- بەت)

الله بۇ ئەھكاملارنى چۈشىنىشىمىزگە نېسىپ قىلسۇن! ۋە مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلەرگە ھىدايەت قىلسۇن.

## مۇرتەدلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى قۇل قىلىشقا بولامدۇ؟

ئەگەر مۇرتەدلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئاتا-ئانىسى مۇرتەد بولۇشتىن ئىلگىرى تۇغۇلغان ياكى ئاتا-ئانىسىنىڭ بىرى مۇرتەد بولۇشتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن تۇغۇلغان بولسا قەتئىي قۇل قىلىشقا

بولمايدۇ،

ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىككىلىسى مۇرتەد بولۇپ كەتكەندىن كېيىن تۇغۇلغان پەرزەنت بولسا قۇل قىلىش مەسىلىسىدە ئالىملار ئوتتۇرىدا كۆپ قاراشلار بار بولۇپ ئىمام ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ ۋە ئىمام ماۋەردى رەھىمەھۇللاھ بىر سۆزىدە قۇل قىلىشقا بولىدۇ دەيدۇ. (ئەلمۇغنى 12- توم 282- بەت)

# بىر ئادەمنى مۇرتەد دېيىش ئۈچۈن كېتىدىغان شەرتلەر توغرىسىدا

بىر ئادەمنى مۇرتەد دىيىش ياكى مۇرتەدكە چىقىرىش شەرئى مەسىلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خالىغانچە بىر كىشىنى مۇرتەد دىيىشتىن ساقلىنىش لازىم. بەلكى ئىسلام شەرئىتى كۆرسەتمىسىگە رىئايە قىلىش كېرەك.

بۇ ئەڭ مۇھىم دەرىس ھىسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ بەزى كىشىلەر تەكفىرچى بولۇپ كەتكەن ۋە يەنە بەزىلىرى مۇرجىئە بولۇپ كەتكەن مەسىلىدۇر.

بىر كىشىنى خالىغانچە مۇرتەدكە چىقارغىلى بولمايدۇ، بەلكى مۇرتەدكە چىقىرىش ئۈچۈن شەرتلەر كىتىدۇ، قاچان شەرئىت كۆرسىتىپ بەرگەن شەرتلەر تولۇق تېپىلسا ئۇندىن كىيىن بىر ئادەمنى مۇرتەدكە چىقارغىلى بولىدۇ. ئەگەر شۇ شەرتلەر تولۇق تېپىلمىسا بىر ئادەمنى مۇرتەد دېگىلى بولمايدۇ.

## بىر ئادەمنى مۇرتەد دىيىش ئۈچۈن كىتىدىغان شەرتلەر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

1. قىلغان ئىشلاردا تېپىلىش كېرەك بولغان شەرتلەر.

2. مۇرتەدلىك سادىر بولغان كىشىلەردە تولۇق تېپىلىشى كېرەك بولغان شەرتلەر.

## قىلغان ئىشلاردا تېپىلىش كېرەك بولغان شەرتلەر.

1- بۇ ئىقتادلار، سۆزلەر ۋە ياكى ئىش ھەرىكەتلەرنى قىلغۇچىلار ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كىتىدۇ دېگەنلىككە شەرئى دەلىل بولۇش كېرەك. چۈنكى بىر كىشىنى كاپىرغا چىقىرىش شەرئى مەسىلە بولۇپ، بۇ شەرئى دەلىلگە مۇھتاج بولىدۇ.

2- ئىھتىماللىقى ۋە تەئۋىلى يوق بولغان سۆز ۋە ياكى ئىش-ھەرىكەتلەر سادىر بولغان بولىشى كېرەك. يەنى مۇرتەدلىككە ئېلىپ بارىدىغان سۆزلەر ۋە ئىش-ھەرىكەتلەر ئىھتىماللىقى بولۇپ قالسا، ئۇ كىشىنى مۇرتەد دېگىلى بولمايدۇ.

مەسىلەن: قۇرئاننى ھاجەتخانىلارغا ئېلىپ كىرىش. بىر ئادەم ئۇنتۇپ قالغانلىقى سەۋەپلىك، قۇرئان بىلەن ھاجەتخانىغا كىرگەن بولسا مۇرتەد دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما قەستەن قۇرئاننى ئېلىپ كىرگەن بولسا كاپىر بولىدۇ. شۇڭا سەھۋەنلىكتىن بولغانلىقىغا ئېھتىماللىقى بار ئىشلار بىلەن كىشىلەرنى مۇرتەد دېگىلى بولمايدۇ.

**مۇرتەدلىك سادىر بولغان كىشىلەردە تولۇق تېپىلىشى كېرەك بولغان شەرتلەر.**

1ـ بالاغەتكە يەتكەن بولۇش.
2ـ ئەقىللىق بولۇش.
3ـ ئىختىيارى بولۇش (مەجبۇرلانماسلىق).
4ـ بىلىش يەنى بۇ ئىشلارنى قىلسا مۇرتەد بولۇپ كېتىدۇ دېگەننى بىلىش.
5ـ مۇرتەد بولغانلىقىنى ئىسپاتلاش.

**بالاغەتكە يەتكەن بولۇش.**

شەرىئەت تەكلىپلىرى بالەغەتكە يەتكەن كىشىلەرگە تەكلىپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بالاغەتكە يەتمىگەن كىشىلەردىن مۇرتەدلىك سادىر بولسا، ئۇلارنى مۇرتەد دېگىلى بولمايدۇ.
بالاغەتكە يېتىش ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىچە:
1ـ ئون بەش ياشقا كىرگەن بولۇش.
2ـ ئېھتىلام بولۇش.
3ـ ئەۋرەتلىرىگە تۈك چىققان بولۇش.
4ـ قىز بالا ھېيىز كۆرگەن بولسا بالىغ ھېسابلىنىدۇ.
ئىمام ئەبۇ يۇسۇف رەھىمەھۇللاھ، شافىئى رەھىمەھۇللاھ ۋە ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ بىر رىۋايەتىدە مۇنداق دەيدۇ:[ بىر كىشىنىڭ مۇرتەد دېيىلىشى ئۈچۈن بالاغەتكە يەتكەن بولىشى لازىم. يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن كىشىدىن مۇرتەدلىك سادىر بولسا ئۇنى مۇرتەد دىگىلى بولمايدۇ]. (ئەلبەھرۇررائىق 13ـتوم 474ـ بەت، ئەلمەجمۇئ 19ـ بەت 223ـ بەت، ئەلمۇغنى 12ـ توم 281ـ بەت ۋە ئەلئىنساق 10ـ توم 248ـ بەت.)

بۇلارنىڭ دەلىلى: عَنْ عَلِيٍّ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ رُفِعَ الْقَلَمُ عَنْ ثَلَاثَةٍ عَنْ النَّائِمِ حَتَّى يَسْتَيْقِظَ وَعَنْ الصَّبِيِّ حَتَّى يَشِبَّ وَعَنْ الْمَعْتُوهِ حَتَّى يَعْقِلَ.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:«ئۇخلاۋاتقان كىشىنىڭ ئويغانغىچە، كىچىك بالىنىڭ بالاغەتكە يەتكۈچە، ساراڭنىڭ ساقايغىچە بولغان ئارىلىقتا قىلغان ـ ئەتكەنلىرى يېزىلمايدۇ». (تىرمىزى)

بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ:[ بالاغەتكە يەتمىگەن ۋە لېكىن بىر نەرسىنى پەرىق قىلىش يېشىغا يەتكەن بالىلار ھەم مۇرتەد بولدىغان ئەمەللەرنى قىلسا مۇرتەد بولىدۇ. ئەمما ئۇنى ئۆلتۈرۈش بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ساقلاپ تۇرۇلىدۇ. بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن تەۋبە تەلەپ

قىلىنىدۇ، تەۋبە قىلسا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلمىسا بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن مۇرتەدلىكككە ئاساسەن ئۆلتۈرۈلىدۇ.] (ئەلبەھرۇررائىق 13-توم 474- بەت، ئەلمۇغنى 12- توم 281- بەت ۋە ئەلئىنساف 10- توم 248- بەت.)

**ئەقىللىق بولۇش.**

شەرىئەت ئەھكاملىرى ئەقىلى-ھۇشى جايىدا بولغان كىشىلەرگە تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئەمما بىر كىشىنىڭ ئەقىلى-ھۇشى بولمىسا ئۇ كىشىدىن شەرىئەت تەكلىپلىرى ساقىت بولىدۇ.

ئىمام ماۋەردى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:[ بىر ئادەمنى مۇرتەد دېيىش ئۈچۈن ئەقلى ھۇشى جايىدا بولۇش كېرەك. (بىر كىشى ئەقلى يوق ھالەتتە مۇرتەد بولىدىغان ئىش-ھەركەت ۋە ياكى سۆزلەرنى قىلغان بولسا، ئۇ كىشىنى مۇرتەد دېگىلى بولمايدۇ.) يېشىنىڭ كىچىكلى، ساراڭلىق، كېسەللىك، ھۇشسىزلانغانلىق، ۋە ئۇيقا سەۋەبلىك ئەقلى يوق بولغان كىشىلەردىن مۇرتەدلىك سادىر بولسا، ئۇلارنى مۇرتەد دېگىلى بولمايدۇ. (ئەلمۇغنى 12- توم 266- بەت)

عَنْ عَلِيٍّ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ رُفِعَ الْقَلَمُ عَنْ ثَلَاثَةٍ عَنْ النَّائِمِ حَتَّى يَسْتَيْقِظَ وَعَنْ الصَّبِيِّ حَتَّى يَشِبَّ وَعَنْ الْمَعْتُوهِ حَتَّى يَعْقِلَ.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:«ئۇخلاۋاتقان كىشىنىڭ ئويغانغىچە، كىچىك بالىنىڭ بالاغەتكە يەتكۈچە، ساراڭنىڭ ساقايغىچە بولغان ئارىلىقتا قىلغان - ئەتكەنلىرى يېزىلمايدۇ». (تىرمىزى)

**ئىختىيارى بولۇش (مەجبۇرلانماسلىق).**

مۇرتەدلىك سادىر بولغان كىشى، مۇرتەدلىككە ئېلىپ بارىدىغان سۆزلەر ۋە ياكى ئىش-ھەرىكەتلەرنى مەجبۇرلانماستىن ئىختىيارى قىلغان بولىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ كىشى مەجبۇرلانغان بولسا ئالىملارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن مۇرتەد بولمايدۇ ۋە مۇرتەد دېگىلى بولمايدۇ. (ئەلمۇغنى 12- توم 292- بەت)

بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ:﴿ **مَنْ كَفَرَ بِاللَّهِ مِنْ بَعْدِ إِيمَانِهِ إِلَّا مَنْ أُكْرِهَ وَقَلْبُهُ مُطْمَئِنٌّ بِالْإِيمَانِ وَلَكِنْ مَنْ شَرَحَ بِالْكُفْرِ صَدْرًا فَعَلَيْهِمْ غَضَبٌ مِنَ اللَّهِ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ (106)﴾**

﴿كىمكى الله قا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالسا، - قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا - كۇفرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولسا (يەنى ئىختىياري يوسۇندا مۇرتەد بولغان بولسا)، ئۇ الله نىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ [106].﴾

بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ:« إِنَّ اللَّهَ تَجَاوَزَ لِي عَنْ أُمَّتِي الْخَطَأَ وَالنِّسْيَانَ وَمَا اسْتُكْرِهُوا عَلَيْهِ ».

«ھەقىقەتەن اللە مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ساھۋەنلىك، ئۇنتۇپ قىلىش ۋە مەجبۇرلىنىش قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆتىۋەتتى».

مەجبۇرلىنىش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

1 ـ مۇرتەدلىككە ئېلىپ بارىدىغان سۆزلەر ۋە ياكى ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا مەجبۇرلىنىش. بۇ مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەت بېرىشكە مەجبۇرلانمىسا جائىز.

مەسىلەن: اللە نى تىللاش ياكى قۇرئاننى ھاقارەت قىلىش...... دېگەنگە ئوخشاش.

2 ـ باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىشقا، ئەزىيەت بېرىشكە، مۇسۇلمانلارنىڭ سىرلىرىنى ئاشكارە قىلىشقا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇرلىنىش. بۇ قەتئىي جائىز بولمايدۇ. (دەئۋەتۇل مۇقاۋەمە)

**بىلىپ تۇرۇپ قىلىش.**

مۇرتەدلىك سادىر بولغان كىشى بىلمەستىن مۇرتەدلىككە ئېلىپ بارىدىغان سۆزلەر ۋە ياكى ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى قىلغان بولسا، ئۇ كىشىنى ھەم مۇرتەد دېگىلى بولمايدۇ. جاھىللىق يەنى بىلمەسلىك ھەم ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى ھەقىقى بىلمەسلىك بۇ ئۆزرىگە سەۋەپ بولالايدۇ. يەنى بىرى بىلمەسلىك بۇ ئۆزرىگە سەۋەپ بولالمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمنى ئىسلامنى ھەقىقى چۈشىنىشكە كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشىشنى ۋە تەۋھىدكە ھەقىقى ئەمەل قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن ۋە مۇرتەدكە ئېلىپ بارىدىغان ئامىللارنى بىلىشنى ۋە ئۇنىڭدىن يىراق بولىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. تەپسىلاتىغا ئەبۇ مۇسئەب سۇرىنىڭ دەئۋەتۇل مۇقاۋەمە دېگەن كىتابىغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

ئەسكەرتىش: بۈگۈنكىدەك ئاخبارات ۋە ئۇچۇر ئەڭ تېز تارايدىغان دەۋرىدە مەن بىلمەپتىمەن دېگەنلەر، شۇ ئۆزرىسى ئۇلارنى اللە نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرالامدۇ؟ بۇنىڭغا دىققەت قىلىسۇن!

**مۇرتەد بولغانلىقىنى ئىسپاتلاش.**

بىر كىشىنى مۇرتەد دېيىش ئۈچۈن، مۇرتەدلىك سادىر بولغان كىشىنىڭ ئىقرارى ياكى ئىككى مۇسۇلماننىڭ گۇۋاھلىقى بېرىشى لازىم.

عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَوْ يُعْطَى النَّاسُ بِدَعْوَاهُمْ لَادَّعَى نَاسٌ دِمَاءَ رِجَالٍ وَأَمْوَالَهُمْ وَلَكِنَّ الْيَمِينَ عَلَى الْمُدَّعَى عَلَيْهِ.

4929 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:«ناۋادا ئىنسانلارغا دەۋالىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىپ بېرىلسە، ئادەملەرنىڭ قېنىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى دەۋا قىلىشتىن تەپ تارتمايدۇ، لېكىن ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغۇچى قەسەم قىلىشى كېرەك». (مۇسلىم)

مۇرتەدلىك سادىر بولغان كىشىنىڭ ئىقرارى ياكى ئىككى مۇسۇلمانىنىڭ گۇۋاھلىقى بىرىشى كېرەك دېگەن بۇ ھۆكۈم، يەككە شەخسلەرگە ۋە ياكى ئىسلام ھۆكۈمەت بولغان ھالەتلەرگە قارىتىلغان.

ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار! كاپىرلارنى كاپىر دىيىش ۋە ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش، ۋە خالىغانچە كىشىلەرنى مۇرتەدكە چىقارماسلىق ھەممىسى شەرىئەت ئەھكاملىرىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ ھۆكۈملەردە شەرىئەتكە مۇراجىئەت قىلايلى ۋە بۇ مەسىلىلەرنى ئەھلى ـ ئىلىملەرگە تاپشۇرايلى. بۇ ھۆكۈملەردە بىز ئالدىراقسانلىق قىلمايلى.

كاپىرلار مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

1 ـ ھۆكۈمى ئېنىق بولغان كاپىرلار. بۇ تۈردىكىلەرنى كىم كاپىر دېمىسە كاپىر بولىدۇ.

مەسىلەن: شىجىنفىڭ، ۋاڭلوچۈەن ۋە نۇر بەكرى.......دېگەنلەرگە ئوخشاش.

2 ـ ھۆكۈملىرىدە ئىختىلاپ بولغان كىشىلەر ۋە ياكى مۇرتەدلەر. بىز بۇ مەسىلىلەرنى ئەھلى ـ ئىلىملەرگە تاپشۇرۇشىمىز لازىم. نۇر بەكرىگە ئوخشاش ھۆكۈمى ئېنىق ۋە تەئۋىلى يوق بولغان مۇرتەدلەر بار. بۇلارنى مۇرتەد دەپ ئاتايمىز ۋە ئۆلتۈرىمىز. ئەمما شۈبھى بولسا ياكى بىز ئۇنىڭ ھۆكۈمىنى ئىنىق بىلەلمىسەك توختاپ تۇرىمىز.

مەسىلەن: ئۆزىنى ئىسلامغا نىسبەت بېرىپ تۇرۇپ يېزىلىق ھۆكۈمەتلەردە ئىشلىۋاتقانلار دېسەك، ئۇمۇمى ھۆكۈمدە بۇلار قىلىۋاتقان خىزمەت ئىسلام دىنىدىن چىقىرىپ تاشلايدىغان ئەمەللەردۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مۇئەييەن بىر كىشىنى مۇرتەد دىيىشتىن تاكى ئىنىق بولمىغىچە توختاپ تۇرىمىز.

ۋە كاپىرلارغا ياردەملىشىۋاتقان كىشى دىسەك، بۇلارنىڭ ياردەملىشىشى نىمە بىلەن بولدى، بۇ ياردەم ئىسلام دىنىدىن چىقىرىۋېتىدىغان ياردەممۇ ياكى مەجبۇرلۇقمۇ ياكى...... دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن ھۆكۈملەر بار.

خۇلاسە: كاپىرلار ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان مۇرتەدلەرنى بىز دۇنيا ئەھكاملىرىدا ئۇمۇمى قىلىپ مۇرتەدلەر دەيمىز. چۈنكى ئۇلار قىلىۋاتقان خىزمەت ئىسلام دىنىدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ. ئەمما مۇئەييەن بىر شەخسنى مۇرتەدلىك ھۆكۈمى ئىنىق بولمىغىچە ئىسمىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇرتەد دىمەيمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق مۇسۇلمانلارغا بولغان تەۋسىيەلىرىم شۇكى ـ ئىلىمسىز مۇرتەدكە چىقىرىشتىن ۋە مۇرتەد دەپ ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنايلى. شەرىئەتتىن چەتنىمىگەن ئاساستا جىھادىمىزنى ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرەيلى. ۋە ئىسلام دىنىدىن چىقىرىۋېتىدىغان

ئەمەللەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنايلى. بۇنىڭ ئۈچۈن تەۋھىد بىلىملىرىگە ئەھمىيەت بېرەيلى!

الله ئەمەللىرىمىزنى شەرىئەت كۆرسەتكەن يۇسۇندا ئېلىپ بېرىشىمىزغا ياردەم بەرسۇن! ۋە ئۇنى ياكى سولچىل بولۇپ قېلىشتىن ساقلىسۇن!

# مۇرتەدلەردىن تەۋبە تەلەپ قىلىشنىڭ ئەھكاملىرى

بىز بۇ باپتا مۇرتەدلەرنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىلگىرى ئىسلامغا قايتىشقا چاقىرىق قىلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا توختىلىمىز.

مۇرتەدلەردىن تەۋبە تەلەپ قىلىشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىغا ئۆلىمالار بىرلىككە كەلدى. لېكىن، مۇرتەدلەردىن تەۋبە تەلەپ قىلىش ۋاجىبمۇ ياكى مۇستەھەبمۇ دېگەندە ئۆلىمالار نۇرغۇنلىغان كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزى ئۆلىمالار ھەدىسنىڭ ئومۇمى مەنالىرىغا قاراپ تەۋبە تەلەپ قىلىش ۋاجىب ئەمەس،ـ دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

تۆۋەندە بىز بۇ ھەقتە ئۆلىمالارنىڭ مەشھۇر ئىككى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

**1ـ كۆز قاراش**

قىيامەت كۈنى الله قا يالغاننى چاپلىغانلارنىڭ يۈزلىرىنى قاپقارا كۆرىسەن، جەھەننەمدە مۇتەكەببىرلەرگە ئورۇن يوقمۇ؟ [60] الله (شېرىكتىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارنى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان يوللار ئارقىلىق (ئازابتىن) قۇتۇلدۇرىدۇ، ئۇلارغا كۈلپەت يەتمەيدۇ، ئۇلار قايغۇرمايدۇ [61].﴾ (سۈرە زۇمەر)

ئەگەر سىلەر تەۋبە قىلىپ ئىسلام دىنغا كىرسەڭلار، سىلەر بۇ ئارقىلىق بىزنىڭ ئىسلامى قېرىنداشلىرىمىزغا ئايلىنىسىلەر!

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِن تَابُواْ وَأَقَامُواْ الصَّلاَةَ وَآتَوُاْ الزَّكَاةَ فَإِخْوَانُكُمْ فِي الدِّينِ وَنُفَصِّلُ الآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ ﴾

﴿ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلسا، ناماز ئۆتىسە، زاكات بەرسە، دىنىي جەھەتتە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار بولىدۇ (يەنى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە ئۇلار سىلەر بىلەن ئوخشاشتۇر). ئۇقىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئايەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىمىز [11].﴾

**التوبة11**

ئۇ ۋاقىتتا، بىز سىلەرنى ياخشى كۆرىمىز ۋە دوست تۇتىمىز، بەلكى سىلەرگە كىم قارشى چىقىدىكەن بىز ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىمىز. سىلەرنى قوغداش ئۈچۈن ئىنشا ئاللاھ ئۆزىمىزنىڭ جانلىرىنى قۇربان قىلىمىز.

لېكىن، سىلەر تەۋبە قىلماي ئۆز خىزمىتىڭلاردا قېلىپ قالساڭلار، بىز سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىمىز. بىز سىلەرگە قارشى قىلىنغان بۇ جىھاد ئارقىلىق رەببىمىزگە قۇلچىلىق قىلىمىز. سىلەر بىلەن بولغان بۇ ئۇرۇشلارنى الله بىزلەرگە ۋاجىب قىلدى.

ئى تاغۇت ئەسكەرلىرى! بىز سەنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىمىز. چۈنكى سەنلەر تاغۇتلارنىڭ ئورگانلىرىنى ھىمايە قىلىشتىڭ!

ئى تاغۇت ئەسكەرلىرى! بىز سەنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىمىز. چۈنكى سەنلەر كاپىرلارنىڭ قانۇنلىرىنىڭ يۈرگۈزىلىشىگە ياردەم بىرىشتىڭ! ئىسلام شەرىئىتىگە جەڭ قىلىشتىڭ! ئىسلام شەرىئىتىنى ئىنسانى قانۇنلارغا ئالماشتۇرۇشتۇڭ!

ئى تاغۇت ئەسكەرلىرى! بىز سەنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىمىز. چۈنكى سەنلەر سەلىپ كۈچلىرىنىڭ ئىسلامى دىيارلارنى بېسىۋېلىشىغا ياردەم بېرىشتىڭ! سەنلەر سەۋەبلىك ئافغانىستاندا، تۈركىستاندا، شامدا، ئىراقتا ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مىڭلىغان

مۇسۇلمانلار شېھىد قىلىندى، ئەسىر قىلىندى. ئىستىخبارات تۈرمىلىرى مەزلۇم مۇسۇلمانلارنىڭ ياشلىرى ۋە ئاھ-زارلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى. بىلىپ قويۇش، ئىنشا ئاللاھ شۇلارنىڭ قىساسىنى سەنلەردىن بىر - بىرلەپ ئالىمىز.

ئى تاغۇت ئەسكەرلىرى! بىز سەنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىمىز. چۈنكى سەنلەر مۇسلىمە ھەمشىرلىرىمىزنىڭ يۈز ئابرويلىرىنى دەپسەندە قىلىشتىڭ!

ئى تاغۇت ئەسكەرلىرى! بىز سەنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىمىز. چۈنكى سەنلەر ئىسلام ئۇممىتى ئىچىگە پاسادچىلىقلارنى ئېلىپ كىرىشتىڭ!

ئى تاغۇت ئەسكەرلىرى! بىز سەنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىمىز. چۈنكى سەنلەر بىزنىڭ ئىسلامى قېرىنداشلىرىمىزنى كاپىر دۆلەتلەرگە ھەر خىل باھانىلەر بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىڭ!

ئى تاغۇت ئەسكەرلىرى! سەنلەر تاغۇت ئەسكەرلىكىدىن قايتىپ ئىسلامغا كىرىشمىسەڭ، بىزلەردىن ھەرگىز مېھرى-شەپقەت كۈتۈشمە! ئۇتتۇرىمىزدىكى ئاداۋەت، تاكى سەنلەر ئىسلام دىنغا قايتقۇچە داۋاملىشىدۇ.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مُحَمَّدٌ رَسُولُ لله وَالَّذِينَ مَعَهُ أَشِدَّاءُ عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاءُ بَيْنَهُمْ**﴾

﴿مۇھەممەد الله نىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر، ﴾ (سۈرە فەتھى)

**﴿قَدْ كَانَتْ لَكُمْ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ فِي إِبْرَاهِيمَ وَالَّذِينَ مَعَهُ إِذْ قَالُوا لِقَوْمِهِمْ إِنَّا بُرَاء مِنكُمْ وَمِمَّا تَعْبُدُونَ مِن دُونِ لله كَفَرْنَا بِكُمْ وَبَدَا بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةُ وَالْبَغْضَاء أَبَداً حَتَّى تُؤْمِنُوا بالله وَحْدَهُ ﴾**

﴿ ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىللە بولغان (مۇئمىنلەر) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوبدان نەمۇنىدۇر، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە: «ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن ئادا - جۇدامىز، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر الله قا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ» دېدى.﴾ ( سۈرە مۇمتەھىنە)

# 9ـ باب دىن، جان، يۈز ـ ئابروي ۋە مالغا تاجاۋۇز قىلغۇچىلارغا جىهاد قىلىشنىڭ هۆكمى توغرىسىدا

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! الله بىزلەرگە قوغداش ئەڭ مۇهىم بولغان بەش تۈرلۈك نەرسىنى بايان قىلدى.

عن عَمْرِو بْنِ الْأَحْوَصِ أَنَّهُ شَهِدَ حَجَّةَ الْوَدَاعِ مَعَ رَسُولِ الله صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَحَمِدَ لله وَأَثْنَى عَلَيْهِ وَذَكَّرَ وَوَعَظَ ثُمَّ قَالَ أَيُّ يَوْمٍ أَحْرَمُ أَيُّ يَوْمٍ أَحْرَمُ أَيُّ يَوْمٍ أَحْرَمُ قَالَ فَقَالَ النَّاسُ يَوْمُ الْحَجِّ الْأَكْبَرِ يَا رَسُولَ لله قَالَ فَإِنَّ دِمَاءَكُمْ وَأَمْوَالَكُمْ وَأَعْرَاضَكُمْ عَلَيْكُمْ حَرَامٌ كَحُرْمَةِ يَوْمِكُمْ هَذَا فِي بَلَدِكُمْ هَذَا فِي شَهْرِكُمْ هَذَا أَلَا لَا يَجْنِي جَانٍ إِلَّا عَلَى نَفْسِهِ وَلَا يَجْنِي وَالِدٌ عَلَى وَلَدِهِ وَلَا وَلَدٌ عَلَى وَالِدِهِ أَلَا إِنَّ الْمُسْلِمَ أَخُو الْمُسْلِمِ فَلَيْسَ يَحِلُّ لِمُسْلِمٍ مِنْ أَخِيهِ شَيْءٌ إِلَّا مَا أَحَلَّ مِنْ نَفْسِهِ

ئەمر ئىبنى ئەھۋەس ﵁ مۇنداق دەيدۇ: مەن ۋىدالىشىش ھەجىدە بار ئىدىم، پەيغەمبەر ﷺ الله قا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقاندىن كېيىن، كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى، ئاندىن كېيىن ئۈچ قېتىم:« ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق ئەڭ ھارام قىلىنغان كۈن قايسى؟» ـ دەپ سورىدى. كىشىلەر: چوڭ ھەج كۈنى (يەنى ئاراپات كۈنى)، ـ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ :« بىر ـ بىرىڭلارنىڭ جېنىغا، مېلىغا ۋە يۈز ـ ئابرويىغا تېگىش سىلەرگە خۇددى بۇ كۈن، بۇ جاي ۋە بۇ ئاينىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق ھارام قىلىنغاندەكلا ھارامدۇر. ئى خالايىق! ھەر كىشىنىڭ جىنايىتى ئۆزىگە بولۇپ، دادىنىڭ جىنايىتىدىن بالا جاۋابكار بولمايدۇ، بالىنىڭ جىنايىتىدىن دادا جاۋابكار بولمايدۇ. بىلىڭلاركى، مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، قېرىندىشىنىڭ رازىلىقىسىز ھېچ نېمىسى ھالال ئەمەستۇر.»

مانا بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇسۇلمانلارنىڭ يۈز ئابرويلىرى، جانلىرى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بۇلارغا چېقىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىزلەرگە بايان قىلغان قوغداش ئەڭ مۇھىم بولغان بەش تۈرلۈك نەرسىلەرنىڭ رەت تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

1ـ دىن يەنى ئەقىدە

2ـ جان

3ـ ئەقىل

4- يۈز ئابروي

5- مال

بۇ بەش تۈرلۈك نەرسىلەرنى قوغداشنى الله بىزلەرگە ۋاجىب قىلدى. مانا بۇلارنى قوغداش ئۈچۈن جىهاد ئىبادىتىنى بىزلەرگە بۇيرۇق قىلدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەقىدىنى قوغداشنى بىرىنچى پەرز قىلدى.

ئەقىدە نەقەدەر مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن، بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر، سەلەف-سالىھلىرىمىز ۋە مۇجاھىدلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىنى قۇربان قىلدى.

ئەقىدىنى ساقلاپ قېلىش ھەممىدىن مۇھىم بولغاچقا، الله جىهاد ئىبادىتىنى پەرز قىلدى.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ لِلَّهِ فَإِنِ انْتَهَوْا فَإِنَّ اللهَ بِمَا يَعْمَلُونَ بَصِيرٌ (39) ﴾

﴿پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) يانسا، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرىدۇ﴾.[39]

دىن، جان، يۈز-ئابروي، ۋە مالغا تاجاۋۇز قىلغۇچىلارغا جىهاد قىلىش پەرزدۇر.

ھەدىس كىتابلىرىدا دىنى قەست قىلىنغان ياكى يۈز-ئابرويىنىڭ تۆكۈلىشى ئىرادە قىلىنغان ياكى مېلى ناھەق ئېلىۋېلىنغان كىشى ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە جېنىنى قوغدىشى لازىم بولىدىغانلىقى، ئەگەر دىن، مال ياكى يۈز-ئابرويغا تاجاۋۇز قىلغۇچى ئۆلتۈرۈلگەن بولسا ئۇنى ئۆلتۈرگۈچىنىڭ ئۈستىگە ھېچ نەرسە يوقلىقى ۋە ئۇنىڭ قېنى بىكار قىلىنغانلىقى، ئەگەر ئۇ كىشى مېلى، ھۆرمىتى ياكى دىنىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلگەن بولسا شېھىد بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ھەدىسلەر كەلگەن بولۇپ بۇخاري، مۇسلىم، ئەھلى سۈنەن ۋە ئەھمەد قاتارلىقلار خىلمۇ-خىل لەبزىلەر بىلەن رىۋايەت قىلدى.

بەزى ئالىملار [مال، يۈز-ئابروي، جان ۋە دىنىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىدى. خۇسۇسەن پىتنە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا، مالنى بېرىپ جاننى قوغداش دۇرۇس بولىدۇ، ئەمما ھەر قانداق ھالەتتە يۈز-ئابروي ۋە دىننى قوغداش پەرز بولىدۇ.]- دېدى.

بىز بۇ مەسىلىنى تەپسىلي تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلمىدۇق. لېكىن بۇنى بايان قىشىمىزدىكى سەۋەپ- ھۆرمەتكە، دىنغا تاجاۋۇز قىلغۇچىنى توسۇشنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ توسۇش الله يولىدىكى شەرئي جىهاد ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتۇر .

سەئىيد ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ:مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «من قتل دون ماله فهو شهيد، ومن قتل دون دينه فهو شهيد، ومن قتل دون دمه فهو شهيد، ومن قتل دون أهله فهو شهيد». «كىمكى مال ـ مۈلكىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شېھىدتۇر. كىمكى دىنىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شېھىدتۇر. كىمكى جېنىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شېھىدتۇر. كىمكى خوتۇن ـ بالىلىرىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شېھىدتۇر.»

ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىبنى ئاس ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «من قتل دون ماله مظلوما فله الجنة». «كىمكى مال ـ مۈلكىنى قوغداپ ناھەق ئۆلتۈرۈلسە ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەت بار »

ۋە سۇۋەيد ئىبنى مۇقرىن ﷺ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «من قتل دون مظلمته فهو شهيد» «كىمكى ناھەق ئۆلتۈرۈلسە شېھىدتۇر»

ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ مۇنداق دەيدۇ: عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللَّهِ أَرَأَيْتَ إِنْ عُدِيَ عَلَى مَالِي قَالَ فَانْشُدْ اللَّهَ قَالَ فَإِنْ أَبَوْا عَلَيَّ قَالَ انْشُدْ اللَّهَ قَالَ فَإِنْ أَبَوْا عَلَيَّ قَالَ فَانْشُدْ اللَّهَ قَالَ فَإِنْ أَبَوْا عَلَيَّ قَالَ فَقَاتِلْ فَإِنْ قُتِلْتَ فَفِي الْجَنَّةِ وَإِنْ قَتَلْتَ فَفِي النَّارِ »

بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: ئى رەسۇلۇللاھ! قېنى دەپ باقسىلا: مېنىڭ مېلىم ھۇجۇمغا ئۇچرىسا قانداق قىلاي؟ـ دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «الله نىڭ نامى بىلەن ئۆتۈنۈپ سورىغىن» دېدى. ھېلىقى كىشى: ئەگەر ئۇنىمىسىچۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ «الله نىڭ نامى بىلەن ئۆتۈنۈپ سورىغىن» دېدى. ھېلىقى كىشى: ئەگەر ئۇنىمىسىچۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ : «الله نىڭ نامى بىلەن ئۆتۈنۈپ سورىغىن» دېدى. ھېلىقى كىشى:ئەگەر ئۇنىمىسىچۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ : «ئۇنىڭغا ئۇرۇش قىلغىن، ئەگەر سەن ئۆلتۈرۈلسەڭ جەننەتتە بولىسەن، ئەگەر سەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ ئۇ بۇلاڭچى دەۋزاختا بولىدۇ» دېدى.

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھدىن بىر ئادەم بىر ئايالغا چېقىلىشنى ئىرادە قىلدى ۋە ئايال ئۇنى رەت قىلدى، ئاندىن كېيىن ئۇ ئايال خالىي بىر جاينى تېپىپ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا ئۇ ئايالنىڭ ئۈستىگە بىرەر جازا بارمۇ؟ دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:[ ئەگەر ئۇنىڭ نەپسىدىن باشقىنى ئىرادە قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ ئېپىپتىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا ئۇ ئايالنىڭ

ئۇستىگە ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ. ئەگەر پەقەتلا مال ـ ماتا ئىرادە قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ نۇمۇسىغا چېقىلمايدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا ئۇنىڭغا مال ـ ماتا بېرىشىنى توغرا دەپ قارايمەن، چۈنكى مال ـ ماتا ئورنىنى تولۇقلىۋالغىلى بولىدىغان نەرسە، ئىپپەت ـ نومۇستا بولسا ئورنىنى تولۇقلىغىلى بولمايدۇ.]

بەكرىبنى مۇھەممەد دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ، دادىسى ئەبۇ ئابدۇللاھتىن مۇنداق سوراپتۇ: دەپ باققىنا ئەگەر پىتنە زامانىدا بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە بىرەرسى كىرگەن بولسا قانداق قىلىدۇ؟ ئۇ:[ پىتنە زامانىدا ئۇرۇش قىلمىسۇن،ـ دېدى، ئەگەر ئاياللىرىنى ئىرادە قىلغان بولسىچۇ؟ ھەقىقەتەن ئاياللار قاتتىق قوغدىلىدۇ،]ـ دېدى.

ئىمامى شاپىئىي رەھىمەھۇللاھ [ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتى ـ ئىنسانلارنىڭ مېلىنى قوغدىشى، ئەگەر ئۇنى قوغداش ئۇرۇش قىلىش بىلەن بولسا، ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھالال ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. جان ۋە ئۇنىڭ تۆۋەنىدىكى نەرسىلەرنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىشنىڭ سەۋەبى ـ ئۇرۇش قىلمىسا ھالاك بولۇپ كېتىش خەتىرى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. الله ياخشى بىلگۈچى! رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «كىمكى مېلىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شېھىددۇر» دېگەن سۆزىنى پەقەت مېلىنى قوغداپ ئۇرۇش قىلغان كىشىگىلا قارىتىلىدۇ. ئەگەر بىرەر ئادەم بۇ ھەدىسنى ئۆلتۈرۈلگەن ۋە مېلى ئېلىۋېلىنغان كىشىگە قارىتىۋالسا، ئۇ چاغدا ھەدىسنىڭ لەۋزى كىمكى ئۆلتۈرۈۋېتىلىپ، ئۇنىڭ مېلى ئېلىۋېلىنسا ياكى كىمكى مېلىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋېتىلسە، دېگەن بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭغا مېلىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسە دېيىلمەيدۇ، كىمكى مېلىنى قوغداپ ئۇرۇش قىلماستىن ئۆلتۈرۈۋېتىلسە ئۇنىڭ شېھىد ئىكەنلىكىگە ھېچكىم شەك قىلمايدۇ.]

بىز يۇقارقى دەلىللەردىن رەببىمىز الله تەئالانىڭ بىزلەرگە نەقەدەر مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلىۋالايمىز. چۈنكى الله بىزلەرنى ئەقىدە، يۈز ـ ئابروي، مال ۋە جاننى قوغداشنى بۇيرىدى.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئەگەر بىز ئەقىدە، جان، يۈز ئابروي، ۋە مال دۇنيانى قوغداشنىڭ ۋاجىبلىقى ۋە كىم ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغان كىشىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنىڭمۇ ۋاجىب ئىكەنلىكى ھەققىدە توختالساق ئىنتايىن كۆپ دەلىللەر بار. بىراق مەن بۇ يەردە شۇ دەلىللەر بىلەن كۇپايىلىنىمەن.

ئىسلام ئۈممىتى شۇ ئەھكاملارنى بىلىشتىن مەھرۇم قېلىپ قالغان بۈگۈنكى دەۋردە، كاپىرلار ۋە ھەتتاكى بەزى پاسىقلار مۇسۇلمانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ دىنىغا، شۇنداقلا مال ـ مۈلۈكلىرىگە تاجاۋۇز قىلىدىغان ھالەتلەر كۆپىيىپ كەتتى.

بىز دىنىمىزغا تاجاۋۇز قىلغان كىشى بىلەن ئۇرۇش قىلىشتا ئىككىلەنمەيمىز.

ئەمدى جان، يۈز ئابروي ۋە مال ـ دۇنياغا تاجاۋۇز قىلغان كىشىلەرگە ئۇرۇش قىلىش جائىزمۇ ياكى جائىز ئەمەسمۇ؟

جان، يۈز ئابروي ۋە مال دۇنياغا تاجاۋۇز قىلغان كىشىلەرگە ئۇرۇش قىلىش جائىز. بەلكى بىزلەرگە ۋاجىب.

مۇسۇلمانلارنىڭ جانلىرى، يۈز ئابرويلىرى، ۋە مال دۇنياسىغا مۇسۇلمان كىشىلەر تاجاۋۇز قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىنىدۇ.

ئەگەر بىر مۇسۇلمان كىشى بىزنىڭ مېلىمىزغا تاجاۋۇز قىلغان بولسا، تاجاۋۇز قىلغان كىشىگە گەپ سۆزلەرنى قىلىش بىلەن دەپئىي قىلىمىز. ئەگەر يەنە ئۇنىمىسا ئادەملەنى چاقىرىش بىلەن ۋە ياكى تاياقلار بىلەن قارشى تۇرىمىز. يەنىلا بۇ ئۇنۇم بەرمىسە ۋە ياكى ئۇنداق قىلىشقا شارائىتلار يار بەرمەيدىغان بولسا، ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىمىز. ئەگەر بىز شۇ يولدا ئۆلتۈرۈلۈپ كەتسەك، ئىنشا ئاللاھ شاھادەت ماقامىغا نائىل بولىمىز.

بىزنىڭ بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ جانلىرى، يۈز ئابرويلىرى، مال دۇنياسىغا يەھۇدى ـ نەسارا، كاپىر ۋە مۇرتەدلەر كۈن بويى تاجاۋۇز قىلىۋاتىدۇ. بىز مۇسۇلمانلار جانلىرىمىزنى ، يۈز ئابرويلىرىمىزنى ، ۋە مال دۇنيالىرىمىزنى قوغداپ ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىشىمىز ناماز ئوقۇشقا ئوخشاشلا الله بۇيرىغان ۋاجىب ئىبادەتتۇر.

ئى ئىسلام ئەركەكلىرى! كاپىرلار ئىسلام ئۇممىتىنىڭ يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرىنى كېچە ـ كۈندۈز بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىۋاتىدۇ. بۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىمىز ۋاجىب. بۇ بۇيرۇقنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭلار!

ئى ئىسلام ئەركەكلىرى! كاپىرلار ئىسلام ئۇممىتىنىڭ يۈز ئابرويلىرىغا، جۈملىدىن ئىففەتلىك مۇسلىمە ھەمشىرلىرىمىزنىڭ يۈز ئابرويلىرىغا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تاجاۋۇز قىلىۋاتىدۇ. بۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىمىز ۋاجىب، بۇ بۇيرۇقنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭلار!

ئەينى دەۋردە رەسۇلۇللاھ ﷺ بەنى قەينۇ قائ يەھۇدىيلىرى بىر مۇسلىمە ئايالنىڭ ھىجابىنى ئېچىۋاتقاندا بارلىق بەنى قەينۇ قائ يەھۇدىيلىرىنى قوغلاپ چىقارغان ئىدى. بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە بىر ئەمەس بەلكى مىڭلاپ مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ھىجابى ئېچىلىۋاتىدۇ ۋە ئىففەت ـ نۇمۇسلىرى تۆكۈلىۋاتىدۇ. قېنى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە رەسۇلۇللاھ ﷺ قا ئەگەشكەن ئىسلام ئەركەكلىرى. مەن شۇ تاپتا شۇ دەرسلەرنى يېزىۋېتىپ قەلبلىرىم قاتتىق سىقىلىپ كەتتى ۋە بەكمۇ خىجىل بولۇۋاتىمەن.

ئى مېھرىبان الله بىزلەرنى كەچۈرگىن! بىزلەرنى كەچۈرگىن!!! بىزلەرگە كۈچ قۇۋۋەت ۋە شانۇ-شەۋكەتلەرنى ئاتا قىلىپ بەرگىن!

ئى مۇسلىمە ھەمشىرىلىرىم، بىزلەرنى كەچۈرۈڭلار! بىز سىلەرنى ۋە سىلەرنىڭ ئار-نومۇسلىرىڭلارنى ھىمايە قىلالمىدۇق! ۋە لېكىن الله دىن بىزلەرگە سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردىكى ئىمانى مەجبۇرىيەتلىرىمىزنى ئادا قىلىش شارائىتلىرىنى ھازىرلارپ بېرىشنى سورايمىز.

ئى ئىسلام ئەركەكلىرى! كاپىر ۋە مۇرتەدلەر بىزنىڭ جانلىرىمىزغا، مال-مۈلۈكلىرىمىزگە ۋە يۈز ئابرويلىرىمىزغا تاجاۋۋۇز قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بىز غەپلەت ئۇيقۇلىرىمىزنى ئېچىپ ئۇلارغا قارشى تۇرمىساق، بىرىنچىدىن الله نىڭ بۇيرۇقىنى تاشلاپ قويغان بولىمىز. ئىككىنچىدىن، ئىززىتىمىزنى يوقىتىپ قويىمىز.

ئى ئىسلام ئەركەكلىرى! كاپىرلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا قەتئى يول قويماڭلار! ئەگەر بىز بۇ يولدا ھاياتىمىزدىن ئايرىلساق شېھىد بولىمىز. ئەگەر ھايات قالساق رەببىمىزنى بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلغان ھالەتتە ھەقىقي بەختلىك ياشىغان بولىمىز.

مەن بۇ ھەقتە تەپسىلى توختالمىسامىمۇ بۇ كىتابنى تەپسىلى ئوقۇپ چىققان ھەر بىر قېرىنداشلىرىمىزغا ئىنشا ئاللاھ ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاندا جىھاد قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ۋاجىباتلاردىن ئىكەنلىكى ئايدىڭ بولىدۇ.

# 10ـ باب قاراقچىلار ۋە بۇلاڭچىلارغا ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

قاراقچىلار ۋە بۇلاڭچىلارغا ئۇرۇش قىلىش ۋە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە پەرزلىكىگە نەس ۋە ئىجمالار بىرلىككە كەلگەن بولۇپ الله تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا جَزَاء الَّذِينَ يُحَارِبُونَ اللّهَ وَرَسُولَهُ وَيَسْعَوْنَ فِي الأَرْضِ فَسَاداً أَن يُقَتَّلُواْ أَوْ يُصَلَّبُواْ أَوْ تُقَطَّعَ أَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُم مِّنْ خِلافٍ أَوْ يُنفَوْاْ مِنَ الأَرْضِ ذَلِكَ لَهُمْ خِزْيٌ فِي الدُّنْيَا وَلَهُمْ فِي الآخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴾المائدة33 ﴿الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك.﴾ (سۈرە مائىدە)

بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارغا قارشى چىققان، يوللارنى ئۈزۈۋېتىدىغان، ماللارنى ئېلىۋالىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرنى مۇباھ سانايدىغان ۋە زېمىندا بۇزۇقچىلىق بىلەن ماڭىدىغان كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولدى. بۇ ئىمام مالىك ، ئىمام شاپىئىي، ئىمام ئەبۇ سەۋر ۋە ئىمامھەنەفى رەھىمەھۇمۇللاھلارنىڭ سۆزىدۇر، الله تەئالا ئۇلارنىڭ جىنايىتىگە جازا ھۆكۈم قىلغان بولۇپ بۇ جازا ئۇلارنىڭ قىلغان جىنايىتى ئېتىبارى بىلەن خىلمۇ-خىل بولىدۇ.

قاراقچىلار ھەققىدە جۇغلانغان سۆزلەردە ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:[ سەھرالىق ئەرەبلەر، تۈركمەنلەر، كوردلار، دېھقانلار، پاسىق ئەسكەرلەر، شەھەر لۈكچەكلىرى ياكى ئۇلاردىن باشقا كىشىلەردىن يوللاردا ئىنسانلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ ماللىرىنى بۇلاش ئۈچۈن قورallıq توسۇۋالىدىغان بۇلاڭچى ۋە قاراقچىلارنىڭ جازاسى ھەققىدە الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ إِنَّمَا جَزَاء الَّذِينَ يُحَارِبُونَ اللّهَ وَرَسُولَهُ وَيَسْعَوْنَ فِي الأَرْضِ فَسَاداً أَن يُقَتَّلُواْ أَوْ يُصَلَّبُواْ أَوْ تُقَطَّعَ أَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُم مِّنْ خِلافٍ أَوْ يُنفَوْاْ مِنَ الأَرْضِ ذَلِكَ لَهُمْ خِزْيٌ فِي الدُّنْيَا وَلَهُمْ فِي الآخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴾المائدة33﴾

﴿الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ

(يەنى جازا) ئۇلار ئۇچۇن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ [33].﴾

شافىئىي رەھىمەھۇللاھ ئىبنى ئابباس ﷺ دىن بۇلاڭچىلار ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:[ بۇلاڭچىلار كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ماللىرىنى ئېلىۋالغان بولسا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىلىدۇ، ئەگەر ئۆلتۈرۈپ مالنى ئېلىۋالمىغان بولسا ئۆلتۈرىلىدۇ، لېكىن دارغا ئېسىلمايدۇ، مالنى ئېلىۋېلىپ ئۆلتۈرمىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ قوللىرى ۋە پۇتلىرى قارمۇ- قارشى ھالەتتە كېسىلىدۇ. ئەگەر يوللارغا تەھدىت سېلىپ، ماللارنى ئېلىۋالمىغان بولسا يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ] بۇ شافىئى، ئەھمەدرەھىمەھۇمۇللاھ قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ سۆزى بولۇپ ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ سۆزىمۇ بۇنىڭغا يېقىن كېلىدۇ.]

مۇسۇلمانلاردىن قاراقچىلار ۋە ئىسلام ئەھلىگە ئۇرۇش ئاچقۇچىلارغا قارشى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ شېھىد بولىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان كىشىنىڭ الله يولىدىكى مۇجاھىد ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ تىجارەتچىلەرنىڭ ماللىرىنى بۇلىۋالغان ئەرەبلەرگە، ماللارنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان قوشۇن ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:[ ئۇلار الله يولىدىكى مۇجاھىدلار بولۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قىساس، دىيەت ۋە كاپارەت كەلمەيدۇ.

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ قاراقچىلارغا ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ ماللىرى ۋە جانلىرىنى ھالال ساناپ زېمىندا بۇزۇقچىلىق تېرىيدىغانلار ھەققىدە؛ كىشىلەر ئۇلارغا بىر نەرسە بېرەمدۇ؟ ياكى ئۇلارغا ئۇرۇش قىلامدۇ ؟ ۋە ئۇلاردىن بىرەرسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەم مۇناپىقلىقتا نىسبەت بېرىلىدىغان كىشىلەردىن بولامدۇ؟ ۋە ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىگە گۇناھ بولامدۇ؟- دەپ سورالدى.

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق جاۋاب بەردى:[ مۇسۇلمانلار قاراقچىلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ دۇرۇسلىقىغا بىرلىككە كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ھەم ئىسپاتلانغان بولۇپ رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ:«من قتل دون ماله فهو شهيد». «كىمكى مال - مۈلكىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شېھىدتۇر.» شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىماملارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن قاراقچىلار بىگۇناھ كىشىنىڭ مېلىنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارغا ھېچ نەرسە بېرىشى ۋاجىب بولمايدۇ. بەلكى، ئۇلارنى ئاسانلىق بىلەن توسىيالىسا ئاسانلىق بىلەن توسايدۇ. ئەگەر ئۇلار چېكىنمىسە ئۇلارغا ئۇرۇش قىلىشى لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۆلتۈرۈلسە شېھىد بولىدۇ، ئەگەر ئۇلاردىن بىرەرسىنى مۇشۇ

يول ئۇستىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا ئۇنىڭ قېنى بىكاردۇر ۋە شۇنىڭدەك ئەگەر ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا ئۇرۇشۇش بىلەن بولسىمۇ ئۇلارنى توسىدۇ، لېكىن مالنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىش ۋاجىب ئەمەس بەلكى جائىزدۇر. ئەگەر مالنى بېرىپ ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولسا، ئۇرۇش قىلماستىن مالنى بېرىشى جائىزدۇر.]

ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن [خەلىپە قاراقچىلاردىن ئادەم ئۆلتۈرگەنلىرىنى جازالاش ئۈچۈن ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنى ھەرقانداق ھالەتتە ئەپۇ قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. مانا بۇلار ئىبنى مۇنزىر رەھىمەھۇللاھ زىكىر قىلغانلىرىدۇر.] ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۆلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرى ئۈچۈن لايىق بولمايدۇ. ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى ئارىسىدىكى ئاداۋەت ياكى جىدەل ـ ماجرا ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان خۇسۇسىي سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۆلگۈچىنىڭ ۋەلىيلىرى ئۈچۈن بولىدۇ. ئەگەر ئۆلتۈرۈشنى ياخشى كۆرسە ئۆلتۈرىدۇ، ئەگەر ئەفۇ قىلىشنى ياخشى كۆرسە ئەپۇ قىلىدۇ ۋە ئەگەر دىيەت ئېلىشنى ياخشى كۆرسە دىيەت ئالىدۇ، چۈنكى، ئۇنى شەخسىي غەرەز ئۈچۈن ئۆلتۈرگەن.

ئەمما، قاراقچىلار ئىنسانلارنىڭ ماللىرىنى ئېلىۋالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ زېمىنى ئوغرىنىڭ زېمىنىدىن ئېغىر بولغانلىقى ۋە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش الله نىڭ بەلگىلىگەن جازاسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئەمما قورال چىقىرىپ ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ۋە ماللارنى ئالماستىن قورالنى غىلاپقا سالغان بولسا ياكى قېچىپ كېتىپ، نەيزىلەرنى تاشلىغان بولسا ئۇلار پالىنىدۇ ۋە ئۇلارنى پالاش ھېچ بىر شەھەرگە ئورۇنلىشالمايدىغان ھالەتتە قوغلاش دېگەنلىكتۇر دېيىلدى، پالاش ئۇلارغا يېتەرلىك دېيىلدى ۋە پالاش، توختۇتۇش ياكى شۇنىڭ ئوخشاشلىرىدىن خەلىپە نېمىنى ياخشى دەپ قارىسا شۇ بولىدۇ دېيىلدى.

خۇلاسە: ئەگەر ئىسلامى دىيارلار بار ھالەتتە بىر ۋە ياكى بىر نەچچە كىشى قاراقچىلىق ياكى بۇلاڭچىلىق قىلىپ يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىقلارنى قىلسا، ئىمام ياكى ئىمامنىڭ نائىبى بۇلارنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن شەرئى ھەد ئىجرا قىلىدۇ.

ئەمما بۈگۈنكى دەۋرىدىكىگە ئوخشاش مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامى ھۆكۈمەت بولمىغان ھالەتتە بىر تۈركۈم قاراقچى ۋە بۇلاڭچى گۇرۇھلار مەيدانغا كەلگەن بولسا ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ.

ئەسكەرتىش:

1ـ يەھۇدى ـ نەسارا، كاپىر ۋە مۇرتەدلەرنىڭ زىيىنى ئېشىپ كەتكەن بۇگۈنكى دەۋرىمىزدە مۇسۇلمانلارغا قاراقچى ۋە بۇلاڭچىلارغا ئۇرۇش قىلىشتىن ئىلگىرى كاپىرلارغا ئاۋۋال ئۇرۇش قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ. قاراقچى گۇرۇھلار بولسا مال ـ مۈلۈكلەرگە تاجاۋۇز قىلغان بولسا، كاپىرلار ئەقىدىمىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ.

2ـ قاراقچى بۇلاڭچىلارنى ئۆلتۈرگەندە ياكى ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغاندا، ئىسلامى جامائەتلەرنىڭ ئەمىرلىرى ۋە ياكى ئەھلى ـ ئىلىملەرنىڭ ئىجازىتى بىلەن قىلىش كېرەك. ئىسلامى جامائەتلەر تېپىلمىغان ھالەتلەردە ئەھلى ـ ئىلىملەرنىڭ يول ـ يورۇقلىرىغا ئاساسەن ئىش بېرىش لازىم. چۈنكى، ئۇنداق بولمىغاندا، ئىنسانلار شەخسى ئۆچ ـ ئاداۋەتلىرىنى، بۇ قاراقچى ۋە ياكى بۇلاڭچى دېگەنگە ئوخشاش يالغان باھانىلار بىلەن ئېلىۋېلىشقا يول چىقىپ قالىدۇ. ئىنسانلار الله ئۆلتۈرۈشنى چەكلىگەن كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان ھالەتلەر تېپىلىپ قالىدۇ .

# 11 ـ باب مۇناپىقلار توغرىسىدا

**سوئال:** مۇناپىق دېگەن كىم؟

**جاۋاب:** مۇناپىق (يەنى زىندىق) دېگەن، «ئىسلامنى ئاشكارا قىلىپ كۇفرىنى مەخپىي قىلغان كىشىدۇر». (مەجمۇئۇل فەتىۋائىنىڭ 28 ـ توم 555 ـ بەت)

مۇناپىقلارنىڭ ئەسلىسى كۆپتۇر. ئەمما زاھىرى ئەھكاملاردا ئۇلار ئىسلام ئەھلىدىن دەپ نىسبەت بېرىلىدۇ.

مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتىنى الله قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئورۇنلاردا بايان قىلغان بولۇپ تۆۋەندە قىسقىچە دەلىللەرنى كەلتۈرۈشنى توغرا تاپتىم.

الله قۇرئان كەرىمنىڭ ئەۋۋىلىدە مۆمىنلارنىڭ سۈپىتىنى بەش ئايەت بىلەن بايان قىلدى، كاپىرلارنىڭ سۈپىتىنى ئىككى ئايەت بىلەن بايان قىلدى، مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتىنى بولسا ئون ئۈچ ئايەت بىلەن بايان قىلدى. مۇناپىقلار مەخپىي بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سۈپىتىنى ھەممىدىن كۆپ بايان قىلدى. الله ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

الله مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَقُولُ آمَنَّا بِاللهِ وَبِالْيَوْمِ الْآخِرِ وَمَا هُمْ بِمُؤْمِنِينَ (8) يُخَادِعُونَ اللهَ وَالَّذِينَ آمَنُوا وَمَا يَخْدَعُونَ إِلَّا أَنْفُسَهُمْ وَمَا يَشْعُرُونَ (9) فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ فَزَادَهُمُ اللهُ مَرَضًا وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ بِمَا كَانُوا يَكْذِبُونَ (10) وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ لَا تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ قَالُوا إِنَّمَا نَحْنُ مُصْلِحُونَ (11) أَلَا إِنَّهُمْ هُمُ الْمُفْسِدُونَ وَلَكِنْ لَا يَشْعُرُونَ (12) وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ آمِنُوا كَمَا آمَنَ النَّاسُ قَالُوا أَنُؤْمِنُ كَمَا آمَنَ السُّفَهَاءُ أَلَا إِنَّهُمْ هُمُ السُّفَهَاءُ وَلَكِنْ لَا يَعْلَمُونَ (13) وَإِذَا لَقُوا الَّذِينَ آمَنُوا قَالُوا آمَنَّا وَإِذَا خَلَوْا إِلَى شَيَاطِينِهِمْ قَالُوا إِنَّا مَعَكُمْ إِنَّمَا نَحْنُ مُسْتَهْزِئُونَ (14) اللهُ يَسْتَهْزِئُ بِهِمْ وَيَمُدُّهُمْ فِي طُغْيَانِهِمْ يَعْمَهُونَ (15) أُولَئِكَ الَّذِينَ اشْتَرَوُا الضَّلَالَةَ بِالْهُدَى فَمَا رَبِحَتْ تِجَارَتُهُمْ وَمَا كَانُوا مُهْتَدِينَ (16) مَثَلُهُمْ كَمَثَلِ الَّذِي اسْتَوْقَدَ نَارًا فَلَمَّا أَضَاءَتْ مَا حَوْلَهُ ذَهَبَ اللهُ بِنُورِهِمْ وَتَرَكَهُمْ فِي ظُلُمَاتٍ لَا يُبْصِرُونَ (17) صُمٌّ بُكْمٌ عُمْيٌ فَهُمْ لَا يَرْجِعُونَ (18) أَوْ كَصَيِّبٍ مِنَ السَّمَاءِ فِيهِ ظُلُمَاتٌ وَرَعْدٌ وَبَرْقٌ يَجْعَلُونَ أَصَابِعَهُمْ فِي آذَانِهِمْ مِنَ الصَّوَاعِقِ حَذَرَ الْمَوْتِ وَاللهُ مُحِيطٌ بِالْكَافِرِينَ (19) يَكَادُ الْبَرْقُ يَخْطَفُ أَبْصَارَهُمْ كُلَّمَا أَضَاءَ لَهُمْ مَشَوْا فِيهِ وَإِذَا أَظْلَمَ عَلَيْهِمْ قَامُوا وَلَوْ شَاءَ اللهُ لَذَهَبَ بِسَمْعِهِمْ وَأَبْصَارِهِمْ إِنَّ اللهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ (20)** ﴾

﴿كىشىلەر ئارىسىدا اللە قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ (يەنى ئاغزىدا ئىشەندۇق دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئىشەنمەيدۇ) [8]. ئۇلار اللە نى ۋە مۇئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ، ھەقىقەتتە ئۇلار تۇيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ [9]. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل (يەنى مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش) بار، اللە ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۈچەيتىۋەتتى؛ يالغان سۆزلىگەنلىكلىرى (يەنى يالغاندىن ئىماننى دەۋا قىلغانلىقلىرى ۋە اللە نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [10]. ئۇلارغا: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېيىلسە، «بىز ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەيدۇ [11]. بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردۇر، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ [12]. ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا): «ئىمان ئېيتقان كىشىلەردەك (يەنى ساھابىلەردەك چىن كۆڭلۈڭلار بىلەن) ئىمان ئېيتىڭلار» دېيىلسە، «بىز ئىمان ئېيتقان ئەخمەقلەرگە ئوخشاش ئىمان ئېيتامدۇق؟» دەيدۇ. بىلىڭلاركى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا ئەخمەقلەر، لېكىن (بۇنى) ئۇلار تۇيمايدۇ [13]. ئۇلار مۇئمىنلەر بىلەن ئۇچراشقىنىدا: «بىز ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشىدۇ، شاياتۇنلىرى (يەنى مۇناپىق كاتتىباشلىرى) بىلەن يالغۇز جايدا تېپىشقاندا بولسا «بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللىمىز، پەقەت (تىلىمىزنىڭ ئۇچىدىلا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ) مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىمىز» دەيدۇ [14]. مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن اللە ئۇلارنى جازالايدۇ، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا قويۇپ بېرىدۇكى، ئۇلار تېڭىرقىغان ھالدا يۈرۈشىدۇ [15]. ئەنە شۇلار ھىدايەتنى بېرىپ گۇمراھلىقنى ئالدى. شۇڭا سودىسى پايدا كەلتۈرمىدى، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچى بولمىدى [16]. ئۇلار گوياكى (كېچىدە ئىسسىنىش ۋە يورۇقلۇق ئېلىش ئۈچۈن) ئوت ياققان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى يورۇتقاندا، اللە ئۇلارنىڭ (ئوتىنىڭ) يورۇقىنى ئۆچۈرۈۋەتتى، ئۇلارنى (ئەتراپىدىكى ھېچ نەرسىنى) كۆرەلمەيدىغان قاراڭغۇلۇقتا قالدۇردى [17]. ئۇلار گاستۇر (يەنى گاس ئاڭلىمىغاندەك،

ياخشىلىقنى ئاڭلىمايدۇ)، گاچىدۇر (يەنى گاچا سۆزلىيەلمىگەندەك، ياخشى ئىشنى سۆزلىيەلمەيدۇ)، كوردۇر (يەنى كور بولۇپ قالغاندەك، توغرا يولنى كۆرمەيدۇ)، شۇڭا ئۇلار (گۇمراھلىقتىن) قايتمايدۇ [18]. ياكى ئۇلار زۇلمەتلىك، گۈلدۈرماملىق ۋە چاقماقلىق قاتتىق يامغۇردا قالغان، گويا چاقماق سوقۇۋېتىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، قۇلاقلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئېتىۋالغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. الله كاپىرلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [19]. چاقماق چاققاندا ئۇلار كۆز نۇرىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالىدۇ. ئۇلار چاقماق يورۇقىدا مېڭىۋالىدۇ؛ قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندا تۇرۇپ قالىدۇ، الله خالىسا ئىدى، ئۇلارنى ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن ئەلۋەتتە مەھرۇم قىلاتتى. الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر [20].﴾

الله يەنە قۇرئان كەرىمدە سۈرە مۇناپىقتا مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتىنى بىزلەرگە خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ.

**﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ تَعَالَوْا يَسْتَغْفِرْ لَكُمْ رَسُولُ الله لَوَّوْا رُءُوسَهُمْ وَرَأَيْتَهُمْ يَصُدُّونَ وَهُمْ مُسْتَكْبِرُونَ (5) سَوَاءٌ عَلَيْهِمْ أَسْتَغْفَرْتَ لَهُمْ أَمْ لَمْ تَسْتَغْفِرْ لَهُمْ لَنْ يَغْفِرَ الله لَهُمْ إِنَّ الله لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ (6) ﴾**

﴿مۇناپىقلار ئالدىڭغا كەلگەن چاغدا: «گۇۋاھلىق بېرىمىزكى سەن ھەقىقەتەن الله نىڭ پەيغەمبىرىدۇرسەن» دەيدۇ، ھەقىقەتەن الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى الله بىلىدۇ، الله گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر [1]. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان قەسەملىرىنى قالقان قىلىۋالدى، (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن (يەنى الله نىڭ دىنىدىن) توستى، ئۇلارنىڭ قىلمىشى نېمىدېگەن يامان! [2]. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار (ئېغىزلىرىدا) ئىشىنىپ، ئاندىن (دىللىرىدا) ئىنكار قىلدى، ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى (يەنى دىللىرىغا ھىدايەت يېتىپ بارالمايدۇ)، ئۇلار (ئىماننى) چۈشەنمەيدۇ [3]. ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، بەدەن قۇرۇلۇشى (سالاپەتلىكى) سېنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئەگەر ئۇلار سۆزلىسە، (سۆزىنىڭ پاساھەتلىكىدىن) سۆزىگە قۇلاق سالىسەن، (ئىلىمسىز،

ئەقىلسىز، پاراسەتسىزلىكتە) گويا ئۇلار تامغا يۆلەپ قويۇلغان (چىرىپ قالغان) ياغاچلاردۇر، ئۇلار (قورقۇنچتىن) ھەرقانداق ئاۋازنى ئۆزلىرىگە قارىتىلغان دەپ گۇمانلىنىدۇ، ئۇلار (ساڭا ۋە مۇئمىنلەرگە) دۈشمەندۇر، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىگىن، الله ئۇلارنى ھالاك قىلسۇن! ئۇلار قانداقمۇ (ھىدايەتتىن گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ! [4] ئۇلارغا ئۆزرە ئېيتىپ: «كېلىڭلار، رەسۇلۇللاھ سىلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ» دېيىلسە، (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) باشلىرىنى سىلكىيدۇ، ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلغان ھالدا (دەۋەت قىلىنغان نەرسىدىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرۈسەن [5]. ئۇلارغا (مەيلى) مەغپىرەت تەلەپ قىلغىن، (مەيلى) مەغپىرەت تەلەپ قىلمىغىن، بەرىبىر ئوخشاش، الله ئۇلارغا ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ، شۈبھىسىزكى پاسىق قەۋمنى الله ھىدايەت قىلمايدۇ [6].﴾

﴿فَمَا لَكُمْ فِي الْمُنَافِقِينَ فِئَتَيْنِ وَاللهُ أَرْكَسَهُمْ بِمَا كَسَبُوا أَتُرِيدُونَ أَنْ تَهْدُوا مَنْ أَضَلَّ اللهُ وَمَنْ يُضْلِلِ اللهُ فَلَنْ تَجِدَ لَهُ سَبِيلًا (88) وَدُّوا لَوْ تَكْفُرُونَ كَمَا كَفَرُوا فَتَكُونُونَ سَوَاءً فَلَا تَتَّخِذُوا مِنْهُمْ أَوْلِيَاءَ حَتَّى يُهَاجِرُوا فِي سَبِيلِ اللهِ فَإِنْ تَوَلَّوْا فَخُذُوهُمْ وَاقْتُلُوهُمْ حَيْثُ وَجَدْتُمُوهُمْ وَلَا تَتَّخِذُوا مِنْهُمْ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا (89) إِلاَّ الَّذِينَ يَصِلُونَ إِلَىَ قَوْمٍ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُم مِّيثَاقٌ أَوْ جَآؤُوكُمْ حَصِرَتْ صُدُورُهُمْ أَن يُقَاتِلُوكُمْ أَوْ يُقَاتِلُواْ قَوْمَهُمْ وَلَوْ شَاء اللهُ لَسَلَّطَهُمْ عَلَيْكُمْ فَلَقَاتَلُوكُمْ فَإِنِ اعْتَزَلُوكُمْ فَلَمْ يُقَاتِلُوكُمْ وَأَلْقَوْاْ إِلَيْكُمُ السَّلَمَ فَمَا جَعَلَ للهُ لَكُمْ عَلَيْهِمْ سَبِيلاً (90) ﴾

﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەر نېمىشقا مۇناپىقلار توغرىسىدا ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كېتىسىلەر؟ الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى كاپىرلار ھۆكمىدە قىلدى، الله ئازدۇرغان كىشىلەرنى سىلەر ھىدايەت قىلماقچى بولامسىلەر؟ كىمنىكى الله گۇمراھ قىلىدىكەن، سەن ئۇنىڭغا ھەرگىز توغرا يول تېپىپ بېرەلمەيسەن [88]. ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆزلىرىدەك كاپىر بولۇشۇڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇلار الله يولىدا ھىجرەت قىلمىغۇچە (يەنى ھىجرەت قىلىش ئارقىلىق ئىمانىنى ئىسپات قىلمىغۇچە) ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار، ئەگەر ئۇلار الله يولىدا ھىجرەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈسە،

ئۇلارنى قەيەردە تاپساڭلار شۇ يەردە تۇتۇپ ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلارنى دوستمۇ تۇتماڭلار، ياردەمچىمۇ قىلماڭلار [89]. پەقەت سىلەر بىلەن ئۆزلىرى ئارىسىدا ئەھدە بولغان بىر قەۋمگە سىغىنغانلار ياكى سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ياكى ئۆز قەۋمگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن يۈرەكلىرى سىقىلىپ (يەنى سىلەر تەرەپمۇ ئەمەس، ئۆز قەۋمى تەرەپمۇ ئەمەس بولۇپ) سىلەرگە كەلگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى مۇنداقلارنى ئۆلتۈرمەڭلار ۋە ئەسىر ئالماڭلار). ئەگەر الله خالىسا، ئۇلارنى سىلەرگە مۇسەللەت قىلاتتى، ئۇلار، ئەلۋەتتە، سىلەر بىلەن ئۇرۇشاتتى (يەنى الله ئۇلارنى كۈچلۈك قىلىپ سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەتلىك قىلاتتى)، ئەگەر ئۇلار سىلەردىن يىراق تۇرسا (يەنى سىلەرگە چېقىلمىسا)، سىلەر بىلەن ئۇرۇشمىسا ۋە سىلەرگە تەسلىم بولسا، الله سىلەرنىڭ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشىڭلارنى ھەرگىز رۇخسەت قىلمايدۇ [90].﴾ (سۈرە نىسا)

يەنە الله قۇرئان كەرىمدە بۇنىڭدىن باشقا كۆپ ئورۇنلاردا مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتىنى بىزلەرگە خەۋەر بەردى. مەن كىتابنى ئوقۇغۇچىلارغا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن مۇشۇ دەلىللەر بىلەن كۇپايە قىلدىم.

## مۇناپىقلارنىڭ ھۆكمى نىمە؟

مۇناپىقلارنىڭ ئەسلىسى بولسا كۇپرىدۇر. ئەمما دۇنيا ئەھكاملىرىدا ئۇلار ئىسلام ئەھلىدىن دەپ نىسبەت بېرىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئەسلىسى كاپىر ئىكەنلىكىگە الله نىڭ مۇنۇ ئايىتى دالالەت قىلىدۇ.

الله مۇنداق دەيدۇ:﴿ فَمَا لَكُمْ فِي الْمُنَافِقِينَ فِئَتَيْنِ وَاللهُ أَرْكَسَهُمْ بِمَا كَسَبُوا أَتُرِيدُونَ أَنْ تَهْدُوا مَنْ أَضَلَّ اللهُ وَمَنْ يُضْلِلِ اللهُ فَلَنْ تَجِدَ لَهُ سَبِيلًا (88) وَدُّوا لَوْ تَكْفُرُونَ كَمَا كَفَرُوا فَتَكُونُونَ سَوَاءً فَلَا تَتَّخِذُوا مِنْهُمْ أَوْلِيَاءَ حَتَّى يُهَاجِرُوا فِي سَبِيلِ اللهِ فَإِنْ تَوَلَّوْا فَخُذُوهُمْ وَاقْتُلُوهُمْ حَيْثُ وَجَدْتُمُوهُمْ وَلَا تَتَّخِذُوا مِنْهُمْ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا﴾

﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەر نېمىشقا مۇناپىقلار توغرىسىدا ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كېتىسىلەر؟ الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى كاپىرلار ھۆكمىدە قىلدى، الله ئازدۇرغان كىشىلەرنى سىلەر ھىدايەت قىلماقچى بولامسىلەر؟ كىمنىكى الله گۇمراھ قىلىدىكەن، سەن ئۇنىڭغا ھەرگىز توغرا يول تېپىپ بېرەلمەيسەن

[88]. ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆزلىرىدەك كاپىر بولۇشۇڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇلار الله يولىدا ھىجرەت قىلمىغۇچە (يەنى ھىجرەت قىلىش ئارقىلىق ئىمانىنى ئىسپات قىلمىغۇچە) ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار، ئەگەر ئۇلار الله يولىدا ھىجرەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇلارنى قەيەردە تاپساڭلار شۇ يەردە تۇتۇپ ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلارنى دوستمۇ تۇتماڭلار، ياردەمچىمۇ قىلماڭلار [89].﴾

يۇقارقى ئايەتتە الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى كاپىرلار ھۆكمىدە دەپ خەۋەر بەردى. شۇنىڭغا ئاساسەن بىز ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى مەخپى كاپىرلار دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ.

الله ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچى

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ [مۇناپىقلارنىڭ مۇناپىقلىقى ئاشكارا بولسا ئۆلتۈرۈلىدۇ] دېدى .(ئەسسارىمۇل مەسلۇلنىڭ 1 ـ توم 358 ـ بەت)

[ئەگەر مۇناپىق قولغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلىپ كەلسە تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر مۇناپىق قولغا چۈشكەندىن كېيىن تەۋبە قىلغانلىقىنى دەۋا قىلسا تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.] ئۇ ئىبنى قاسىم رەھىمەھۇللاھنىڭ، مالىكى مەزھەپ ئۆلىمالىرىدىن سۇھنۇن رەھىمەھۇللاھ ۋە مالىكى مەزھىپىنىڭ مەشھۇرلىرىنىڭ سۆزىدۇر.

شەيخۇل ئىسلام رەھىمەھۇللاھ مۇنداق تىلغا ئالدى: [زىندىق (يەنى مۇناپىق) قولىمىزغا چۈشكەندىن كېيىن گەرچە تەۋبە قىلغان بولسىمۇ ئۆلتۈرۈش ۋاجىب بولىدۇ.] بۇ فىقھى ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سۆزى.

ئىبنى قاسىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «زىندىق (يەنى مۇناپىق) دېگەن، ئىسلامنى ئاشكارا قىلىپ كۇفرىنى مەخپىي قىلغان كىشى بولۇپ، مۇناپىقلىقى ئاشكارا بولسا تەۋبە تەلەپ قىلىنماستىن ئۆلتۈرۈلىدۇ». (ئەتتەھرىر ۋەتتەنۋىرنىڭ 3 ـ 78 ـ بەت)

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: [الله تائالا بۇلاڭچىلارغا قادىر بولۇشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلىپ كەلسە، قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇلارغا قادىر بولۇپ بولغاندىن كېيىن تەۋبىنى دەۋا قىلسا، تەۋبىسىنىڭ مەنپەئەت بەرمەيدىغانلىقىنى يولغا قويدى. تىلى بىلەن ئىسلام ئۈچۈن مۇناپىقلىق قىلغانلارغا جەڭ قىلىش، بۇلاڭچىلارغا جەڭ قىلىشتىن مۇھىم. چۈنكى، بۇلاڭچىلارنىڭ پىتنىسى جانلار ۋە ماللارغا بولىدۇ. مۇناپىقنىڭ پىتنىسى بولسا، قەلب ۋە ئىمانغا بولىدۇ. بۇنىڭغا قادىر بولغاندىن كېيىن تەۋبىنى دەۋا قىلسا تەۋبىسى قوبۇل بولماسلىققا بەكرەك لايىق.] («ئىئلامۇل مۇۋەققىئىن» ناملىق كىتاب 3 ـ توم 130 ـ بەت)

مۇناپىق نىفاقنى ئاشكارا قىلمىسا ئازاپ (يەنى ئۆلتۈرۈش) تىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

﴿لَئِنْ لَمْ يَنْتَهِ الْمُنَافِقُونَ وَالَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ وَالْمُرْجِفُونَ فِي الْمَدِينَةِ لَنُغْرِيَنَّكَ بِهِمْ ثُمَّ لَا يُجَاوِرُونَكَ فِيهَا إِلَّا قَلِيلًا * مَلْعُونِينَ أَيْنَمَا ثُقِفُوا أُخِذُوا وَقُتِّلُوا تَقْتِيلًا سُنَّةَ اللهِ فِي الَّذِينَ خَلَوْا مِنْ قَبْلُ وَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّةِ اللهِ تَبْدِيلًا﴾

﴿ئەگەر مۇناپىقلار، (نىفاقتىن) دىللىرىدا كېسەل بارلار، مەدىنىدە يالغان خەۋەر تارقاتقۇچىلار (قىلمىشلىرىدىن) يانمىسا، (ئى مۇھەممەد) ئەلۋەتتە بىز سېنى ئۇلارغا مۇسەللەت قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار مەدىنىدە لەنەتكە ئۇچرىغان هالدا سەن بىلەن ئازغىنا ۋاقىت تۇرالايدۇ (يەنى ئۇلار مەدىنىدىن سۈرگۈن قىلىنىپ هەيدەپ چىقىرىلىدۇ، چىقىپ كېتىشكە تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن مەدىنىدە پەقەت ئازغىنا ۋاقىت تۇرالايدۇ). ئۇلار قەيەردە بايقالسا، شۇ يەردە تۇتۇلىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ [60ـ61]. بۇ (يەنى مۇناپىقلارغا الله نىڭ تۇتقان يولى) الله نىڭ ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە تۇتقان يولىدۇر، الله نىڭ تۇتقان يولىدا هېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن [62].﴾

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەتنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: [مۇناپىق نىپاقىنى ئاشكارا قىلمىسا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، ئەگەر نىپاقىنى ئاشكارا قىلسا ئۇلار قەيەردە بايقالسا، شۇ يەردە تۇتۇلىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ.] (ئەسسارىمۇل مەسلۇلنىڭ 353 ـ بەت)

## مۇناپىقلار هەققىدىكى خۇلاسە

مۇناپىقلار هەققىدە قۇرئان كەرىمدىكى دەلىللەر، ئالىملارنىڭ سۆزى، پەتىۋالىرى بىلەن مۇناپىقلار نىفاقنى ئاشكارە قىلسا ياكى ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقى بىلىنسە ئۇلار قەيەردە بايقالسا، شۇ يەردە تۇتۇلىدۇ. ئىككىلەنمەستىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەگەر مۇناپىق نىپاقىنى ئاشكارە قىلمىسا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ.

ئەمما، مۇناپىقلارنى ئۆلتۈرۈشتە ئىختىلاپ كۆپىيىدىغان هالەتلەر بولۇپ قالسا، شەرئى سىياسەتكە ئاساسەن، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش كېچىكتۈرىلىدۇ.

حَدَّثَنَا عَمْرُو بنُ دِينارٍ أَنَّهُ سَمِعَ جابِراً رضي الله تعالى عنهُ يَقُولُ غَزَوْنَا مَعَ النَّبِيِّ ﷺ وقَدْ ثابَ معَهُ ناسٌ مِنَ المهَاجِرِينَ حتَّى كَثُرُوا وكانَ مِنَ المهَاجِرِينَ رَجُلٌ لعَّابٌ فَكَسَعَ أنْصَارِيّاً فغَضِبَ الأنْصَارِيُّ غضَباً شَدِيداً حتَّى تدَاعَوْا

وقالَ الأنْصَارِيُّ يا لَلأَنْصَارِ وقال الْمُهَاجِرِيُّ يا لَلْمُهَاجِرِينَ فخَرَجَ النَّبِيُّ ﷺ فقال فَما بالُ دَعْوَى أهْلِ الجَاهِلِيَّةِ ثُمَّ قال ما شَأْنُهُمْ فَأُخْبِرَ بِكَسْعَةِ الْمُهَاجِرِيِّ الأنْصَارِيِّ قال فقال النَّبِيُّ ﷺ دَعُوهَا فإنَّهَا خَبِيثَةٌ وقال عَبْدُ الله بنُ أُبَيٍّ بنُ سَلُولَ أقَدْ تدَاعَوْا علَيْنَا **(لَئِنْ رَجَعْنَا إلَى المَدِينَةِ لَيُخْرِجَنَّ الأعَزُّ مِنْهَا الأذَلَّ)** فقال عُمَرُ ألاَ نَقْتُلُ يا رسُولَ الله هَذَا الخَبِيثَ لِعَبْدِ الله فقال النَّبِيُّ ﷺ لاَ يَتَحَدَّثُ النَّاسُ أنَّهُ كانَ يَقْتُلُ أصْحَابَهُ.

7272 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە غازاتقا چىقتۇق. بۇ غازاتقا چىققان مۇھاجىرلارنىڭ سانى بەكمۇ كۆپ ئىدى. بىر چاقچاقچى مۇھاجىر بىر ئەنسارىنىڭ قوڭىغا بىرنى تېپىپ قويۇۋىدى، ئەنسارى بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەبلەندى. ئاخىرى ئىش يوغىناپ، ئەنسارى: ئەي ئەنسارىلار! قېنى سىلەر؟ ـ دەپ ۋارقىراپ قەۋمىنى ياردەمگە چاقىردى. مۇھاجىرمۇ:ــ ئەي مۇھاجىرلار! ـ دەپ ۋارقىراپ قەۋمىنى ياردەمگە چاقىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ:ــ جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ بۇ چاقىرىقى يەنە قانداق پەيدا بولدى؟! ـ دەپ جېدەلنى باستى. ئاندىن ئۇلارغا نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپ، مۇھاجىرنىڭ ئەنسارىنى تەپكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى ـ دە:ــ جاھىلىيەتنىڭ ئادەتلىرىنى چۆرۈپ تاشلاڭلار. چۈنكى ئۇ نىجىستۇر، ـ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل:ــ ئۇلار تېخى ئادەم چاقىرىپ بىزگە قارشى چىقامدۇ؟ مەدىنىگە قايتىپ بارغاندا، ئەزىز كىشى خار كىشىنى مەدىنىدىن چوقۇم قوغلاپ چىقىرىدۇ، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ نىجىسنى ئۆلتۈرۋەتمەيلىمۇ؟ ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ «:ــ ياق! ئۇنداق قىلساڭ، خەقنىڭ ئارىسىدا: "مۇھەممەد ساھابىلىرىنى ئۆلتۈرىدىكەن" دېگەن سۆز ـ چۆچەك تارقىلىدۇ،» ـ دېدى. (بۇخارى)

دېمەك، مۇناپىقلارنى ئۆلتۈرۈشتە شەرئى سىياسەتكە بەكمۇ رىئايە قىلىنىدۇ.

# 12 ـ باب باغىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدا

باغىي دېگەن كىم؟

شەيخ ئەبۇ يەھيا رەھمەھۇللاھ [ئادىل ئەمىرلەرگە تەئۋىللەر بىلەن قارشى چىققۇچى كىشىلەر باغىي دېيىلىدۇ] دەيدۇ.

ئادىل دېگىنىمىز: تۆھمەتتىن يىراق بولغان ئادەم ۋە شەئەتتىن چەتنىمىگەن كىشلەرنى كۆرسىتىدۇ.

باغىيلار مۇسۇلمانلارنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ.

باغىيلارنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە

1 ـ بىر نەچچە كىشىلەر مۇسۇلمانلار جامائىتى ئەمىرىنىڭ ئىتائىتىدىن ئەمىردە خاتالىقلار بار دېگەنگە ئوخشاش تەئۋىللەر بىلەن چىقىدۇ. ئەمما ئۇلارغا ئىمامنىڭ كۈچ قۇۋۋىتى يېتىدۇ، يەنى ئۇلاردىن ئىنسانلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ئېلىپ بېرەلەيدۇ ۋە ئۇلارغا شەرىئەت ئەھكاملىرىنى يۈرگۈزەلەيدۇ. بۇ خىل ھالەتتە ئىمام ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى قەتئىي جائىز ئەمەس.

2ـ بىر نەچچە كىشىلەر مۇسۇلمانلار جامائىتى ئەمىرىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىدۇ ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا ھەم ئەمىرنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىشقا دەۋەت قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار ئىمامغا قوراللىق قارشى چىقمايدۇ. بۇ خىل ھالەتتە ھەم ئىمامنىڭ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى قەتئىي جائىز ئەمەس . لېكىن ئۇلارنى جازالاش يۈزىسىدىن ئۇلارغا تەزىر جازالىرىنى بەرسە ۋە ياكى ئۇلارنى تۈرمىلارغا تاشلاپ قويسا بولىدۇ.

3ـ بىر تۈركۈم كىشىلەر مۇسۇلمانلار جامائىتى ئەمىرىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىدۇ ۋە ئۆز ئالدىغا ئەمىرلەرنى تەيىنلەيدۇ. ئەمما ئىمامغا قارشى ئۇرۇش قىلمايدۇ. بۇ خىل ھالەتتە ھەم ئىمامنىڭ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى جائىز ئەمەس .

يۇقارقى ھالەتلەردە ئىمام ئۇلارغا ئەھلى ئىلىملەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ھەقنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىشى ۋە داۋا قىلغان شۈبھىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشى لازىم.

ئەھلى ئىلىملەر ھەم، ئۇلارنىڭ ئىمامغا قارشى چىقىشىدىكى مەقسەتلىرىنى ئىزدىنىپ چىقىشى لازىم. ئەگەر ئىمام ئۇلارغا زۇلۇم قىلىپ قويغان بولسا ئىمامغا نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق

ئوتتۇرنى ئىسلاھ قىلىپ قويىشى لازىم. ئەگەر ئۇلار توغرا بولمىغان داۋالار بىلەن مۇسۇلمانلار جامائىتىنى بۆلەشكە ئۇرۇنغان بولسا ئۇلارغا قاتتىق نەسىھەت قىلىشى كېرەك

4- بىر تۈركۈم كىشىلەر ئادىل ۋە ھەق بولغان مۇسۇلمانلار جامائىتى ئەمىرىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىدۇ، ئەمىرنى ئالماشتۇرۇش كېرەك،- دەيدۇ، ئۆز ئالدىغا ئەمىرلەرنى تەيىنلەيدۇ، ۋە ئىمامغا قوراللىق قارشى چىقىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولسا ياكى ئۇلاردا كۈچ قۇۋۋەت بولمىسا ئىمام ئۇلارغا ئۇرۇش قىلىش يولىنى تاللىماستىن بەلكى ئۇلارنىڭ زىيىنىنى توختىتىدىغان يوللارنى ئىزدىنىپ دەرھال ئۇلارنىڭ يامانلىقىنى توختىتىش كېرەك. (ئۇستاز ئەبۇ يەھيانىڭ سۈرە ھۇجراتنىڭ تەپسىرىدىن ئېلىندى)

ئەمما ئۇلاردا كۈچ قۇۋۋەت بولسا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلسا، ئىمام ئۇلارغا ئالدى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزماسلىق ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش توغرىسىدا دەۋەت قىلىشى ۋە ئۇلارغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەھلى ئىلىملەرنى ئەۋەتىشى لازىم.

ئەگەر ئۇلار باغىيلىقنى توختاتمىسا دەۋەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يامانلىقىنى توختىتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى كېرەك. چۈنكى، بۇ تۈردىكى كىشىلەرگە الله بىزلەرنى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَإِنْ طَائِفَتَانِ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ اقْتَتَلُوا فَأَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا فَإِنْ بَغَتْ إِحْدَاهُمَا عَلَى الْأُخْرَى فَقَاتِلُوا الَّتِي تَبْغِي حَتَّى تَفِيءَ إِلَى أَمْرِ اللَّهِ فَإِنْ فَاءَتْ فَأَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا بِالْعَدْلِ وَأَقْسِطُوا إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ (9)﴾ ﴿ئەگەر مۆئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى الله نىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزىنى توختاتقانغا قەدەر) ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار (الله نىڭ ئەمرىگە) قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى (ھېچبىر تەرەپكە يان باسماستىن) ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار، (ھەممە ئىشتا) ئادىل بولۇڭلار، الله ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ﴾ (سۈرى ھۇجرات 9- ئايەت)

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ دەلىلى-ئۇرۇشۇپ قالغان ئىككى تائىپىنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا ماڭالايدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىسلاھ قىلىشنى پەرز قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككى تائىپە

سۈلھىگە قوشۇلسا سۈلھى قىلىش ياخشىدۇر، ئەگەر سۈلھى قىلىشقا خىزمەت ئىشلىگەندىن كېيىن ئىككىسىنىڭ بىرى خىلاپلىق قىلىپ يەنە بىرىگە تاجاۋۇز قىلغان بولسا، مۇسۇلمانلار جامائىتىگە تاجاۋۇزچى تائىپە ئادالەت ۋە ھەقىقەتكە قايتقانغا قەدەر ئۇرۇش قىلىش پەرز بولىدۇ. بۇ ھۆكۈمگە ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنىڭ جۇمھۇرلىرى بارغان بولۇپ ئۇ جۇمھۇر ئالىملارنىڭ مەزھىبىدۇر.

ئەبۇ بەكرى جەسساس رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەتنىڭ تەفسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ئايەتنىڭ زاھىرى باغىيلارغا باشقا ئۇرۇشلاردىكى ئومۇمىي ھۆكۈم بولغان الله نىڭ ئەمرىگە كەلگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەگەر باغىيلار تاياق، توخماقلار بىلەن ئۇرۇش ئارقىلىق ھەقكە كەلسە ئۇنىڭدىن باشقىسى بىلەن ئۇرۇلمايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن ھەقكە كەلمىسە ئايەتنىڭ زاھىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىگە ئاساسەن قىلىچ بىلەن ئۇرۇش قىلىنىدۇ، باغىيلار ۋە ھەقكە قايتمىغانلارغا قارشى ئۇرۇشتا قورالسىز تاياق، توخماقلار بىلەنلا ئۇرۇشقا بولدى قىلىش، ھېچ بىر ئادەمگە دۇرۇس بولمايدۇ، چۈنكى بۇ ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشنىڭ بىر تۈرىدۇر.

« عَنْ عَرْفَجَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ مَنْ أَتَاكُمْ وَأَمْرُكُمْ جَمِيعٌ عَلَى رَجُلٍ وَاحِدٍ يُرِيدُ أَنْ يَشُقَّ عَصَاكُمْ أَوْ يُفَرِّقَ جَمَاعَتَكُمْ فَاقْتُلُوهُ»

ئەرفەجە ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «سىلەرنىڭ ئىشىڭلار بىر ئادەمگە جەملىنىپ بولغاندىن كېيىن، كىمكى سىلەرنىڭ بىرلىكىڭلارنى بۇزماقچى ياكى جامائىتىڭلارنى بۆلمەكچى بولىدىكەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. (مۇسلىم رىۋايىتى)

عَنْ أُسَامَةَ بْنِ شَرِيكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ « أَيُّمَا رَجُلٍ خَرَجَ يُفَرِّقُ بَيْنَ أُمَّتِي فَاضْرِبُوا عُنُقَهُ »

ئۇسامەتەبنى شەرىيك ﷺ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «قانداق بىر كىشى ئۇممىتىمنىڭ ئارىسىنى تەپرىقچىلىك سېلىپ ئايرىۋېتىش ئۈچۈن بەيئەت تەلەپ قىلىپ چىقسا، ئۇنىڭ بوينىغا قىلىچ بىلەن ئۇرۇپ كاللىسىنى ئېلىڭلار!». (نەسائىي رىۋايىتى)

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:[ زىمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىشى توختىمىغان ئادەم پەقەتلا ئۆلتۈرۈش بىلەن توختىسا ئۆلتۈرىلىدۇ. مەسىلەن مۇسۇلمانلار جامائىتىنى بۆلگۈچى ۋە دىندا بىدئەت پەيدا قىلغۇچى قاتارلىقلار.]

ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار! باغىيلار بىلەن بولغان ئۇرۇش تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل ھالەتتە كاپىرلار بىلەن بولغان ئۇرۇشقا ئوخشىمايدۇ.

1ـ ئەسلى كاپىرلار بىلەن بولغان ئۇرۇش ئۇلارنى ئىسلامغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن قىلىنىدۇ. ئەمما باغىيلار بىلەن بولغان ئۇرۇش، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى توختىتىش ئۈچۈن قىلىنىدۇ.

2ـ كاپىرلارنى بىزلەرگە ھۇجۇم قىلغان ھالەتلىرىدە ۋە قاچقان ھالەتلىرىدە ھەم ئۆلتۈرىمىز، ئەمما باغىيلار بىز بىلەن ئۇرۇش قىلىسا ئۇلارنىڭ يامانلىقىنى توختىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىمىز. ئەگەر قېچىپ كەتسە كەينىدىن قوغلاپ ئۆلتۈرۈلمەيدۇ.

3ـ كاپىرلارنىڭ ئەسىرلىرى ئۆلتۈرۈلىدۇ ئەمما باغىيلارنىڭ ئەسىرلىرى ئۆلتۈرۈلمەيدۇ.

4ـ كاپىرلارنىڭ جاراھەتلەنگەنلىرى ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئەمما باغىيلارنىڭ زەخىملىرى ئۆلتۈرۈلمەيدۇ.

5ـ كاپىرلارنىڭ ئايال بالىلىرى قۇل قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما باغىيلارنىڭ ئايال بالىلىرىنى قۇل قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى باغىيلار مۇسۇلمان، ئۇلارنىڭ ئايال بالىلىرىمۇ مۇسۇلمانلاردۇر. مۇسۇلمانلارنى قۇل قىلىش قەتئىي جائىز ئەمەس.

6ـ كاپىرلارنىڭ مال مۈلۈكلىرى غەنىمەت ئېلىنىدۇ. ئەمما باغىيلارنىڭ مال مۈلۈكلىرى غەنىمەت ئېلىنمايدۇ.

دىمەك، باغىيلار بىلەن بولغان ئۇرۇش ئەھكاملىرى كاپىرلار بىلەن بولغان ئۇرۇش ئەھكاملىرىغا ئوخشىمايدۇ.

ئەگەر ئىمام باغىيلارغا دەۋەت ئېلىپ بارماستىن ئۇرۇش قىلغان بولسا، بۇ ئۇرۇش پىتنە ئۇرۇشى ھېسابلىنىدۇ ۋە بۇ ئۇرۇشقا قاتنىششقا قەتئىي بولمايدۇ.

ئەگەر ئىمام باغىيلارغا دەۋەت قىلىپ بولغاندىن كىيىن ۋە ئالىملار ئوتتۇرىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئۇرۇنغاندىن كىيىن يەنە ئۇلار مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلسا ئۇلارنىڭ يامانلىقى پەقەت ئۇرۇش بىلەن توختايدىغان بولسا ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكىگە ئوخشاش جامائەتلەر كۆپ بولۇپ كەتكەن ۋاقىتتا، ھەر بىر جامائەت ئۆز ئالدىغا پەتىۋا چىقىرىپ، پالانى ماڭا باغىي بولدى ۋە ياكى ئاۋۇلار ماڭا قارشى چىقتى دەپلا ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بولمايدۇ. باغىيلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ئالىملارنىڭ پەتىۋالىرىغا بەكمۇ رىئايە قىلىش كېرەك.

ئىسلامى جامائەتكە قارشى چىققانلارنىڭ ھەممىسىنى باغىي دەپ ئاتىساق بولىدۇ، دەپ قارىماسلىق كېرەك. چۈنكى ئىنسالار، باغىي دېگەندە، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان كىشىلەر دەپ چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمدە خاتالىشىش سادىر بولۇپ قېلىشى مومكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن يۇقاردا بايان قىلىنغان ئادىل ئىمامغا قارشى چىققۇچى كىشىلەرنىڭ تۆت خىل تۈرىنىڭ ھەممىسىنى باغىي دەپ ئاتىساق بولىدۇ دەپ قارىماسلىقنى، بەلكى 4- ھالىتىنىلا باغي دەپ ئاتاشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئەسكەرتىش: مۇتەغەللىب (كۈچ بىلەن غەلبە قىلغان) ئەمىرلەرگە قارشى چىققانلارنى ھەم باغىي دېيىلمەيدۇ.

ﷲ مۇسۇلمانلارنىڭ سەپلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بەرسۇن!

جىھاد الله قا ئىمان ئېيتقان رەھمان تەبارەك ۋەتەئالانىڭ قوشۇنلىرى بىلەن الله قا ئىمان كەلتۈرمىگەن كاپىرلار قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەقىدە ئۇرۇشىدۇر. شۇڭلاشقا جىھاد پەقەت ئادەم ئۆلتۈرىدىغانلا ئۇرۇش بولماستىن بەلكى، الله نىڭ شەرىئىتىنىڭ ئىجرا بولىشىغا توسالغۇ بولغان كۈچلەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇشتۇر. الله بۇ ئىبادەتكە ئەھكاملارنى بەلگىلەپ بەرگەن. بىز بۇ ئىبادەتنى الله كۆرسەتكەن رەۋىشتە قىلىشىمىز ئۈچۈن بۇنىڭ شەرئىي دەلىللىرىنى بىلىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

مەزكۇر كىتاپتىن ئېلىندى